«جۇڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى»دىكى نەشرىي ئەپكار

入选《中国期刊方阵》的刊物

«شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن نەشرىي ئەپكار

荣获《新疆期刊奖》的刊物



2
2009

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

# 新疆文化

ISSN 1008-6498
03>
9 771008 649003

•XINJIANG CIVILIZATION•СИНЬЦЗЯНСКАЯ КУЛЬТУРА•シンキョウ ブンカ•مجلة حضارة شنجيانغ•

كىتاب نۇر بىكتىپى
uyghurkitap.com



يازغۇچى، ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىدا ئىلمىي فانتازىيە ژانىرى
بويىچە يول ئاچقۇچى، ئۇستاز مۇھەررىر سۇلتان ھاشىم ئەپەندى

●شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىباپلىق، ئوقۇشچانلىق●

# بۇ ساندا


**مەخسۇس خەۋەر**

مەدەنىيەت خىزمىتىگە ئىقتىسادىي خىزمەتكە ئوخشاش ئەھمىيەت بېرىش كېرەك ........ زۇنۇن باقى 2

**روھ سەپىرىدە**

مۇكەممەللىك شەرتلىرى ............... ھاجى ئابدۇلئەزىز ئەلى ئارقان 4

**«ياخشى نىيەت ـــ يېرىم دۆلەت»**

ھالاللىق ـــ مۇۋەپپەقىيەتنىڭ يولخېتى ............ئا. ئابدۇرەشىد بەرقىي 13

**«ياخشىلاردىن ئات قالۇر، يامانلاردىن داد»**

ھېلىقى باشلىق ماشىنىسىدا بولسىلا ............ ئابدۇرەھمان ئەزىز ئوغلى 15

**«ئۆزىنى تونۇش»تىن ئۆرنەك**

جۇڭگولۇقلاردا نېمە كەم .................. جۇگوپىڭ 18

يوقنىڭ گېپى بولدى، ئېپى بولمىدى ............ئابدۇقادىر جاالالىدىن 28

**سەھرا سۈرەتلىرى**

سەھرادىكى ھېكايە.........(ھېكايە).......ئابدۇرەھمان ئەزىز ئوغلى 34

بوۋاينىڭ پاقلىنى ............(« «)..........بۈۋسارەم يۈسۈپ 43

دۆڭكۈۋرۈكتىكى پاراڭلار.........(« «)...........ئابدۇلئەزىز ئىسمائىل 46

**تەپەككۇر كۆزى**

تەپەككۇر مېۋىلىرى........... ئابدۇغەنى توختى توغرۇل قاتارلىقلار 49

ئەلنىڭ كۆزى ئەللىك.......... دەلىللىگۈچى: ئا. توغرۇل 65

**ئانىلاردىن سۆز**

بىز قالدۇرىدىغان ئېسىل مىراس............. مۇنەۋۋەر نىزامىددىن 67

**سەنئەت ۋە تېلېۋىزىيە**

تېلېۋىزىيە سەنئىتى ھەققىدە يېڭى ئېيتىلغان كونا گەپلەر .........زەمىرە مىجىت 69

**«يامانىنىڭ توقمىقى ياندا»**

ئاخىرقى لۈكچەك............ (ھېكايە)..............ت. ئى. تايماس 72

**«ئاقىلغا ئىشارەت، نادانغا جۇۋالدۇرۇز»**

ئەقىل ئۆتەڭلىرىدە.............گۈيەمنىسا بەختى قاتارلىقلار 76


مۇقاۋىنىڭ 1ـ بېتىدە: يۈز ئېچىش (ماي بوياق رەسىم)  رەسسام: ئابدۇشۈكۈر كېرەم كۆك

بۇ سانىنىڭ ئىجرائىيە مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخنىكا رېداكتورى: قۇربان مامۇت


# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

( 58ـ يىل نەشرى )

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال
2009ـ يىل 2ـ سان
( ئومۇمىي 296ـ سان )

باش مۇھەررىر:
**زۇنۇن باقى ( قوشۇمچە )**
( ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى ئىشخانىسىنىڭ باشقارما دەرىجىلىك مەمۇرى )

دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل ئىجرائىيە مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**قۇربان مامۇت**
( ئالىي مۇھەررىر )

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**رىسالەت مۇھەممەت**
( كاندىدات ئالىي مۇھەررىر )

تەكلىپلىك مۇھەررىر ۋە گۈزەل سەنئەت لايىھىلىگۈچى:
**نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن**
( ئەدەبىيات ماگىستىر ئاسپىرانتى )

**مەخسۇس خەۋەر**



# مەدەنىيەت خىزمىتىگە ئىقتىسادىي خىزمەتكە ئوخشاش ئەھمىيەت بېرىش كېرەك

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە مەدەنىيەت خىزمىتى يىغىنى 2009 ـ يىل 25 ـ فېۋرال ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى لى يى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى تىلىۋالدى ئابدۇرىشىت يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىندا لى يى: بۇلتۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتى ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، ياخشى تەرەققىيات ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقىغا پائال تۆھپە قوشتى، دېدى. ئۇ: شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرى تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، ئەدىيىنى يەنىمۇ بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تونۇشىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈپ، مەدەنىيەت خىزمىتىگە ئىقتىسادىي خىزمەتكە ئەھمىيەت بەرگەنگە ئوخشاش ئەھمىيەت بېرىپ، مەدەنىيەت يۇمشاق ئەمەلىي كۈچىنى زورايتىشقا ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچىنى زورايتىشقا ئەھمىيەت بەرگەنگە ئوخشاشلا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك، دەپ كۆرسەتتى. لى يى يەنە: ئاپتونوم رايونىمىز مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ـ ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ جىددىي ئېھتىياجى، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ جىددىي ئېھتىياجى، ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئاساسىي مەدەنىيەت ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈشنىڭ جىددىي ئېھتىياجى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ، ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىنى پۇختا ئىگىلەپ، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ

تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى تىلىۋالدى ئابدۇرېشىت يىغىندا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىدا زور تەرەققىيات ۋە گۈللىنىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا، خەۋپ ئېڭى، ئومۇمىيلىق ئېڭى، تەرەققىيات ئېڭى، ئىسلاھات ۋە يېڭىلىق يارىتىش ئېڭىنى كۈچەيتىپ، مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ھەرخىل مۇناسىۋەتنى توغرا ۋە ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، سەھنە سەنئىتىدە نادىر ئەسەرلەرنى پائال ئىجاد قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، جامائەت مەدەنىيەت مۇلازىمەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشنى تېزلىتىش، مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ مەدەنىيەت بىخەتەرلىكىنى قوغداش، غەيرىي ماددى مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشنى كۈچەيتىش، مەدەنىيەت-سەنئەتنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز مەدەنىيەت-سەنئىتىنىڭ خەلقئارادىكى تەسىرىنى كېڭەيتىش، يۇقىرى ساپالىق مەدەنىيەت-سەنئەت قوشۇنىنى بەرپا قىلىش، مەدەنىيەت كەسىپلىرى تەرەققىياتىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

يىغىندا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى ئابلىز ئابدۇرېھىم مەملىكەت بويىچە ئېچىلغان مەدەنىيەت نازارەت-ئىدارە باشلىقلىرى 2009-يىللىق يىغىنىنىڭ ئاساسلىق روھىنى يەتكۈزگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بۇلتۇرقى مەدەنىيەت خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك خۇلاسىلىدى ۋە بۇ يىللىق مەدەنىيەت خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى. بۇنىڭدا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 2009-يىلدىكى مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ تۈرلۈك ۋەزىپىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇنداپ، مەدەنىيەت ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، ئاساسلىقى جامائەت مەدەنىيەت مۇلازىمىتى سىستېمىسى ۋە ئىقتىدارى قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىش؛ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىنى تەبرىكلەشنى مۇھىم پۇرسەت قىلىپ، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرۈش؛ مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى ۋە مېخانىزمى ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىكى زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا يېڭى ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرۈش؛ مەدەنىيەت ئىشلىرى بىلەن مەدەنىيەت كەسىپلىرىنى تەڭ تۇتۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىدە ئومۇمىيۈزلۈك ماس، سىجىل تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ چەت ئەللەر بىلەن بولغان مەدەنىيەت-سەنئەت ئالاقىسىنىڭ قاپلىنىش دائىرىسى ۋە تەسىرىنى كېڭەيتىش؛ مەدەنىيەت-سەنئەت قوشۇنىنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي ساپاسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈش قاتارلىق خىزمەتلەرنى چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلەپ، مەدەنىيەتنىڭ زور تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى خەن زىيۇڭ يىغىن ئاخىرىدا سۆز قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت تارماقلىرىدىكى مەسئۇللاردىن ئىستراتېگىيىلىك تەپەككۇر ۋە ئومۇمىيلىق ئېڭىنى تۇرغۇزۇپ، خىزمەتلەرنى ئەمەلىي ھەم ياخشى ئىشلەشنى تەلەپ قىلدى. مەدەنىيەت-سەنئەتتىكى مەزمۇن بىلەن ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىبارەت ئىككى بىخەتەرلىكنى ياخشى ئىگىلەپ ۋە ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىپ، مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى ۋە مېخانىزمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، جامائەت مەدەنىيەت مۇلازىمەت سىستېمىسىنى زورايتىپ، مەدەنىيەت-سەنئەتكە دائىر ئىقتىساد مەسىلىلىرىگە يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ھەردەرىجىلىك رەھبەرلىك كوللېكتىپى، مەدەنىيەت قوشۇنى ۋە ئىختىساسلىقلار قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، مەدەنىيەت-سەنئەتتە يېڭىلىق يارىتىشنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، يېڭى ۋەزىيەتتە تۈرلۈك مەدەنىيەت خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەپ، مەدەنىيەت-سەنئەتنىڭ تەرەققىياتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

يىغىندا، ئالتاي ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت-تەنتەربىيە ئىدارىسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت-تەنتەربىيە ئىدارىسى قاتارلىق ئون ئورۇن 2008-يىلدىكى 100كۈنلۈك مەيدان مەدەنىيەت پائالىيىتى مۇسابىقىسى بويىچە تەشكىللەش مۇكاپاتىغا، كورلا شەھىرى، تولى ناھىيىسى قاتارلىق 44ناھىيە (شەھەر، رايون) 2008-يىلدىكى 100كۈنلۈك مەيدان مەدەنىيەت پائالىيىتى مۇسابىقىسى بويىچە ئىلغار ناھىيە(شەھەر، رايون) دېگەن نامغا ئېرىشتى؛ بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق مەدەنىيەت بازارلىرىنى تەكشۈرۈش چوڭ ئەترىتى، كۈنەس ناھىيىلىك مەدەنىيەت بازارلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى قاتارلىق ئون ئورۇن مەدەنىيەت بازارلىرىدا قانۇن ئىجرا قىلىش بويىچە ئىلغار ئورۇن، مېڭ شيەنجۈن، ئابدۇكېرەم قاتارلىق 15 نەپەر خادىم مەدەنىيەت بازارلىرىدا قانۇن ئىجرا قىلىشتىكى ئىلغار شەخس بولۇپ تەقدىرلەندى.

يىغىندا يەنە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دۆلەت دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ تىپىك ۋارىسلىرىدىن ئوسمان ئەمەت، يۈسۈپ ماماي قاتارلىق 24 نەپەر كىشى 8000 يۈەندىن مۇكاپاتلاندى.

— زۇنۇن باقى (M2)



# مۇكەممەللىك شەرتلىرى

## هاجى ئابدۇلئەزىز ئەلى ئارقان

«جاپالىق باشلىنىشى يوق ئادەمنىڭ نۇرلۇق كېلەچىكى بولمايدۇ.»

—— ئىبنى ئاتائۇللاھ ئىسكەندەرىي

(«ئالىملارنىڭ جىدامچانلىقى ھەققىدە بىر قانچە سەھىپە»، ئەرەبچە، بېيرۇت، 2005 - يىل 8 - باسمىسى 3 - بەت)

ھەر كىمنىڭ كاللىسىغا: مۇكەممەل ئادەم قانداق بولىدۇ؟ دۇنيادا زادى مۇكەممەل ئادەم بولامدۇ؟ ياكى ئۇ قۇرۇق خىيال، ئارزۇ - ئارمانمۇ؟ دېگەن ئوي كېچىشى مۇمكىن. مېنىڭچە، بۇنداق ئادەمنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ. تەسەۋۋۇرغا سىغقانىكەن، ئەمەلىيەتتە شۇنداق ئادەملەر مەۋجۇد دېگەن سۆز. ئۇنداقتا، ئۇ زادى قانداق سۈپەتلىك ئادەم؟ مانا بۇ ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئورتاقلاشماقچى بولغان مۇتالىئە.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، «مۇكەممەل ئادەم» دېگەنلىك نۇقسانسىز، كامىل ئادەم دېگەنلىك ئەمەس. چۈنكى ئىنسان كەمچىلىكى بىلەن ئىنساندۇر، ئۇنىڭ «مۇكەممەل ئادەم» بولۇشقا ئىنتىلىشى ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرىدۇر. ئېھتىمال، ئۆزىڭىز شۇ مۇكەممەل ئادەملەر قاتارىغا كىرىشىڭىز مۇمكىن. چۈنكى بۇ يەردە «مۇكەممەللىك»نىڭ ئېنىق بىر ئۆلچىمى ياكى تەبىرى تېخى بېكىتىلگىنى يوق. ئۇنداقتا ئىنسانىيەت ئالەمىدە ھەممە بىردەك «مۇكەممەل» ئىكەن دەيدىغان ئادەم بولۇش (پۈتۈنلەيغۇ بولالمايدۇ، شۇنىڭغا يېقىنلىشىش) ئۈچۈن ئادەم زادى نېمە قىلىشى كېرەك؟

ئېھتىمال سىز سېخىيلىقىڭىز بىلەن، بىلىمىڭىز بىلەن، قىلغان ئىشىڭىز، دېگەن سۆزىڭىز بىلەن، تاشقى قىياپىتىڭىز بىلەن، مەنىۋى دۇنيايىڭىز بىلەن، ئۆتكەن كۈنلىرىڭىز بىلەن، كەلگۈسىڭىز بىلەن ... «مۇكەممەل» دۇرسىز...

ھېكايەت: بىر پادىشاھنىڭ تۆت ئايالى بار ئىكەن. ئۇ، تۆتىنچى ئايالىنى ھەممىدىن بەكرەك ياخشى كۆرىدىكەن. ئۈچىنچى ئايالىنىمۇ ياخشى كۆرىدىكەن، بىراق، ۋاقتى كەلسە مېنى تاشلاپ كېتىدۇ دەپ قارايدىكەن. ئىككىنچى ئايالىنى بولسا نورمال ھالەتتە ياخشى كۆرىدىكەن، قىيىنچىلىقى بولسىلا ئىككىنچى ئايالىنى ئىزدەيدىكەن، ئۇنىڭدىن مەسلىھەت ئالىدىكەن، دەرد كەلگەندە بىرىنچى بولۇپ شۇ ئايالى ئېسىگە كېلىدىكەن. بىرىنچى ئايالىنى بولسا كۆزگە بەك ئىلىپ كەتمەيدىكەن، ئەمما ئۇ ئايال بۇ پادىشاھنى قەۋەتلا ياخشى كۆرىدىكەن... پادىشاھ بۇ ئايالىدىن ئەسلا ئايرىلالمايدىكەن، چۈنكى مەملىكەتنىڭ مۇھىم ئىشلىرىدا ئۇ بولمىسا بولمايدىكەن... بىر كۈنى پادىشاھ ئاغرىپ قاپتۇ. ئۇ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئاياللىرىنى بىردىن، بىردىن چاقىرىپ سۆزلىشىپتۇ. ئۇ، تۆتىنچى ئايالىنى چاقىرىپ مۇنداق دەپتۇ: «مەن سىزگە باشقا ئاياللىرىمدىن قەۋەتلا ئامراق. سىزسىز ھاياتىمنى يوق ئورنىدا كۆردۈم. مانا كۆردىڭىز! ئۆلۈم ئالدىدا تۇرۇپتىمەن، شۇڭا سىز قەبرەمگە مەن بىلەن بىرگە كىرىپ ھەمراھ بولسىڭىز...» ئۇ ئايال: «ھېيئ! بۇ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن!...» دەپلا پادىشاھقا ئىككى ئېغىز تەسەللىمۇ بەرمەي كېتىپ قاپتۇ. ئۈچىنچىسىنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغىمۇ شۇ گەپنى قىپتۇ. ئۇ ئايالى: «سىزنى دەپ ئۆلگىلى بولماس، يەنە ياتلىق بولۇپ جاھاننىڭ يېرىنى كۆرگۈم بار، رەنجىمىسىز» دەپلا چىقىپ كېتىپتۇ. ئىككىنچى ئايالىنى چاقىرىپتۇ، ئۇنىڭغىمۇ شۇنداق دەپتۇ. ئۇ ئايالى: «كەچۈرۈڭ، ئۇنداق قىلغىلى بولمايدۇ. ئەمما شۇنىڭدىن خاتىرجەم بولۇڭكى، ئاخىرەتلىك ئىشلىرىڭىزنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرىمەن» دەپتۇ. بۇ

روھ سەپىردە...

چاغدا يىراقتىن بىر ئاۋازدا: «ماڭا مەن سىلى بىلەن قەيەرگە كەتسەڭ تەييار!» دەپ ئىڭرىغان بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. قارىسا، پادىشاھ كۆڭۈل بۆلمىگەن سەۋەبتىن ئاغرىپ يېتىپ قالغان بىرىنچى ئايالى ئۆملەپ دېگۈدەك ئۇنىڭ كەينىدىن كېلىۋاتقۇدەك... پادىشاھ بەك ئازابلىنىپتۇ، ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلمىغىنىغا بەكمۇ پۇشايمان قىپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭغا يىغلامسىراپ تۇرۇپ شۇنداق دەپتۇ: «ئەي مېھرىبان خوتۇنۇم، ئەگەر تۇرمۇشنى يېڭىۋاشتىن باشلاشقا توغرا كەلسە، چوقۇم سىز بىلەن تولىمۇ ئىناق ئۆتۈپ، ۋاپادارلىقىڭىزنى چېكىگە يەتكۈزۈپ ئىپادىلەر ئىدىم... دەرىخا! ئۆلۈپ كېتىدىغان بوپقالدىم...»

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، ئويلاپ باقساق بىزنىڭمۇ شۇنىڭغا ئوخشاپراق كېتىدىغان تۆت خوتۇنىمىز باردەكلا تۇيۇلىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، بىرىنچى، تەن (جەسەت)، ئىككىنچى، مال - دۇنيا، ئەمەل - مەنسەپ، ئۈچىنچى، دوست - ياران، ئۇرۇق - تۇغقان، تۆتىنچى، ھاياتىمىزدا قىلغان بارلىق ياخشى ئىش - ئەمەل. بىز ھاياتتا تەن ئېھتىياجىمىزنى قاندۇرۇش ئۈچۈن قولىمىزدىن كەلگەنىنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ باقىمىز. بىز ئۇنىڭ تەلەپلىرىنى قانچىلىك ئورۇندىساق، قانچىلىك بەدەل تۆلىسەكمۇ تېنىمىز بىزنى ئۇلۇغلۇق مەقامىغا ياكى پەزىلەت تىزىملىكىگە ئۆرلەتمەيدۇ. مال - دۇنيالىرىمىز ئۆلگەندە كېيىنكىلەرگە قالغاندەك، ئەمەل - مەنسەپلەر ئايرىلغاندا يەنە باشقىلارغا قالىدۇ، ئىچىمىز ئاچچىق بولۇشتىن ئۆزگە ھېچنېمىگە ئىگە بولالماي قالىمىز. ئۇرۇق - تۇغقان، دوست يارانلار، ھەتتا بالىلىرىمىزمۇ ئۆلسەك بىزنى يەرلىككە قويۇۋېتىپ، «ۋاي، جامائەت ئۆيدە ساقلاپ قالدۇ» دېگەنلىرىچە بىزنى تاشلاپ كېتىشكە ئالدىرايدۇ... پەقەت قىلغان خەيرلىك - ياخشى ئىشلىرىمىزلا بىزگە ھەمراھ بولىدۇ. خەلق ئىچىدە ئەسلىمە بولغۇدەك ئېسىل ئىشلارنى قىلالىساق كىشىلەر بىزنى ئەسلەيدۇ، ياد ئېتىدۇ، دۇئا قىلىدۇ... شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىر ئاقىل ئىنسان ھاياتقا كەلمىش مەقسەتلىرىنى ياخشى چۈشىنىپ، مۇكەممەللىك پەللىسىگە قاراپ ئۆرلىمىكى زۆرۈردۇر...

تۆۋەندە مەن «مۇكەممەل» لىككە شەرت بولالىغۇدەك ئىشلارنى بىلىشىمچە ئوتتۇرىغا قويۇپ باققۇم كەلدى، بۇنىڭغا ئوقۇرمەنلەر باھا بېرىپ باقسۇن. ئۇلاھىم، يازغانلىرىم ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ياقسۇن. بولسا، ئۆزلىرىدە شۇ شەرتلەرنى ھازىرلاپ ئىككى دۇنيالىق بەختنى تاپسۇن. مېنىڭچە:

● «مۇكەممەل ئادەم» نىڭ بىرەر سورۇندا گېپى بولسا، كۆڭۈللەر سۆيۈنۈپ، سورۇن مۇھەببەتلىك يەرگە ئايلىنىدۇ.

ھېكايەت: بىر كۈنى بىر ئايال ئۆيىنىڭ ئالدىغا چىقسا ئاپئاق ساقال موي سېپىتتىن ئۈچى ئولتۇرغۇدەك. ئايال ئۇلارنى ئۆيگە باشلىغانىكەن، موي سېپىتلار: «ئۆيىڭىزدە ئېرىڭىز بارمۇ؟» دەپتۇ. ئايال: «يوق، كەچتە كېلىدۇ» دېگەنىكەن، ئۇلار: «بىز ئەر كىشى يوق ئۆيگە كىرمەيمىز، بۇ دېگەن زور ئەخلاقسىزلىق، بىز ئېرىڭىز كەلگۈچە مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇرايلى» دېيىشىپتۇ. كەچتە ئېرى كېلىپتۇ. ئايال ئەھۋالنى ئېرىگە ئېيتىپتۇ. ئېرى مېھمانلارنى باشلاپ كىرىشكە بۇيرۇپتۇ. ئايال چىقىپ ئۇلارنى ئۆيگە تەكلىپ قىپتۇ. موي سېپىتلار: «بىز ئۈچىمىز بىرلىكتە بىر ئۆيگە كىرمەيمىز» دېيىشىپتۇ. ئايال سەۋەبىنى سورىغانىكەن، ئۇلارنىڭ بىرى مۇنداق دەپتۇ: «بۇنىڭ ئىسمى ‹بايلىق›، ئۇنىڭ ئىسمى ‹ئۇتۇق›، مېنىڭ ئىسمىم ‹مۇھەببەت›، بىز بىر ئۆيگە بىرلىكتە كىرمەيمىز. ئېرىڭىزگە ئەھۋالنى ئېيتىڭ، ئۈچىمىزنىڭ قايسىمىزنى قوبۇل قىلىدىكەن؟» ئايال ئۆيگە كىرىپ ئەھۋالنى بايان قىپتۇ. ئەر بەك خۇشال بوپتۇ ۋە دەرھال: «تولا ئوبدان! ‹بايلىق›نى چاقىر، ئۆيىمىز بايلىققا تولسىلا بولدى» دەپتۇ. ئايال ئېرىنىڭ گېپىگە قوشۇلماپتۇ ۋە: «نېمە ئۈچۈن ‹ئۇتۇق›نى چاقىرمايمىز؟ ئۇتۇق بولسىلا ھەممە بولىدۇ ئەمەسمۇ؟» دەپتۇ. ئىككىسىنىڭ پارىڭىغا قۇلاق سېلىپ تۇرغان قىزى: «خاتا! ئۆيگە ‹مۇھەببەت›نى چاقىرايلى، ھەممىدىن مۇھىمى مۇھەببەت!» دەپتۇ. ئەر - ئايال: «قىزىمىزنىڭ گېپىگە بىر كىرىپ باقايلى» دېيىشىپ، «مۇھەببەت»نى چاقىرىپتۇ. «مۇھەببەت» ئۆيگە شۇنداق مېڭىشىغا، «بايلىق» ۋە «ئۇتۇق» لارمۇ ئەگىشىپ ئورنىدىن قوزغىلىپ، «مۇھەببەت»كە ئەگىشىپتۇ. ئايال ھەيران قېلىپ: «سىلەر بىرلىكتە كىرمەيمىز دېگەن يەرگە يەنە بىرلىكتە كىرمەيمىز دەۋاتاتتىڭلارغۇ؟ بۇ نېمە گەپ؟» دەپ سورىغانىكەن، ئۇ ئىككىيلەن ئوخشاش ئاۋازدا، بىردەك جاۋاب بېرىپتۇ: «سىز ئەگەر ئىككىمىزنىڭ بىرسىنى چاقىرغان بولسىڭىز، ھېچقايسىمىز ئۆيگە تەڭ كىرمەيتتۇق. بىراق سىز ‹مۇھەببەت›نى چاقىرىپ قالدىڭىز. ‹مۇھەببەت› بار يەردە ھەممە بولىدۇ. ئۇ ھېچكىمگە زىيان سالمايدۇ، ھەسەت قىلمايدۇ، دوستلۇق ئۈلگىسىدۇ، ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭساق قىممىتىمىز تېخىمۇ ئاشىدۇ، ئۇ بار يەردە بىزمۇ بار...» دەپتۇ.

● «مۇكەممەل ئادەم» گە تالاي كىشى پىچىرلاپ تۇرۇپ رەھمەت ئېيتىدۇ ۋە تەگرىمدىن ئۇنىڭغا بەخت - سائادەتلەر تىلەيدۇ. ئۇ قەيەرگىلا بارسا، قاچانلا بولسا ھۆرمەتلىكتۇر. ئۇنداق ئادەملەر خۇددى رەيھان گۈلنىڭ ئۆزىدۇر. قەيەرگىلا قويۇلسا شۇ يەرگە خۇشپۇراق تارىلىدۇ. ئۇنداق ئادەم كېرەككە كەلمەيدىغان مىڭلىغان ئادەمدىن ياخشى بولۇپ چىقىدۇ. چۈنكى «مۇكەممەل ئادەم» پەقەت ئۆزى ئۈچۈنلا ياشىمايدۇ. ئۇ، ئۆزىنى ئۇنتۇغان، ئۆز نەپسىدىن ئاللىقاچان ۋاز كەچكەن ئۇلۇغ ئادەمدۇر. ئۇ، باشقىلار ئۈچۈن ياشايدۇ، ئۇلارغا مېھرىبانلىق قىلىدۇ، ئۇلار بىلەن سىرداشىدۇ، ئۇلارنىڭ ھال - مۇڭىغا مۇڭداش بولىدۇ. ئۇ باشقىلارغا بېرىدۇ، ھەتتا نۆۋەتتە كەلسە ئەزىز جېنىنىمۇ... ئۇ، ئىبلىس گېلىنى بوغۇپ بولغان قانچىلىغان ئادەمنى ئۇنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتقۇزۇۋالىدۇ - ھە؟ كۆڭۈل خاھىشلىرى ھوشىدىن كەتكۈزۈۋەتكەن قانچىلىغان مەستنى ھوشىغا كەلتۈرىدۇ - ھە؟ قانچىلاپ نامراتنى ئۆلۈمگە تەڭ بولغان شۇ نامراتلىقتىن قۇتقۇزۇپ، قايتىدىن ھاياتلىققا ئېرىشتۈرىدۇ - ھە؟ قانچىلىغان يېتىم، قانچىلىغان مەھرۇم، قانچىلىغان غەمكىن، قانچىلىغان بىمار... ئەنە شۇنداق «مۇكەممەل ئادەم» سەۋەبىدىن ھاياتقا قايتىدىن كۈلۈپ باقىدۇ - ھە؟ ئاجايىپ ھىممەت! تەۋرەنمەس ئىرادە!

ئۇنداق ئادەم ئىلمىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ساھەلەردە ئۆز مەۋجۇدلۇقىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىپادىلىگەندەك، دىنىي، ئەخلاقىي ۋە ئىنسانىي جەھەتلەردىمۇ پىداكارانە روھىنى نامايان قىلالايدۇ.

● «مۇكەممەل ئادەم» توغرا ۋە يۈكسەك ئېتىقادلىق بولىدۇ. ھايات ئۈچۈن ئۆز ئېتىقادىدىن ۋاز كەچمەيدۇ. ئۆز ئىشتىھاسىنى ئېتىقادى ئورنىغا دەسسەتمەيدۇ.

ئىراندىكى مەشھۇر ئاياللاردىن ئەزرا مۇنداق دېگەن: «ئىنسان چوقۇم مەلۇم نەرسىگە ئېتىقاد قىلىشى كېرەك. چۈنكى ئېتىقاد ئادەمگە ئەقلىي تەكپۇئىلۇق ئاتا قىلىدۇ، ئېتىقادسىز ھايات تولىمۇ مۇشكۇل ھاياتتۇر.»

● «مۇكەممەل ئادەم» روھنى پاكلاشقا تىرىشىدۇ. ئۇنداق ئادەمنىڭ ۋۇجۇدى زېمىندا پۇت دەسسەپ تۇرسىمۇ، روھلىرى يەتتە قات ئاسمان ئۈستىدە پەرۋاز قىلىدۇ. ئۇ، ھاياتلىقنىڭ قىممىتىنى ئەڭ يۈكسەكلىكتە چۈشىنىدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ بىلىمگە، پەزىلەتكە، تەپەككۇرىغا موھتاج بولىدۇ. ئەمما ئۇ ئۇلارنىڭ دەپنە ـ دۇنياسىدىن بىھاجەت ياشايدۇ. كىشىلەر بىر ـ بىرلىرىنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى كوچىلىشىپ يۈرگەندە، ئۇ ئۆز ئەيىب ـ نۇقسانلىرى ھەققىدە ئىزدىنىپ، قانداق قىلىپ ئۇنى تۈزىتىشنىڭ كويىدا بولىدۇ. كىشىلەر مال ـ دۇنيالىرىنى كۆز ـ كۆز قىلىشىپ كېيىنكىلەرگە شۇ بايلىقلىرى بىلەن نام ـ نىشان قالدۇرۇش غەرىزىدە خۇددى ھۆۋەيدا ئېيتقاندەك «يىلقىدا مىڭ ئاتىڭ بولغۇچە، جاھاندا بىر ئاتىڭ بولسۇن» دەپ يۈرگەندە، ئۇ تۈرلۈك خەيرلىك ئىش ۋە قۇتلۇق ئىزىنى كېيىنكىلەرگە ئۈن ـ تىنىسىز قالدۇرىدۇ.

● «مۇكەممەل ئادەم» كىشىلەر ھاياتلىقتا مال ـ دۇنيا ئۈچۈن ياشاپ بىر ـ بىرى بىلەن دوست بولۇشۇپ، دۈشمەنلىشىپ ھەتتا چانىشىپ كەتسىمۇ ئۇنىڭ غېمى ئۆز خەلقىنىڭ ئىككى دۇنيالىق بەختى بولمىش توغرا ئېتىقادى ھەققىدە ئىزدىنىشتە بولۇپ، خەلقىنىڭ مەنىۋى بايلىقى ئۈچۈن كېچە ـ كۈندۈز جان پىدالىق كۆرسىتىدۇ... ئەجدادلارنىڭ گېپى بويىچە دۇنيا بەش خىل ئادەمنىڭ ئۆلۈمگە يىغلايدۇ. ئۇلار: بىلىمگە ئەمەل قىلىدىغان ئالىم، ئادالەتلىك ـ پاك مەنسەپدار، ساخاۋەتلىك يىگىت، ھەممە غەپلەتتە ياتقاندا تەڭرىدىن كېچىچە ئۇخلىماي ئۆز خەلقىگە بەخت تىلەيدىغان ئابىد، خەلقىنىڭ بەختى ئۈچۈن جېنىنى ئايىمىغان باتۇر...

● «مۇكەممەل ئادەم» بارلىق ياخشىلىق ۋە مەنپەئەتنىڭ ئاچقۇچى، ھەققەت ۋە توغرىلىقنىڭ ئەلچىسى، بارلىق يامانلىقنى كىشەنلىگۈچى، بالايىئاپەتلەرنى قوغلىغۇچى، ئۆز خەلقىنى تەڭرىنىڭ غەزىپىدىن قوغدىغۇچىدۇر.

چۈنكى ئىنسان ئاجايىپ مەغرۇر مەخلۇقتۇر. ئۇ، مەست بوپقالغاندا ئۆيىگە كىتىۋېتىپ ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنى ئۆزى ئۈچۈن يېقىلغان پانۇس دەپ ئويلايدۇ؛ كائىناتتىكى بارلىق ھايۋاناتنى ئۆزىنىڭ ھاجىتى ئۈچۈن يارىتىلغان، ئەڭ چىرايلىق گۈللەرنى ئۆزىنىڭ ئۇنىۋېرسال مۇناسىۋەتلىرىدە باشقىلارغا تەقدىم قىلىش ئۈچۈن ئېچىلغان دەپ قارايدۇ.

يەر ئاستىدىكى ئالتۇنلارمۇ ئىنسانغا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن ئىنتىزار ھالەتتە تۇرماقتا...

...

بۇ ھەقىقەتەن گۈزەل، قۇچىقى بىقىياس كەڭ، جىمى نېمەتكە تولغان دۇنيا.

بىراق دۇنيادا ئوخشاشلىق بولمايدۇ...

ھېچنېمىدە ئوخشاشلىق بولمايدۇ...

بىر چىرايلىق ئېچىلغان گۈللەرگە قاراڭ: رەڭگى، پۇرىقى، شەكلى بىلەن بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ...

يەل ـ يېمىشنى مىسالغا ئالساق: بىر ئۆرۈكنى دەيلى، كىشمىش، خۇۋەينى، تۈيۈن، تۈكلۈك... ھېچقايسىسى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ...

ھاشاراتشۇناسلارنىڭ ئېنىقلىشىچە، بىر خىل ھاشاراتنىڭ، مىسالەن ھەسەل ھەرىسى دېسەك ــ ئۇنىڭ مىڭدىن ئوشۇق تۈرى بار ئىكەن.

ئىنسانلار تېخىمۇ پەرقلىق: زېرەك، دۆت،قارا، قىزىل، ئاق، سېرىق، ئېگىز، پاكار، ئورۇق، سېمىز، چاچلىق، چاچسىز، پاينەكۋاش...

بارلىق ئىنساننىڭ بارماق ئىزىمۇ بىر ـ بىرىگە زادىلا ئوخشىمايدۇ. بۇ دۇنيادىلا ئەمەس، ئاخىرەتتىمۇ ھەممە بىر خىل بولمايدۇ.

دېمەك، بۇ دۇنيا ــ پەرقى بار دۇنيا.

بىراق ئاجايىپ ئادىل ۋە ھەققانىي دۇنيا. ئۇ پەقەت پۇرسەت ۋە ئالغا ئىلگىرلەشتىلا ھەممىنى ئوخشاش قىلغان!

مانا شۇ نەرسىلەرنى، ئەنە شۇ ھەقىقەتلەرنى چۈشىنىدىغان، چۈشەندۈرىدىغان كىشىلەر «مۇكەممەل ئادەم» ئاتىلىدۇ.

● «مۇكەممەل ئادەم» نىڭ نىيىتى دۇرۇس، قەلبى ساپ بولىدۇ. خۇشخۇي، چىقىشقاق كېلىدۇ. خەققە زىنھار ھەسەت قىلمايدۇ. ئۆزى ياخشى كۆرگەن نەرسىنى ھاجەتمەنلەرگە ئۆتۈنەلەيدۇ. سەممىي بولىدۇ.

● «مۇكەممەل ئادەم» كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەكتە ئاددىي ـ ساددىي بولىدۇ، كەمتەر كېلىدۇ.

● «مۇكەممەل ئادەم» يىراقنى كۆرەر كېلىدۇ. رېئال مەسىلىلەرنىڭ ھەر بىر ھالقىسنى ياخشى پەرقلەندۈرۈپ تەھلىل قىلالايدۇ. ئالدىراپلا خاتا ھۆكۈم قىلىپ، كېيىن پۇشايمان قىلىدىغان ئىشلاردىن يىراق بولىدۇ. كالالىسى ئاددىي ،بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرىدىغان ئادەملەرگە ھادىسىنىڭ ۋاقىتلىق نەتىجىسى ۋە تۈيۈقسىز تەسىرلىرىنى ئويدان يەكۈنلەپ بېرىدۇ.

ھېكايەت: مىسىرنىڭ دۇنياۋى مەشھۇر يازغۇچىسى تەۋپىق ھەكىمىي «تولۇق ھەقىقەت» دېگەن ماقالىسىدا جۇڭگولۇقلاردىكى مۇنداق بىر ھېكايەتنى نەقىل قىلىدۇ: قەدىمكى زاماندا جېگرىغا يېقىن تاغ باغرىدا بىر بوۋاي ياشايدىكەن. ئۇنىڭ دۇنيالىقتا بىرلا ئوغلى ۋە بىر ئاق بوز ئېتى بار

www.uyghurkitap.com

ئىكەن. مەلۇم بىر كۈنى بوۋاينىڭ ئاق بوز ئېتى يوقاپ كېتىپتۇ. قولۇم-قوشنىلار ئىچ ئاغرىتىپ بوۋايدىن ھال سوراپ كېلىشىپتۇ. بىراق بوۋاي ئۇلارغا: «ھېچ ۋەقەسى يوق، بەختسىزلىك ئىچىگە بەخت يوشۇرۇنغان بولىدۇ. ئاۋارە بولماي قايتىپ كېتىڭلار» دەپ قايتۇرۇۋېتىپتۇ. ئالاھازەل بىر ئايلاردىن كېيىن بوۋاينىڭ ھېلىقى ئېتى چېگرىنىڭ نېرى تەرىپىدىن يات قەبىلىنىڭ بىر توپ ئېتىنى ئەگەشتۈرۈپ ئۆيىگە قايتىپ كېلىپتۇ. قولۇم-قوشنىلار بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بوۋاينى تەبرىكلەپ يەنە كېلىشىپتۇ. بوۋاي يەنە ئۇلارغا: «بۇنىڭ نېمە خۇشاللىقى بولسۇن، خۇشاللىق ئىچىگە يىغا يوشۇرۇنىدۇ» دەپ ئۇلارنى يولغا سېلىۋېتىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي بوۋاينىڭ ئوغلى يات قەبىلە تەرەپتىن ئۆتۈپ كەلگەن ئاتلاردىن بىرىنى كۆندۈرىمەن دەپ يايداق مىنىپ، نەتىجىدە ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈپتۇ-دە، ئوستىخانلىرى ئاجراپ كېتىپتۇ. بوۋاينىڭ قولۇم-قوشنىلىرى يەنە تەسەللى بېرىشكە كېلىشىپتۇ. بوۋاي ئۇلارغا: «ھېچ ۋەقەسى يوق، يامان ئىشنىڭ ئىچىگە ياخشىلىق يوشۇرۇنغان بولىدۇ» دەپ ئۇلارنى يەنە يولغا سېلىۋېتىپتۇ. ئارىدىن ئالاھازەل بىرەر ھەپتە ئۆتۈپ چېگرىدا قاتتىق جەڭ باشلىنىپ قولۇم-قوشنىلارنىڭ تېنى ساق ئوغۇللىرى لەشكەرلىككە ئېلىنىپ ئۇرۇشتا ئۆلۈپ كېتىپتۇ. ئەمما بوۋاينىڭ ئاتتىن يىقىلغان بايىقى مېيىپ ئوغلى ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ.

● «مۇكەممەل ئادەم» قىلغان ياخشىلىقنى ئۇنتۇپ قالىدۇ، باشقىلارنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان ياخشىلىقىنى پەقەتلا ئۇنتۇمايدۇ. باشقىلار ئۇنى رەنجىتسە ئەپۇ قىلىدۇ، ئەمما ئۆزى باشقىلارنى رەنجىتىپ قويسا ئۆز - ئۆزىنى ئالدىراپ ئەپۇ قىلمايدۇ، ئەپسۇسلىنىدۇ، ئۇ كەمچىلىكنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇنداق ئادەم قولى ئوچۇق، سېخىي كېلىدۇ، قىلغان ياخشىلىقنى مىننەت قىلمايدۇ. ياخشىلىقنى خالىس قىلىدۇ، شەرتلىك ياخشىلىق قىلمايدۇ. بېخىللىقنى زور ئەيىب سانايدۇ، ئۇنىڭدىن ھەزەر قىلىدۇ.

● «مۇكەممەل ئادەم» ئۆزى ۋە ئىجتىمائىي ئورنى ھەققىدە كۆپ ئويلانمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭغا مۇھىم بولغىنى ئىجتىمائىي ئورنى ئەمەس، بەلكى دائىملىق پىكىر-خىيالى — «مېنىڭ رولۇم زادى نېمە؟ كىمگە قانداق ياردەم قىلىشىم كېرەك؟» دېگەنلەردىن ئىبارەت. ئۇنداق ئادەم ھالقىلىق چاغدا سەپنىڭ ئالدىدا، كېرەك بولسا ئارقىدا ياكى ئوتتۇرىدا تۇرالايدۇ. ئۇ، كىشىلەر ئارىسىدا، كىشىلەر ئۈچۈن ياشايدۇ. ئۇ ئۆز- ئۆزىگە خوجا بولۇپ، ھەقىقىي سەلتەنەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ.

ئاقىللارغا مەلۇمكى، پۈتۈن ئىسى - يادى بىلەن مال- دۇنيا توپلاش، يەر ئىگىلەش، پاي بازىرىغا چېپىش، مەنسەپ شوتىسىغا يامىشىش، ھوقۇق دائىرىسىنى كېڭەيتىش، ھۆرمەتنى قىلىدىغان توپ ئارىسىدا گىدىيىپ مېڭىشنى قولغا كەلتۈرۈش، كاتىپ قىزلارنىڭ كېلىشكىنىنى تاللاش... لارغا مەشغۇل بولغانلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتتە قۇلدىن پەرقى يوق ئىنسانلاردۇر! ئۇلار ئۆز تەمەلىرىنىڭ قۇلى، ھەۋەسلىرىنىڭ قۇلى...

باشقۇرۇشنىڭ ھەقىقىي ۋە يېگانە مەنىسى — خەقنى باشقۇرۇشتىن ئىلگىرى ئۆزۈڭنى باشقۇر! تەمەخورلۇقىڭنى كىشەنلىمەي، ھەۋەسلىرىڭنىڭ بۇرنىغا چۇلۇك ئۆتكەزمەي تۇرۇپ پادىشاھ بولىمەن دېمە!

ئۆز ھەۋەسلىرىنى كونترول قىلالىغان، نەپسى-خاھىشى، شەھۋەتلىرىنىڭ ئازدۇرۇشلىرىغا بويسۇنمايدىغان ئادەمنىڭ خىياللىرىمۇ ئالىيجاناپ بولىدۇ. ئۇنداق ئادەملەرنىڭ خىيالىدا نەس باسقان پەس خىياللار بولمايدۇ... ئۇنداق ئادەم مەنسەپ ياكى بايلىق ئۈچۈن كۈچۈكلەنمەيدۇ. ئىت مىجەزلىك تەبىئەتتە خوجايىنلىرىنىڭ ئارقىسىدىن سوكۇلدىمايدۇ، ئۇلارنىڭ تاپىنىنى يالىمايدۇ. رۇكۇ ياكى سەجدە قىلمايدۇ. چۈنكى ئىنسان ئۈچۈن ھەقىقىي ئىززەت - ھۆرمەت ئۆز نەپسىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىدۇر. مانا شۇنداق ئادەملەر گەرچە ئالاھىدە نامى بولمىسىمۇ، ئۇلار ئۆزىگە ئۆزى بەگ، باي، مەنسەپداردۇر. چۈنكى ئۇلار ئۆز نەپسىگە رەھبەر بولغان ئادەملەردۇر.

شىر قەپەسكە سولىنىپ قالىدۇ، ئەمما سولىنىپ قالغان سەۋەبتىن تائام بەرگەن ئادەمگە قۇل بولمايدۇ.

ئۆزىگە خانىم - قىزلارنى، كاتتا ئىمارەتلەرنى، يەر - زېمىن، بايلىقلارنى ھەمراھ ۋە قەدىناس بىلگەنلەرنىڭ ئاقىۋىتىگە ۋاي! ئۇلار ئۇ نەرسىلەرنى تاۋۇتىغا سېلىپ گۆرىگە ئېلىپ كېتەلمەيدۇ. ئۇ نەرسىلەر ۋارىسلىرىغا قالىدۇ، كېيىنكى ئەۋلادىغا بارغاندا خاراب بولىدۇ، خالاس!

ئەمما مىليونلىغان كىشىنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئېلىش، بۇ بىر كاتتا بەخت، بۇ بىر ھەقىقىي بايلىق!

ھەقىقىي بايلىق باشقىلارنىڭ قولىدىكىدىن بىھاجەت بولۇشتۇر. قەلبلەر مەملىكىتىدە تاغدەك مۇھەببەتلەرگە ئېرىشىش ھەقىقىي سەلتەنەتتۇر...

● «مۇكەممەل ئادەم» كىشىلەرنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇش ئۈچۈن ئۆزى ئاچ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئۆزى ئۇسسىز قالىدۇ. كىشىلەرنىڭ كىيىنىشى ئۈچۈن ئۆزى يېلىڭ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ راھىتى ئۈچۈن ئۆزى جاپا تارتىدۇ. كىشىلەر غەپلەتكە پاتقاندا ئۇ ئويغاق بولىدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭغا جەبىر قىلغاندا ئۇ ئېغىر - بېسىق بولىدۇ. ئۇلار ئەنە شۇنداق غەيرەتلىرى بىلەن «مۇكەممەللىك» چوققىسىغا چىقىدۇ.

ھېكايەت: بىر قانچە يىل ئىلگىرى (چەت ئەلدىكى ۋاقتىمدا) مىسىرنىڭ بىر تېلېۋىزىيە پروگراممىسىنى كۆرۈپ قالدىم. مېنىڭچە ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرىدىغان بىر بىمارنىڭ ئىقتىسادى يار بەرمىگەچكە تېلېۋىزوردا رىياسەتچى جەمئىيەتكە مۇراجىئەت قىلىپ ئىئانە يىغىۋاتقانىكەن. بىر دەمدىلا 850 مىڭ جۇنەيھ (مىسىر پۇل بىرلىكى) پۇل يىغىلدى. شۇ ئارىدا بىر يىگىت ئۆزىنىڭ جەمى 30 جۇنەيھ پۇلى بارلىقىنى، ئۇنىڭ يېرىمىنى ھېلىقى كېسەلگە ئىئانە قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى (ئىئانە قىلغۇچىلار بىلەن رىياسەتچى تېلېفوندا سۆزلىشىپ تۇراتتى، ئاۋاز ناھايىتى ئوچۇق). ئۇزاق ئۆتمەي بىر ساخاۋەت ئىگىسى زور مىقداردىكى پۇلنى

www.uyghurkitap.com

بىمارغا ئىشلىتىش قىلغاندىن كېيىن، ھېلىقى 15 جۈنيە پۇل ئىشلىتىش قىلغان يىگىتنىڭمۇ 1000 جۈنيە ياردەم قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ... يەنە بىرەيلەن 500 جۈنيە بېرىپتۇ... شۇنداق قىلىپ بىر سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىتتا ھېلىقى بىمارنىڭ ئېھتىياجلىق پۇلى يىغىلىپ بولغاندىن سىرت، 15 جۈنيە بەرگەن يىگىت 1500 جۈنيەلىك بوپقالدى. ماڭا تەسىر قىلغىنى، ئاشۇ يىگىتنىڭ پۇلى تولىمۇ ئاز تۇرۇپ، يەنە يېرىمىنى باشقىلارغا بېرىۋەتكىنى بولدى. ئۇ، قاقشاپ تۇرۇپ ئەمەس، ئۆزى تەقدىم ئەتكەن پۇلنىڭ تولىمۇ ئازلىقىدىن ئوڭايسىزلىنىپ تۇرۇپ، ئۆز ئەھۋالىنىمۇ ياخشى ئەمەسلىكىنى، بار پۇلىنىڭ شۇنچىلىكلا ئىكەنلىكىنى تولىمۇ تەمكىنلىكتە ئېيتقانىدى...

كېيىن ئاڭلىسام، مەزكۇر رىياسەتچى ھېلىقى يىگىتنى تەكلىپ قىلىپ تېلېۋىزىيە سۆھبىتى ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۇ يىگىتنىڭ دېيىشىچە، ئۇنىڭ ياشانغان ئانىسى بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىغا تېلېفون قىلىدىغاندا ئانىسى ئۇنى تۇتۇپ: «توك پۇلنى تۆلىيەلمەيۋاتساق، خەققە ياردەم قىلىپ نېمە قىلىسەن؟! بولدى قىل» دېگەنىكەن. ئۇ، ئانىسىنىڭمۇ سۆزىنى رەت قىلىپ، ھېلىقى تېلېفوننى قىلغانىكەن. ئۇ بىر خىزمەت تاپالمىغان ئوپېراتور ئىكەندۇق. ئۇ سۆھبەتتىن كېيىن بۇ دۆلەتنىڭ تەشۋىقات مىنىستىرى بۇ يىگىتنى مەزكۇر تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىغا خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇشقا بۇيرۇق قىلغانمىش...

شۇڭا ساھابە كەرىملەردىن ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئاز بولسىمۇ بېرىشتىن نومۇس قىلما، ئەڭ نومۇسلۇقى، ئۇنىمۇ قىلالماسلىق» دېگەنىدى ئازكەم بىرمىڭ ئۈچيۈزيىل بۇرۇن.

● «مۇكەممەل ئادەم» نادان ۋە ئازغۇنلارنىڭ ھەقىقەت يولىنى تېپىۋېلىشىدىكى نۇرلۇق ماياكتۇر. شۇڭا ئۇ ئىلىم ئەھلىنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرىدۇ. ئۇ، ئىلىم ئەھلىگە بارلىقىنى بېغىشلىغان بولۇپ، ئۇلاردىن ھېچ نەرسىنى ئايىمايدۇ. ئىلىمگە بولغان مۇھەببىتىدىن ئېسىل كىتاب ۋە ئۇن ـ سىن بۇيۇملىرىنى دوختۇرخانىلارغا، رېستوران ۋە قەھۋەخانىلارغا، ئىدارە ـ ئورگانلارغا، شىركەت ـ مۇئەسسەسەلەرگە، ساتىراشخانا ـ چايخانىلارغا، ماشىنا توختىتىش مەيدانلىرى ۋە تېلېفون بوتكىلىرىغا، مەكتەپ ـ زاۋۇتلارغا، شۇنداقلا ھەر خىل ئىجتىمائىي سورۇنغا سوۋغا قىلىدۇ...

ھېكايەت: (مەن يېقىندا قايسىدۇر بىر كىتابتا مۇنداق بىر ۋەقەلىكنى ئوقۇپ قالدىم) ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن بىر يىگىت چەت ـ يىراق بىر سەھراغا ئوقۇتقۇچىلىققا تەيىن قىلىنىپتۇ، ئۇ بۇنىڭدىن زادىلا نارازى بولمايتۇ، ئەكسىچە، خۇشال بوپتۇ. چۈنكى ئۇ شۇ سەھرادىكى كىشىلەرنىڭ ئۆز قەۋمى - قېرىنداشلىرى ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئېھتىياجى ئەمەلىيەتتە ئۆز ئېھتىياجى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەنىكەن. شۇنداقلا ئۆز خەلقىگە خىزمەت قىلىش پۇرسىتى كەلدى دەپ قارايدىكەن. ئۇ، سەھراغا بېرىپتۇ. قارىسا، ئوقۇغۇچىلار بەكلا نامرات، تولىمۇ ئاۋارە ئىكەن. ئۆزىگە ئوخشاش بىر قانچە ئوقۇتقۇچىمۇ روھى نامرات «ئاۋارە»لەردىن ئىكەن. ئۇلار ھە دېسىلا شەھەردە ئۆتكەن ھاياتىدىن پەخىرلىنىپ، ھازىرقى تۇرمۇشىدىن ۋايسىشىدىكەن. ئۇ، ئىللەتنى بايقاپتۇ. ئۇلارنىڭ مەنىۋىيىتىدىكى بۇ ئىللەتنىڭ شىپالىق «دورىسى»نىمۇ بىلىدىكەن. ئۇلارنى «داۋالاش»قا باشلاپتۇ... ئۇ ئاۋۋال ئوقۇتقۇچىلارغا ئۆزلىرىنىڭ كەمنىڭ مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەمنىڭ پەرزەنتى ئىكەنلىكىنى، ئۇلار بىلىملىك بولسا كەمگە پايدىسى بولىدىغانلىقىنى، پۇلنى مائاش ۋە جان بېقىش ئۈچۈنلا ئەمەس - تەربىيە بىلەن شۇغۇللىنىش ھەققىي بىر بىلىم ئەھلىنىڭ ئەخلاقى ئەمەسلىكىنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپتۇ. ئاندىن يېزىدىكى مەرىپەتپەرۋەر بايلاردىن ئىئانە توپلاپ، مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرىنى تولۇقلاپتۇ، قالغان قىسمىدا نامرات ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىپتۇ. ھەتتا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا - ئانا، ئۇرۇق- تۇغقانلىرى ئاغرىپ قالسا ئۇلارنىڭ شەھەرگە بېرىپ داۋالىنىشىغا يېقىندىن ياردەمدە بوپتۇ. مەكتەپ يېنىغا بىر قۇدۇق كولىتىپ، مەھەللىدىكىلەرنىڭ ئىچىملىك سۈيىنى ھەل قىپتۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان يېزىلىق ھۆكۈمەت ۋە مائارىپ ئىشخانىسى ئۇنىڭغا تەشەككۈر ئېيتىپتۇ... ئارىلىقتا ئۇ بىر ئوقۇتقۇچى قىزغا ئۆيلىنىپتۇ. ئۇ قىزمۇ يىگىت تۇرغان بۇ سەھراغا يۆتكىلىپ كەپتۇ ۋە ئۆمۈر يولدىشى بىلەن مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ جاپالىق ئىشلەپتۇ. سەھرا ئاھالىلىرىنىمۇ ئۆزى بىلەن بىر مىللەت ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ تەرەققىياتى، مەدەنىيلىشىشى ئەمەلىيەتتە ئۆز قەۋمىنىڭ تەرەققىياتى ۋە مەدەنىيلىشىشى ئىكەنلىكىنى، ئەقىل كۆزى بىلەن قارىغاندا سەھرادا — ساپ ھاۋادا چوڭ بولغان بالىلارنىڭ شەھەرلىكلەرگە قارىغاندا ئەقىللىقراق بولىدىغانلىقىنى، پەقەت مۇنتىزىم تەربىيىنىڭ ئاز ياكى يوقلۇقىدىن يەنىلا سەھراغا باغلىنىپ قالىدىغانلىقىنى چۈشەنگەن بۇ قىز سەھرا ئاھالىلىرى ئىچىدە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ئۈچۈن ئاقارتىش خىزمىتىنى ئۈنۈملۈك ئىشلەپ، ئوقۇشسىز قالغان بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپتۇ. كېيىنكى كۈنلەردە خەلق ئۇلارنى چۈشىنىپتۇ. قالغان ئوقۇتقۇچىلارمۇ تەسىرلىنىپتۇ. كىشىلەر ئۇلارنى چىن دىلىدىن ياخشى كۆرۈپتۇ. ئاھ!.. نېمىدېگەن سەممىيەت! نېمىدېگەن ھەقانىيەت - ھە؟ مانا ئاشۇنداق يىگىتلىرىمىز، ئاشۇنداق قىزلىرىمىز، يېقىن ئېيتقاندا ئاشۇنداق زىيالىيلىرىمىز بىزنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلىرىمىز. بىز ئۇلارغا چىن دىلىمىزدىن ئاپىرىن ۋە تەشەككۈر ئېيتىمىز. ئەنە شۇنداق كىشىلەرلا پەرزەنتلىرىمىز قەلبىگە ئىلىم نۇرىنى چاچالايدۇ. ئەنە شۇلارلا ئۇلارنى كەلگۈسىگە يارامىلىق قىلىپ تەربىيىلىيەلەيدۇ.

ھەش - پەش دېگۈچە نەچچە يىل ئۆتۈپ، يۇقىرى ئورگانغا ئۇنىڭ داڭقى يېتىپتۇ ۋە ئۇ يىگىتنى شەھەرگە يۆتكىمەكچى بوپتۇ. ھېلىقى مەھەللىدىكى كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىگە ياش كەپتۇ. يىگىت ئۆز - ئۆزىدىن سوراپتۇ: «مەن مۇنبەت زېمىنغا ئېسىل كۆچەتلەرنى تىكتىم، مانا ئەمدى بۇ كۆچەتلەر مېۋە بېرىدىغاندا مەن بۇ يەردىن كەتسەم بولامدۇ؟ مەن بۇ يەردىن مۇشۇنداقلا كېتىپ قالسام، چوقۇم زىيان تارتىمەن. چۈنكى مەندىن كېيىن بۇ يەرگە ھىممەتسىز، ساپاسىز، غەيرەتسىز، پەقەت ئىسمى ئوقۇتقۇچى، ئۆزى بولسا تېخىمۇ كۆپ تەربىيىگە موھتاج بىرەر نائەھلى كېلىپ قالسا، مەن تىككەن بۇ كۆچەتلەرنى زايە قىلىۋېتىشى مۇمكىن. مەندىنمۇ ياخشىراق بىرسى كېلىدۇ دەپ كىم ھۆددە قىلالايدۇ؟» ئۇ، ئۆز نەپسى- كۆڭلى تارتىۋاتقان راھەت- پاراغەت بىلەن، ئىرادىسى - ۋىجدانى دەۋەت

قىلىۋاتقان ھەلقەت ئارىسىدىكى كۆپ ئويلىنىشتىن كېيىن ئاخىرى ئۆز - ئۆزىگە: «ياق، مەن بۇ يەردىن زادى كەتمەيمەن» دەپتۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ مەھەللە كىشىلىرىنىڭ ئۇنىڭ بىراقلا يىغلاۋاتقان يىغىسىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپتۇ... شۇنىڭ بىلەن ئۇ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنغا بېرىپ ئۆزىنى يۆتكىۋەتمەسلىكنى ئۆتۈنۈپتۇ. باشلىقلارمۇ ئۇنىڭ بۇ ئالىيجاناب روھىدىن تەسىرلىنىپ ئۆز جايىدا داۋاملىق ئىشلىشىگە قوشۇلۇپتۇ... ئىلىم سۆيگەن، بولۇپمۇ ئۆز خەلقىنىڭ بىلىملىك بولۇشىنى ئارزۇ قىلغان ئادەم ئەنە شۇ يىگىتتەك بولىدۇ...

● «مۇكەممەل ئادەم» كىشىلەرنىڭ خۇشاللىقىغا، خاپىلىقىغا، ئارزۇ - ئارمانلىرىغا، دەرد - ئەلەملىرىگە، قىيىنچىلىقىغا، ئاسايىشلىقىغا، بەختىگە، بەختسىزلىكىگە... ئورتاقلىشىدۇ. چۈنكى ئۇ نېمىنىڭ بەخت، نېمىنىڭ بەختسىزلىك ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ...

ئەجدادلىرىمىز مىڭ يىلدىن بېرى يۇرتىمىزدىن ھەج پەرزىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن پىيادە ياكى ئات - ئېشەكلىك بىر - ئىككى يىل ۋاقىت سەرپ قىلار ئىكەندۇق. بۇ جەرياندا بارلىق سەپەر جابدۇقىنى ئۆزلىرى كۆتۈرۈشۈپ ياكى ئۇلاغلىرىغا ئارتىشىپ مېڭىپتىكەن.سەپەردىكى جاپالارنى دېمەيسىز! ئېگىز تاغلار، چوڭقۇر ھاڭلار، ئەگىشۋېلىپ خىرىس قىلىدىغان ئاچ بۆرىلەر، تويۇقسىز ھۇجۇم قىلىدىغان قاراقچىلار، يۇزلەرنى ئەمەس - يۈرەكلەرنى كاۋاپ قىلىدىغان پىژغىرىم ئىسسىقلار، سۆڭەكتىن ئۆتۈپ جاننى قىينايدىغان قار - مۇزلۇق سوغۇقلار... ئۇلار مەنزىللىرىگە يەتكەندە قايتىدىن تۇغۇلغاندەك خۇشال بولار ئىكەندۇق، ئۇلارنىڭ بۇ خۇشاللىقىغا ھېچ نەرسە يەتمەس ئىكەندۇق... ئۇ يىللاردىكى باي - زەردارلار پەقەت يارام ئېتى بىلەنلا باشقىلاردىن پەرقلىنەر ئىكەندۇق. يىللارنى ئايلارغا، ئايلارنى كۈنلەرگە چۈشۈرىدىغىنى پەقەت شۇ ئات ئىكەندۇق. كېيىنكى كۈنلەردە ئارا يولدا كېمە ياكى پاراخوتقا چىقىدىغان ئىش بوپتۇ. ئۇلار جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ، تېنىنى كېمىگە سېلىپ، مۇسۇلماننىڭ تەۋەككۇل قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ ماڭارىكەن... قىرغاققا ئۇلاشقاندا تەڭرىگە تەشەككۇر ئېيتىپ، سەجدە قىلغاندىن سىرت، دۇمباق چېلىپ بۇ خۇشاللىقنى تەبرىكلىشەر ئىكەن.

بۈگۈنچۇ؟ ئۈرۈمچى بىلەن خوتەننىڭ ئارىلىقى بىر - ئىككى سائەتلا بوپقالدى. مەككىمۇ بىر كۈنلۈك! بىراق بىز جىددىيلىشىدىغان بوپقالدۇق. مەنزىلگە بارغۇچە نەچچە ئون قېتىم سائەتلىرىمىزگە قاراپ كېتىمىز، تىت - تىت بولۇپ ئاران تەستە مەنزىلگە يېتىمىز. ئون - ئونبەش مىنۇت كېچىكىپ قالساق ئاھ ئۇرۇپ ۋايسايلا كېتىمىز... بېيجىڭغا بىر قانچە سائەت ئۈچۈيلا بارىمىز، بارمىزيۇ ۋايسايمىز، بوران، قار، تۇمانلىنى قارغايمىز ... سەۋەبى، شۇلار سەۋەبىدىن ئايروپىلان ئونبەش مىنۇت كېچىككەنىدى... مېنىڭچە، بىز راكېتا بىلەن مارسقا ئۈچۈپ قالساق تېخىمۇ جىددىيلىشىشىمىز مۇمكىن.

سۈرئەت ئاشقانسېرى ۋاقىت كۆز قارىشىمىز تېزلىشىدىكەن... كېيىنكى كۈنلەردە يەر شارىنى بىر قانچە سائەتتە، قۇياش سىستېمىسىنى بىر قانچە كۈندە ياكى بىر ئايدا ئايلىنىپ بولۇشىمىز مۇمكىن...

ئىمكانىيەتلەر ئاشقانسېرى بەخت تۇيغۇسى سۇسلاپ ماڭىدىكەن...

ئىمكانىيەتلەر ئاشقانسېرى تەمەخورلۇق تېشىپ ماڭىدىكەن...

ئىمكانىيەتلەر ئاشقانسېرى ئالدىراشلىقىمىز ئېشىپ بارىدىكەن...

باياشاتلىق ئۇلغايغانسېرى دەرد - شىكايەتلەر كۆپىيىدىكەن...

خۇددى بايلىقى كۆپەيسېرى ئېشىۋاتقان بايدا تەمەخورلۇق كۆپەيگەندەك...

«بولغانچە بولغۇسى كېلىدۇ» دېگەندەك.

ماددىي ھاسىلاتلارنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى شۇنداق بولىدۇ... زىيادە بولغانسېرى موھتاج بولىدۇ، موھتاج بولغانسېرى بىچارە بوپقالىدۇ...

چۈنكى بەختنىڭ ئورنى قەلب، ھەرگىزمۇ يانچۇق ئەمەس... ماددىي ئىمكانىيەتنىڭ كۆپىيىشى بىلەن قەلبنىڭ ئىشى يوق...

بەخت - سائادەت قەلبتىن، ۋىجداندىن ئۇرغۇيدۇ... ئەسلىدە ئىنساننىڭ ئۆزى بىلەن ياراتقۇچىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىسى دىنىي سېزىم بولۇپ، ماددىي ھېسسىيات ئەمەس...

بەخت - سائادەت ئىنسان ھېسلىرىدىن ئېتىلىپ چىقىدۇ چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ يالغۇز ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلىدىغان بىر زاتنىڭ ئۇنى ھەمىشە كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. شۇڭا پاراخوت، ئايروپىلانلىرى بار مىليونېرلار ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشى مۇمكىن، ئەمما بىر زاھىد ئاددىي كۆلبىسىدە تەسۋىسىنى تارتىپ، تىنچ - ئاسايىشلىق بىلەن باشقىلارغا ئۆز ھەققەتلىرىنى يەتكۈزۈپ، بەخت تۇيغۇسىغا چۆمۈشى مۇمكىن.

دېمەك، «مۇكەممەل ئادەم» بىراۋنىڭ خۇشاللىق ئۇچۇرى كەلسە ئۇنى تەبرىكلەيدۇ، تەڭ خۇشال بولىدۇ، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئۈمىد بېغىشلايدۇ. ئەگەر بىراۋنىڭ دەردىنى ئاڭلىسا ھېسداشلىق قىلىدۇ، قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىدۇ، ھەتتا زۆرۈر تېپىلسا شۇ دەردمەن بىلەن نەلەرگىدۇر بىرگە بارىدۇ. بىرەر مۇسۇلمان قازا قىلسا ئۇنى باي - كەمبەغەل، مەنسەپدار - پۇقرا دېمەستىن ئىمكانىيىتى يار بەرسىلا ئۇنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىغا ھەمكارلىشىدۇ، ھەتتاكى تۇپراق بېشىغىچە بېرىپ ئۆزىنىڭ سەممىيىتىنى بىلدۈرىدۇ، مۇسىبەت ئىگىلىرىگە سەۋر تىلەپ تەسەللى بېرىپ، ئۇلارنىڭ قايغۇسىغا ئورتاقلىشىدۇ. ئۆزىنىڭ سەممىي قەلبى ۋە كەمتەرلىكىنى تولۇق ئىپادىلەيدۇ.

● «مۇكەممەل ئادەم» دوختۇرخانا، ساناتورىيىلەرنى يوقلاپ تۇرىدۇ. ئۇ يەردىكى كېسەللەر، ئاجىزلار، مېيىپلار ۋە يېتىم

باللارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ تۇردى، قىينچىلىقى بولسا چامىنىڭ يېتىشىچە ھەل قىلدى، ئۇلارغا تەسەللى بەردى، يالغۇزلۇقىغا ھەمراھ بولدى. غەملىرىنى پۈتۈنلەي كۆتۈرۈۋېتەلمىسىمۇ، يەڭگىللىتىشكە تىرىشتى.

قېتىپ كەتكەن قەلبلەر قۇرۇپ كەتسۇن! ھەسەتخور، تۇزكور كۆڭۈللەر ۋەيران بولسۇن!! ھاجەتمەنلەرگە ئالايغان كۆزلەر كور بوپكەتسۇن!!!

ئۇز نۆۋىتىدە پەقەت ۋە پەقەت رازىمەنلىك بىلەن كۈلۈمسىرەشنىڭ ئۆزىلا بىر ئادەمنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكى ۋە سەممىيىتىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ.

ئاددىي بولسىمۇ باشقىلارغا ئازغىنە سوۋغا تەقدىم قىلىش، ئۆز نۆۋىتىدە ۋاپادارلىقا بەلگە بولالايدۇ.

بىر ئېغىز بولسىمۇ ياخشى گەپ قىلىش، ئۇز نۆۋىتىدە باشقىلارنىڭ قەلبىگە سەۋرچانلىق ئۇرۇقىنى چاچالايدۇ.

قىسقا بولسىمۇ باشقىلارنىڭ قولىنى چىڭراق سىقىپ قويۇش ياكى بېشىنى سىلاپ قويۇش، ئۆز نۆۋىتىدە ئۇلارغا زور روھىي مەدەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھايات يولىنى ئۆزگەرتىۋېلىشىغا ياردىمى بوپقالىدۇ.

ئويلاپ بېقىڭ: تۇيۇقسىز يولدا ماشىنىڭىز بۇزۇلۇپ قالدى. چاتاقنىڭ نەدىلىكىنى بىلەلمىدىڭىز، بىلسىڭىزمۇ ياسىيالمىدىڭىز. جىددىيلەشتىڭىز. ھاۋا سوغۇق ياكى بەكلا ئىسسىق ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كەچ كىرىۋاتاتتى. مەنزىلگە خېلى بار ئىدى. شۇنداق چاغدا بىر ماشىنا توختاپ سىزگە ياردەملەشتى. ماشىنىڭىز ئوڭشالغاندا ئۇ سىزگە ئىسمىنىمۇ دەپ بەرمەي كېتىپ قالدى. سىزگە ئۇ تەڭرى ئەۋەتكەن پەرىشتە بىلىندى. ئۇ ئەسلىدە مۇكەممەللىككە قاراپ كېتىۋاتقان ئىنسان ئىدى. مۇكەممەل ئادەم ئەنە شۇنداق باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى ئۆزىنىڭ بەختى دەپ قارايدۇ.

● «مۇكەممەل ئادەم» ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ تەلىم ـ تەربىيىسىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدۇ. جەمئىيەتتە ياشلارنىڭ «مەدەنىيلىشىش» نامى بىلەن ئۆزگىلەرنىڭ ئېتىقادىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە باشقا ساھەلەردىكى ياخشى ـ يامان «مەھسۇلاتلىرى»نى ئىلغىماستىن قوبۇل قىلىشلىرىغا قاراپ تۇرمايدۇ. ئۇلارنىڭ يامان نىيەتلىك كىشىلەر تەرىپىدىن نابۇت قىلىنىشىغا رازى بولمايدۇ. كۆڭۈل خاھىشلىرىغا غەرق بوپكەتكەن ياشلارنى كۈچىنىڭ يېتىشىچە قۇتقۇزۇشقا تىرىشىدۇ. ئۇلارنىڭ غاپىللىرىنى ئويغىتىدۇ. شەھۋەت ۋە غەپلەتلەردىن مەست بوپكەتكەن ياشلارنى ھالاكەت گىردابىدىن تارتىۋېلىشقا ھەرىكەت قىلىدۇ.

ياشلار ـ ئەتىنىڭ ئىگىلىرى بولمىش شۇ ياشلارغا قوپاللىق، لەنەت ـ نەپرەت، تىل ـ ئاھانەت بىلەن ئەمەس بەلكى سەممىي، ئىللىق چىراي، تەبىئىي ۋە تاتلىق تىل بىلەن، چۈشەنچ ۋە ئىشەنچ بىلەن، ئۇلارغا دوست بولۇپ تۇرۇپ، يېقىن ھەمراھ بولۇپ تۇرۇپ تەربىيە قىلىدۇ، چۈشەندۈرىدۇ. ئۆزىلا گەپ قىلىۋالماستىن ئۇلارنىڭمۇ گەپ ـ سۆزىگە قۇلاق سالىدۇ، چۈشەندۈرۈشلىرىنى، ئىزاھاتلىرىنى سەۋرچانلىق بىلەن تىڭشايدۇ. ئۇ (مۇكەممەل ئادەم)نى بۇ ساھەدە خۇددى ئالەملەر ئارىسىدا كېتىۋاتقان مۇقەددەس كىتابقا ئوخشىتىش مۇمكىن.

● «مۇكەممەل ئادەم» كىشىلەر ئارىسىدىكى زىددىيەتلەرگە، ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان گىنە ـ ئاداۋەت، ھەسەت، دۈشمەنلىكلەرگە دىققەت قىلىدۇ.

ئاكا ـ ئۇكا، ئاتا ـ بالا، ئەر ـ ئايال، يېقىن تۇغقان، ئەل ـ ئاغىنە، قولۇم ـ قوشنا، خىزمەتداش... لار ئارىسىدىكى ئۆچمەنلىك، دۈشمەنلىك ۋە ئاداۋەتلەرگە ئۇ سۈكۈت قىلمايدۇ، تاماشا كۆرمەيدۇ، ئۇلارنىڭ تىنچ ـ ئىتتىپاق ئۆتۈشىگە ياردەم قىلىدۇ. ئاداۋەتتە ئۆتۈۋەرسە ھەر ئىككى تەرەپنىڭ گۇناھكار بولىدىغانلىقىنى قايىل قىلىپ تەپسىلىي چۈشەندۈرىدۇ...

ئۇ، ئۈزۈلگەننى ئۇلايدۇ، سۇنغاننى ئاڭىدۇ، ئېچىلىپ قالغاننى ياپىدۇ، تۈگۈلۈپ كەتكەننى ئىللىتىدۇ، ئېگىلگەننى تۈزەيدۇ، بۇزۇلغاننى ئوڭشايدۇ، چېچىلغاننى جۇغلايدۇ... ئۇ يەنە ئاداۋەتنى مۇھەببەتكە،جېدەل ـ ماجرانى دوستلۇققا، ئايرىلغاننى بىرلىككە ئايلاندۇرىدۇ.

تامنىڭ يېرىقىدا ياشايدىغان چۈمۈلە ئۆزىنىڭ كىچىك دۇنياسىدا ياشايدۇ. بىر قانچە مېتىر يەردە ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىر ئۆمۈر قىلىدىغان ئىشى ئوۋاق نان ياكى دانلارنى ئۇۋىسىغا توشۇش. ئۇ، كائىناتنى ئاشۇنچىلىكلا چۈشىنىدۇ، پۈتكۈل دۇنيا شۇ دەپلا قارايدۇ، ئۇنىڭ دۇنياسى ئاشۇنچىلىك. ئۇ، ھاياتلىقنىڭ مەقسىتى ئوزۇق تېپىش دەپلا قارايدۇ. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ سېزىمى شۇنچىلىك.

ئەمما ئىنسانلارچۇ؟ ئىنسانلار ئۇ يېرىقنىڭ مەلۇم بىر تامدىكى تولىمۇ كىچىك تۆشۈكلىكىنى، ئۇ تۆشۈكنىڭ بىر بىناغا نىسبەتەن ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغانلىقىنى ، بىر بىنانىڭ مەھەللىگە ، مەھەللىنىڭ بولسا شەھەرگە، شەھەرنىڭ ئۆلكىگە نىسبەتەن بەكلا كىچىكلىكىنى، ئۆلكە دۆلەتكە نىسبەتەن يەنىلا كىچىكلىكىنى... دۆلەتنىڭ قىتئەدىن، قىتئەنىڭ يەر شارىدىن، يەر شارىنىڭ قۇياش سىستېمىسىدىن، ئۇنىڭ باشقا سىستېمىلاردىن كىچىكلىكىنى بىلىدۇ. ئىنسانلار ھەقىقەتەن بۇلارنى بىلىدۇ، بىلىپ تۇرۇپ يەنە تالاي ئىنسان ئەنە شۇ چۈمۈلىدەك تەپەككۇر، چۈمۈلىدەك تۇرمۇشتا ياشايدۇ. ئۇلار ئۇز ئالدىغا ئۇۋا، ئېتىقاد، تەپەككۇر، تۇرمۇش ئورۇنلاشتۇرۇۋالغان... ئۇۋىسىغا، ئېتىقادىغا، تەپەككۇرىغا، تۇرمۇشىغا دەخلى ـ تەرۇز يەتمىسلا ياشاۋېرىدۇ. خۇددى چۈمۈلە ياشىغاندەك، تاشپاقا ئۆمىلىگەندەك...قارىغۇ ئۇۋىسىدا ھەسەت، نەپرەت، تەمەلەرنى ھەمراھ قىلىپ...

www.uyghurkitap.com

ئەسلىدە دۇنيا تولىمۇ كەڭ ئىدى، ئەمگەك ۋە بەخت - سائادەتنىڭ ئىمكانىيەتلىرى چەكسىز ئىدى... خىلمۇ خىل بايقاشنىڭ پۇرسەتلىرى ئاجايىپ كۆپ ئىدى. چۈنكى دۇنيا ھەر بىر دەقىقىدە ئەمەس، ھەر بىر لەھزىدە يېڭىلىنىپ تۇراتتى. ئىنسانلار ئايغىمۇ چىقتىغۇ؟!

تېلېكامېرالار مارس ۋە باشقا پلانېتالارنى تەكشۈرۈۋاتىدىغۇ.

ھەيرانمەن! ئىنسان ئاجايىپ مەخلۇق ئىكەن. ئۇ چۈمۈلىگە ئوخشاش ئۆز - ئۆزىنى ھاياتلىق تېمىنىڭ ئارىسىغا قىسۋېلىپ جېنىنى قىينايدىكەن. ئۇ، ئۆچمەنلىكتىن چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، ئۆز گۆشىنى ئۆزى يەيدىكەن. بىرلا قېتىم كېلىدىغان ھاياتنى قەدىرلىمەي، جېنىنى ئېكەكدەيدىكەن...

توۋا! ئادەملەر نېمە ئۈچۈن بىر - بىرىنىڭ نەرسىلىرىنى ئوغرىلايدىغاندۇ؟ ئەتراپىدا چەكسىز ياخشىلىق تۇرسا، شۇ ياخشىلىقلاردىن بەھرە ئېلىش كويىدا بولماي، بىر - بىرىگە تاجاۋۇز قىلىشىدىغاندۇ؟ نېمە ئۈچۈن كائىناتتىكى بەدىئىي ۋە تەبىئىي گۈزەللىكلەرگە، قانۇنىيەتلەرگە، ھېكمەتلەرگە قاراپ ھۇزۇر ئېلىپ، ئۈمىدۋار بولۇپ ياشىمايدىغاندۇ؟...

شۇ خىل ئىنسانلار نېمىشقا ئۆۋۈلىرىدىن چىقىپ ئەتراپقا بېقىپ، قۇياشنىڭ ئىللىق نۇرىغا مەڭزىلىرىنى يېقىپ، گۈزەل دۇنياغا كۈلۈپ باقمايدىغاندۇر - ھە؟!

نېمىشقا ئۇششاق - چۈششەك غەملىرىمىزنى چوڭ غەم قاتارىغا كىرگۈزۈۋېلىپ، مىللىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى، ئەلنىڭ ئاسايىشلىقى... بەلكى ئىنسانىيەتنىڭ گۈللىنىشى دېگەندەك چوڭ غەملەرنى بىر چەتكە قايرىپ قويىدىغاندىمىز - ھە؟

ئەسلىدە بىزدە مەنىۋى قانات بار. نېمە ئۈچۈن ئۇچۇشنى تەجرىبە قىلىپ باقمايدىغاندىمىز - ھە؟ ...

ئىنسانىيەتنىڭ مانا شۇنداق ئارتۇقلۇق ۋە كەمچىلىكلىرى مۇكەممەللەر تەرىپىدىن تارازىلىنىدۇ...

● «مۇكەممەل ئادەم» ۋاقىتنى، ئىقتىسادنى ۋە تىرىشچانلىقنى ئۆز خەلقىگە ئاتىۋەتكەن بولىدۇ. ئەگەر كىشىلەرگە تۇيۇقسىزدىن بىر بالايىئاپەت يۈزلەنگەن بولسا (تەڭرىم ھەممىمىزنى ئۇنداق بالالاردىن ساقلىغاي) — مىسالەن: يەر تەۋرەش، قاتناش ھادىسىسى،كەلكۈن، ئوت ئاپىتى، يۇقۇملۇق كېسەللەر ... دېگەندەك — ئۇ بارلىقىنى باشقىلارنى قۇتقۇزۇشقا ئاتىۋېتىدۇ. ئەگەر شۇ ھالەتلەردە ئۇ سىزگە لازىم بوپقالسا، سىز ئۇنى چوقۇم ئوت ئىچىدىن، سۇ ئىچىدىن، يارىدارلارنى يۆتكەۋاتقان يەرلەردىن تاپىسىز...

● «مۇكەممەل ئادەم» نى ئىلگىرى ئاچ قورساق، يېلىڭ، ئاغرىقچان يۈرگەن ئادەملەردىن سوراڭ... ئۇلار سىزگە «مۇكەممەل ئادەم»نىڭ قانچىلىك مەردۇ - مەردانىلىكىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. يەنە ئۇنى مال - دۇنيانىڭ ئىمان-ئېتىقاد ۋە پەزىلەت ئالدىدا ئۇنچە ھەيۋىتىنىڭ يوقلۇقىنى بىلىدىغان ساخاۋەتلىك بايلاردىن سوراڭ. ئۇلارغا شۇ مۇكەممەل ئادەم قانچىلىغان قېتىم چۈشەنچە بەرگەن، ئۇلارنىڭ ساخاۋەتلىك قوللىرىدىن شۇ مال -دۇنيانى ئېلىپ نامراتلارغا تارقىتىپ بەرگەن. ئۇلار بىلىدۇ، ئۇلار سىزگە سۆزلەپ بەرسۇن.

● «مۇكەممەل ئادەم»نىڭ قوشنىلىرى ئۇنىڭدىن زارلانمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭدىن سۆيۈنىدۇ، ئاشۇنداق قوشنىسى بولغىنىغا تەڭرىگە تەشەككۈر ئېيتىدۇ. بولۇپمۇ بۈگۈنكىدەك قوشنىدارچىلىق سۇسلاپ كەتكەن بىر زاماندا مىللەتنىڭ بۇ ئېسىل ئەخلاق - پەزىلىتى بولمىش مىللىي مىراسىمىزنى قوغدىغان بۇنداق كىشىلەرنى مۇكەممەللىك كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزمەسلىك، مېنىڭچە، ئاقىلانىلىك ئەمەس.

● «مۇكەممەل ئادەم» نىڭ مۇستەقىل مەيدانى، پرىنسىپى، ئالاھىدە نىشانى ۋە پىكرى بولىدۇ. يول قانچە ئۇزۇن، ئۇ يولدا ماڭىدىغان ئادەم قانچە ئاز بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ زادىلا ئىككىلەنمەي ئۆز يولىدا مېڭىۋېرىدۇ. قارشى تۇرىدىغانلارنىڭ كۆپلىكى ئۇنىڭ مەيدانىنى تەۋرىتەلمەيدۇ. ئەتراپىدىكىلەر ئۆلۈۋاتسىمۇ توغرا پرىنسىپتىن يانمايدۇ. ناھەقچىلىك قانچىلىك ئۇزۇن داۋاملاشسىمۇ ئۇ چىدايدۇ. ئازار يەپ تۇرسىمۇ ئۇ چىدايدۇ. رەقىبلىرى قارشىلاشسىمۇ ئۇ چىدايدۇ. ئۆچمەنلىك كۆپەيسىمۇ چىدايدۇ. ئۇ، ھەقىقەت ئۈچۈن ئۆلۈمنى ئۆزىگە راۋا كۆرىدۇ. كۈن ئالماق قەستىدە، جان باقماق مەقسىتىدە ھەقىقەتتىن يانغانلارغا رېئاللىقتىن تانغانلارغا پەقەتلا ئوخشىمايدۇ.

پەقەت بىلىشنىڭ ئۆزىلا ئىگىسىنى ياقتۇرمايدىغان ئىشلاردىن ساقلىيالمايدۇ. كىشىلەر تاماكىنىڭ زىيىنىنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە تاماكا چېكىدۇ. ھاراقكەش دوختۇرلار تولا گەپ... تالاي كىشى شەھۋەتنىڭ ھايۋانىيلىقىنى، ھەۋەسنىڭ ئازغۇنلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنە شۇلارغا بويسۇنىدۇ... يازغۇچى ۋە سەنئەتچىلەر ئىچىدە ھاراقكەش ۋە ئاق چېكىدىغانلار يوق دېيەلەمسىز؟

پارا ئالىدىغان سوتچى، ئوغرىلىق قىلىدىغان، ياۋاشلارنى قاقتى - سوقتى قىلىدىغان ساقچى، خاتىرجەملىكنى بۇزىدىغان ئامانلىق ساقلىغۇچى، بىلىپ تۇرۇپ ھەقىقەتنى سۆزلىمەيدىغان گۇۋاھچى... ئادەملەر يوقمۇ؟

سېمىز ئادەم تاماقنى ئەڭ كۆپ يەيدۇ، ئۇ ئارتۇق تاماقنىڭ زىيان قىلىدىغىنىنى بىلمەمدۇ؟

ھالال ۋە ھارام توغرىسىدا بەكرەك سۆزلەيدىغان بەزى ئادەملەر ھارامغا بەكرەك يېقىن بوپقالىدۇ.

ئادەملەرنىڭ ئەخلاق دەرىجىسىدىكى پەرقلىرى بىلىم بىلەن ئەمەس، ئىرادە ۋە غەيرەت پەرقلىرىدىن ئايرىلىدۇ. تاماكىنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بىلىشىڭنىڭ ئۆزىلا تاماكا تاشلاشقا يېتەرلىك بولمايدۇ. سەن يەنە بىر نەرسىگە، يەنى ئىرادە ۋە غەيرەتكە موھتاج بولىسەن. بۇ ئىشلارنى بىلىشىڭ ۋۇجۇدۇڭغا سىڭىپ، دىلىڭغا ئورنىشىپ، تاماكىغا نەپرەتلەنگۈدەك تۈيغۇ

ياكى سىزىم بەرسە، ھەمدە ئۇنى تاشلاشقا ئىرادە ۋە غەيرەت قىلساڭ، ئاندىن مەقسەتكە يېتەلەيسەن...

بەتنىيەت ئىلىم ئەخلاقنى مېۋىلەتمەيدۇ، ھېكمەتنىمۇ كۆرسەتمەيدۇ... بەلكى ئۇ (ئىلىم) ئىگىسىنى زالىمغا، قانخورغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ... يا ئىتتەك چىشلەيدۇ ۋە يا قۇرتتەك ئېكەكدەيدۇ...

ئىشەنمەمسىز؟ ئېلېكترونلۇق ئۈسكۈنىلەر ئوغرىلىق ئۈچۈن ئىشلىتىلىۋاتامدۇ؟ تېببىي ئىلىم ھامىلىنى چۈشۈرۈپ، لەززەتنى ئۇزارتىۋاتىدىغۇ؟ سۇنئىي ھەمراھ جاسۇسلۇق ئۈچۈن ئىشلىتىلىۋاتامدۇ؟ ئالەم بوشلۇقى ئىلمى ئىنسانلارغا تەھدىت كەلتۈرۈۋاتامدۇ؟ بۇ،« قۇرئان كەرىم»دىكى «ئاد» قوۋمىنىڭ چوڭايتىلغان ۋارىيانتىنى ئەسلىتىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر ھەربىر ئېگىز جايغا ئويۇن-كۈلكە ئۈچۈن بىر ئالامەت(يەنى ئېگىز بىنا)سالامسىلەر. (گويا سىلەر ئۆلمەيدىغاندەك) دۇنيادا مەڭگۈ قېلىشنى ئۈمىد قىلىپ پۇختا سارايلارنى سالامسىلەر. ئەگەر (بىراۋنى)جازالىساڭلار، زالىملاردەك جازالايسىلەر. سىلەر ئاللادىن قورقۇڭلار، ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار. سىلەرگە سىلەر بىلىدىغان نېمەتلەرنى ئاتا قىلغان ئاللادىن قورقۇڭلار.»(سۈرە شۇئەررا 128 ـ 132 ـ ئايەتلەر، «قۇرئان كەرىم»، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 ـ يىل نەشرى).

مانا شۇنداق پەرقلەرنى مۇكەممەللىككە ئىنتىلگۈچىلەر ئايرىۋاشلاشقا ئۇرۇنىدۇ.

گاھىدا ئىنسان مەغرۇرلۇققا ئالدىنىپ كەتكىنىنى بىلەلمەي قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەممە نەرسە ئۆز ئالقىنىدىدەك، خۇددى تاغنى يوتكىيەلەيدىغاندەك ھېس ـ تۇيغۇغا كېپقالىدۇ.

ۋاقتىنچە تەلىيى ئوڭ كېلىپ ، يەنى «ئوشۇقى ئالچۇ چۈشۈپ»، ئىشارىتى ئۇنىڭغا باققاندا خۇددى ھېتلېر، موسسولىنىلارغا ئوخشاش ئالەمنى مالەم قىلماقچى بولىدۇ. ئۇنداق قانخور ئىبلىسلارنىڭ ئىنسانىيەتكە كەلتۈرگەن بالايىئاپىتى ئاخىرى ئۇلارنى دار ئاستىغا ئېلىپ بارىدۇ.

ئەمەلىيەتتە ھېچكىم بۇنداق مۇتلەق ئۈستۈنلىككە ئىگە بولالمايدۇ. ئىنساننىڭ قىلىۋاتقىنى چەكلىك دائىرىدىكى ئىنسانغا خاس تىرىشچانلىقىدۇر. بۇ خىل تىرىشچانلىقنى توغرا تەپەككۇر ۋە توغرا يۆنىلىشتە ئېلىپ بارمىسا ئۇنداق ئىنسان ئۆز ـ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان مەغرۇر، ساددا ئىنساندۇر. مۇتلەق كامالەت بەندىلەرگە خاس ئەمەس!

ئەنە شۇنداق مەغرۇرلارغا، تەكەببۇرلارغا، زالىملارغا مۇكەممەللىككە ئىنتىلگۈچىلەردىن باشقا كىممۇ ئىشنىڭ توغرىسىنى ئېيتىپ بېرەلەيدۇ؟!

ھېكايەت: بىر ئائىلىدە ئاتا-ئانا، ئىككى ئوغۇل، بىر قىز — بەش جان ياشايدىكەن. دادا بالىلىرىغا ئىنتايىن كۆيۈمچان بولۇپ، ئائىلىنىڭ بەخت - سائادىتىنى ئۆزىنىڭ بەختى دەپ قارايدىكەن ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق تىرىشچانلىقنى كۆرسىتىدىكەن. ئانا ۋە بالىلارمۇ ئاتىنى تولىمۇ ھۆرمەتلەيدىكەن ۋە بىزگە ئەڭ كۆيۈنىدىغان ئادەم يەنىلا مۇشۇ دەپ قارايدىكەن... بىر كۈنى دادا تىرىكچىلىك ئۈچۈن سىرتقا (باشقا شەھەرگە) چىقىپ كېتىپتۇ. كېيىن ئۇنىڭدىن بىر پارچە خەت كېلىپتۇ. ئۆيدىكىلەر بۇ خەتنى ناھايىتى چوڭ بىلىپ ئەتىۋارلاپ، باغرىغا بېسىپ، ئېھتىرام بىلدۈرۈپتىمۇ، خەتنى ئېچىپ ئوقۇماپتۇ. كېيىنكى خەتلەرنىمۇ شۇنداق قىپتۇ. دادىسىنى كۆرگۈسى كەلگەندە ھېلىقى خەتلەرنى ئېلىشىدىكەن، باغرىلىرىغا بېسىشىدىكەن، ئەمما يەنىلا ئۇنى ئوقۇمايدىكەن... بىر قانچە زامان ئۆتۈپ، ئۇ دادا قايتىپ كېلىپتۇ. ئۇ، ئۆيگە كىرسە كىچىك ئوغلىلا بار ئىكەن. «ئاپاڭ قېنى؟» دېگەن سوئالغا بالا: «ئېغىر كېسەل تارتىپ، داۋالىنىشقا پۇل يوق ئۆلۈپ كەتتى» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. دادا: «مەن ئەۋەتكەن تۇنجى خەتنى ئوقۇمىغانمىدىڭلار؟ ئۇنىڭدا پۇل چېكى بار ئىدى» دەپتۇ. بالا ئۇ خەتنى ئوقۇمىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. «ئاكاڭ قېنى؟» دېگەن سوئالغا: «ئەسكى بالىلارغا قېتىلىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. «ئىككىنچى خەتنى ئوقۇمىغانمىدىڭلار؟ مەن ئۇنىڭدا ئاكاڭنى يامان بالىلارغا قېتىلماسلىق توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرغانىدىم» دېگەن سوئالغا بالا: «ياق» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. «ئاچاڭچۇ؟» دېگەن سوئالغا بالا: «ئاچام يالانى ئادەمگە ياتلىق بولغانىدى، ئۇ، ئاچامنى بەك بوزەك قىلىپ ئۆيدىنمۇ چىقارمايدۇ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. دادا: «ھەي ي! كېيىنكى خەتنىمۇ ئوقۇمىغانىكەنسىلەر-دە. مەن ئۇنىڭدا شۇ يامان ئادەمگە ئالدانماسلىق ھەققىدە ئاچاڭنى ئاگاھلاندۇرغانىدىم» دەپتۇ. دادىسىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلدۇق دەپ قويۇپ، خېتىنى ئوقۇمىغان ئائىلە ۋەيران بوپتۇ...

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن:

بىزدە ئاجايىپ ئېسىل كىتابلار بار. ئالدى مۇقەددەس كىتابلاردىن تارتىپ، ئاخىرى مانا شۇ قولىڭىزدىكىدەك ئاددىي رىساللەرگىچە... بۇ ئارىلىقتا ئابا ـ ئەجدادلىرىمىزنىڭ مىراسلىرى، تەلىم ـ تەربىيە ئۆگۈتلىرى، ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرى، تەجرىبە ـ ساۋاقلىرى، ھۈنەر ـ كەسىپلىرى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى... ھەممە ۋە ھەممىسى بار. بىز ئۇلارنى ئۇلۇغ كىتاب، مۇقەددەس كىتاب، مىراس كىتاب، بەلەن كىتاب دەپلا يۈزىمىزگە سۈرۈپلا، ئېگىز يەرگە ئېلىپ قويۇپلا، يىللار ئۆتكەنسېرى مۇنچە يىللىقى، ئۇنچە يىللىقى دەپ خاتىرىلەپلا قويساق، بىر كۈنلەر كېلىپ، دادىسىنىڭ خېتىنى ئوقۇمىغان ئائىلىدەك ۋەيران بولمايمىز دېيەلەمدۇق؟ شۇڭا ئاز بولسۇن، كۆپ بولسۇن ئوقۇغىنىمىزغا ئەمەل قىلمىقىمىز پەرزىمىز ۋە قەرزىمىزدۇر.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، يۇقىرىدا دېيىلگەن مۇكەممەللىك شەرتلىرى بىر قارىسا بەك مۇرەككەپتەك تۇرسىمۇ، سىنچىلاپ قارىسىڭىز ئۇنچە مۇرەككەپ ئەمەس. ئۇ پەقەت سىزدىن كەسكىن ئىرادە، ئۈستۈن غەيرەت، ئىككىلەنمەسلىك، مۇستەھكەم چىڭ تۇرۇش ۋە دەرھال تۇتۇش قىلىش... نىلا تەلەپ قىلىدۇ، خالاس.

2009 ـ يىل 22 ـ فېۋرال، شەھىرى كورلا

---

ئاپتور: كورلا شەھەر «ئارقان» زەنجىرسىمان تاللا بازىرىنىڭ خوجايىنى(M1)



# هالاللىق ـ مۇۋەپپەقىيەتنىڭ يولخېتى

## ـ ئابدۇللا ئىرپان تەمسىل قىلىنغان مۇۋەپپەقىيەت ھەققىدىكى قىسقا مۇلاھىزە

ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقىي

1

جاھاننىڭ ئىشلىرى قىزىق! نەچچە يىل ئىلگىرى خوتەندىلىك ئەزىز ھاجىم ئۇرۇمچى تۆشۈكتام (ساكفاگو)نىڭ ئادەم بىرەر مۇھىم ئىشى بولمىسا بارمايدىغان، كوچا ئاپتوبۇسى يېتىملا قاتنىغان بىر كوچىسىغا «خوتەن قەدىمىي ئۇيغۇر تائاملىرى ئاشخانىسى»نى ئاچقاندا ھەيران قالغانىدىم: تولا ئادەمنىڭ نەزىرىدە ئاشخانا ئېچىش ئەخمەقلىق دەپ قارىلىدىغان يەرگە ئەزىز ھاجىم ئاشخانا ئېچىپ سودىسى تازا ئاققان، خېرىدارلار نە ـ نەدىن تاكسى توسۇپ ئۇ ئاشپۇزۇلغا بېرىپ تاماق يېيىشەتتى.

مانا ھازىر ئۇ ئاشخانىغىمۇ ھەش ـ پەش دېگۈچە نەچچە يىل بوپقاپتۇ. يېڭى ـ يېڭى رېستوران ۋە ئاشپۇزۇللار پات ـ پات ئېچىلىپ، ۋەيران بولۇپ تۇرىدىغان ئۇرۇمچىدە ئەزىز ھاجىمنىڭ ئاشخانىسى تېخىمۇ گۈللەپ ـ روناق تاپتىكى، ئاتايىن ئۇيەردە تاماقلىنىدىغانلار كۆپىيىۋەردى.

مەن بۇ ئاشخانىدا نەچچە قېتىم تاماق يېگەن بولساممۇ ئەزىز ھاجىمنى كۆرۈپ باقمىدىم. ئېھتىمال، كۆرسەممۇ تونۇمىغاندىمەن.

لېكىن مەن ھاجىمنىڭ تىجارەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش سىرىنى سەمىمىيلىك، هالاللىق، ھۆنەرگە ساختىلىق قىلماسلىق، خاسلىقتىن بازاردا يول تېپىش دەپ چۈشەندىم. ئەمما بۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر تىجارەتچى ھاجىم ئۆزىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت سىرىنى قانداق يەكۈنلەيدۇ، بۇ ماڭا نامەلۇم. ئېھتىمال، ئالدىراشلىقتىن بۇ خۇسۇستا ئويلاش ـ خۇلاسىلەشكە ۋاقتى بولمىغاندۇ. ئەمەلىيەتتە شۇكى، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ھەققىدە ئويلىنىش كۆپىنچە ھالدا مەغلۇب بولغان ئادەملەردە كۆپرەك كۆرۈلىدىكەن؛ ئىشلىرى راۋان يۈرۈشۈپ ـ يول تاپقان ئادەملەر بۇ ھەقتە زېھنىنى چاچماي، بەك چوڭقۇر ئويلىنىپ كەتمەيدىكەن. بەلكىم ئۆزلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدا بىرەر سىر بار دەپ ئويلىماسلىقى مۇمكىن. چۈنكى مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئەسلى ئۇنچىۋالا سىرلىق ئەمەس. خۇددى مەن ئەزىز ھاجىمنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش سىرىنى «سەمىمىيلىك، هالاللىق، ھۆنەرگە ساختىلىق قىلماسلىق، خاسلىقتىن بازاردا يول تېپىش» دەپ چۈشەنگىنىدەك ئاددىي لېكىن سىناقتىن ئۆتكەن قانۇنىيەتلەر بولۇشى مۇمكىن.

2

ئابدۇللا ئىرپان بىلەن قاچان تونۇشقانلىقىم يادىمدا يوق. ئوتتۇرىمىزدىكى مۇناسىۋەتمۇ سىرتىمىزدىن ئاز ـ تولا بىلىشىدىغان تونۇشلۇق چۈملىسىدىن ئىدى. چۈنكى مەن ھەتتا ئابدۇللانىڭ فامىلىسىنىمۇ بىلمەيمەن. بىلمەسلىكىم، ئۇنىڭ «ئىرپان لۇغىتى»نى سېتىۋېلىپ، ھەر دائىم مۇشۇ ئېلېكترونلۇق لۇغەتنى ئىشلەتكەندە، ئۇنى ئىشلەپ بازارغا سالغان «ئىرپان» شىركىتىنىڭ بەرپاچىسى ۋە خوجايىنى بولمىش ئابدۇللانىڭ نامى ئەگەشىپلا ئېسىمگە كەلگەنلىكىدىن بولسا كېرەك. ھەتتا بەزىدە «ئابدۇللا» دېگەن ئىسىم بىلەن «ئىرپان» دېگەن ئىسىمنىڭ باغلىنىپ كېتىشى، كاللامدا شۇنداق تەبىئىي ھەمدە ئەزەلدىن شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىكتەكلا تۇيۇلىدۇ.

قىسقىسى، ھازىر ئۇيغۇرنىڭ ئاساسىي لۇغەت فوندىدىن ئورۇن بوشىتىپ، ئىلىم دېگەن سۆزنى دېگەندە قوشما سۆز سۈپىتىدە دەپ قويۇشقا ئادەتلىنىۋاتقان، كونىراشقا قاراپ يۈزلەنگەن «ئىرپان» دېگەن سۆز قايتىدىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاساسىي لۇغەت فوندىدىن ئورۇن ئالدى. ئابدۇللانىڭ «ئىرپان» شىركىتى ۋە ئۇ ئىشلىگەن «ئىرپان» يۈرۈشلۈك ئېلېكترونلۇق لۇغەتلىرى بۇ سۆزنىڭ تىلىمىزدا قوللىنىشىغا يېڭى قىممەت ئاتا قىلدى.

ئادەتتە ئەدەبىياتتا تىپىك ئوبرازلارنى ياراتقان، خەلقىمىزنىڭ لۇغەت فوندىغا ئەسەرلىرىدىكى مەلۇم ئوبراز، مەلۇم ئىسىم، مەلۇم

«ياخشى نىيەت ـ يېرىم دۆلەت»

www.uyghurkitap.com

سىموۋوللۇق ناملار بىلەن تەسىر قىلغان قەلەمكەشلەرنى مۇۋەپپەقىيەت قازانغان يازغۇچى دەپ قارايمىز. «سايىماخۇن» دېگەن گەپ دراماتورگ تۇرسۇن يۇنۇسنىڭ «كۆتۈلمىگەن توي » درامىسى ئارقىلىق ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئومۇملىشىپ، خوتۇندىن قورقۇش، زەيپانىلىق مەنىسىنى بېرىدىغان ئىبارىگە ئايلاندى. مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «قۇم باسقان شەھەر» رومانى تىلىمىزغا «بىغەملەر شەھىرى» دېيىدىغان مەسەللىك مەنىگە ئىگە يېڭىچە ئاتالمىنى تەقدىم قىلدى. ئەسئەت سۇلايماننىڭ «تەكلىماكانغا دۆملەنگەن روھ» (بۇ ماۋزۇدىكى ماقالە ژۇرنىلىمىزنىڭ 1997 ـ يىل 5 ـ سانىغا بېسىلغانىدى. ــ مەسئۇل مۇھەررىردىن) دېگەن ئاتالمىسى تىلىمىزدا مىللىي روھنى ئوبرازلىق ئىپادىلەيدىغان ئىلمىي ئىبارىگە ئايلانغان بولسا، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئىز»، «ئويغانغان زېمىن»، زوردۇن سابىرنىڭ «ئانا يۇرت» ناملىق تارىخىي رومانلىرى زېمىن، يۇرت، ئىز دېگەن سۆزلەرنى قايتىدىن جۇلالاندۇرۇپ، يېڭىچە تارىخىي قىممەتكە ئىگە قىلدى.

گەرچە ئابدۇللا ئېرپان ئەدەبىياتچى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنى ئۆزىنىڭ ئىجادىيىتى ياكى مەھسۇلاتى بولغان «ئېرپان» ئېلېكترون لۇغەتلىرى بىلەن «ئېرپان» سۆزىگە يېڭىچە مەنا، تۇس قوشتى دېيىشكە تامامەن ھەقلىقمىز، ئەلۋەتتە. بۇ نۇقتىدا ئۇنىڭ تۆھپىسى مۇۋەپپەقىيەت قازانغان يازغۇچىلاردىن كەم ئەمەس. خۇددى بۈگۈن «ئارمان»، «ئىخلاس»، « ئىپار »، «بوغدا » ... قاتارلىق ناملار كارخانىچىلار تەرىپىدىن يېڭى قىممەتكە ئىگە قىلىنغىنىغا ئوخشاش، بۇ خىل ئىجادىيەتنىڭ بىر مىللەتنىڭ تىلىنى بېيىتىدىغان ۋە يارقىنلاشتۇرىدىغان يەنە بىر ئامىل ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. تىلچىلارغا مەلۇمكى، بىر مىللەتنىڭ ئىجادىي كۈچى شۇ مىللەت تىلىدا يېڭى ناملارنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ.يېڭى ئىجادىيەت ۋە ئىختىرالار بولمىغان مىللەت خەق ياساپ، ئات قويۇپ بولغان نەرسىگە قايتا ئات قويۇشقا ياكى ئەسلىدىكى تىلدا قانداق ئاتالغان بولسا شۇنداق ئاتاشقا مەجبۇر بولىدۇ.ئۆزىگە خاس ئېسىل مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپ بازارغا سېلىپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت فوندىغا يېڭىچە تەسىر كۆرسىتىۋاتقان كارخانىچىلارنىڭ تىلىمىزغا كۆرسىتىدىغان رولىغا قايتا باھا بېرىش زۆرۈرىيىتى باردەك قىلىدۇ.

بىراق، تولىمۇ ئۇزاق تارىخىمىزدىن كېلىۋاتقان شۆھرىتى ئالەمگە مەشھۇر ئۇلۇغ ئالىم ـ مۇتەپەككۇرلار، خانلىقلار، خاقانلار، پەخىرلىك مىللىي قەھرىمانلارنىڭ نام ـ شەرىپىنى ناچار ياكى ئەلنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قېلىۋاتقان مەھسۇلات، كارخانا، رېستوران، دۇكانلىرىغا نومۇس قىلماي قويۇپ، بۇ تارىخىي ناملار شەنىگە داغ كەلتۈرۈۋاتقانلارمۇ يوق ئەمەس، ئەلۋەتتە.

3

بەزىدە غەلىتە خىياللارنى قىلىپ قالىمەن. خۇددى قىسقا يازمامنىڭ بېشىدا ئەزىز ھاجىمنىڭ مۇۋەپپەقىيەتنى ئۆزۈمچە كالتە مۇھاكىمە قىلىپ ئۆتكەندەك، ئابدۇللا ئېرپاننىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش يولى ھەققىدىمۇ خىيالغا چۆكۈپ قالىمەن. ئابدۇللا ئېرپانغا مۇۋەپپەقىيەت ئاچقۇچىنى تۇتقۇزغان ئامىل زادى نېمە؟

كەمىنىنىڭ قارىشىچە، بەزى ئادەملەر ئەقىل ـ پاراسىتىگە تايىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانسا، يەنە بەزى ئادەملەر دۇرۇس نىيىتى، لەۋزى ھالاللىقى بىلەن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىكەن.

لېكىن مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلارنىڭ ھەممىسىلا ئەقىل ـ پاراسەتلىك ۋە ياكى ئېسىل تەبىئەتلىك، كامىل ئادەملەرمۇ؟ يۇقىرىقى شەرتلەرنى ھازىرلىيالمىغانلار مۇۋەپپەقىيەت قازىنالامدۇ؟ ناتايىن. مەجەزى ئوسال، لېكىن ئاجايىپ سۆيۈملۈك ئەمگەكلىرى بىلەن ئەلنىڭ نەزىرىدىن ئورۇن ئالغان ئادەملەرمۇ ئاز ئەمەس. ئەقىللىق، پەزىلەتلىك، ئەمما بىرەر ئىشنى تۈزۈك ۋۇجۇدقا چىقىرالماي ھەمىشە مەغلۇب بولۇپ يۈرۈيدىغان ئادەملەرمۇ تالاي.

مۇۋەپپەقىيەت فورمۇلالىرى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ باقساق، بەزى ئادەملەرنىڭ ئەقىل ـ پاراستى بىلەن، يەنە بەزى ئادەملەرنىڭ مەلۇم بىر قانۇنىيەتنى مىزان قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقىنى يەكۈنلەپ چىققىلى بولىدىكەن. مەن بۇ نۇقتىدا ئابدۇللا ئېرپان ۋە ئېزىز ھاجىمغا ئوخشاش كارخانىچىلارنى ئىنسان ۋە ھاياتنىڭ مەلۇم قانۇنىيىتىگە تايىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان كارخانىچىلار دەپ قارىدىم. ئۇلار ئاشۇ قانۇنىيەتنى ۋىجدانىي بۇرچ بىلەن بايقاپ ۋە مىزان قىلىپ بازار ئاچقان ئەقىل ـ پاراسەت ئىگىلىرىدۇر.

ئۇنداقتا، بۇ ئىككى كارخانىچىمىز ئاساس قىلغان قانۇنىيەت نېمە؟ھېس قىلىشىمچە، ئۇلار تىجارەتنىمۇ چىن ئىنسانىي ھاياتقا ئوخشاش ھالاللىق، سەممىيلىك، ئۆز ئارا نەپ بېرىش دەپ قاراپ نىيەتنى رۇس تۇتۇپ، بازاردىكى تۇرلۇك ئىستېمال پۇرسىتىدىن ئەقىل ۋە سەزگۈرلۈك بىلەن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ روناق تاپتى. جاھان ـ ئالەمنىڭ ئىشى پۇلغا يۈزلىنىپ، «ئىت بول، ئېشەك بول پۇل تاپ!» ــ ۋاستە تاللىماي ناتوغرا يول بىلەن بېيىۋاتقانلارنىڭ ياشاش مىزانىغا ئايلانغان، ماددىي مەئىشەتلەر موللاشقانسېرى ئادەملەرنىڭ مەنىۋىيىتى قاغجىراپ «نوپۇس كۆپەيگەن، ھەققىي ئادەملەر ئازلاۋاتقان»، كىشىلەر ئارا مېھىر ـ مۇھەببەت، ئادىمىيلىك سۇسلاپ، ئۇلۇغ قۇرۇق گەپ، ساختىلىق، مۇناپىقلىق، ئىككى يۈزلىمىلىك، ئالدامچىلىق، قويمىچىلىق جەمئىيەتلىشىپ، ئىجتىمائىي ئاتموسفېرانى بۇلغاۋاتقاندا ئەقىل ئىگىلىرىگە سىر ئەمەسكى، ۋىجدانى ئويغاق، ئىمان ـ ئېتىقادلىق بۇ ئىككى كارخانىچىمىزدەك ئاتا ـ ئەجداد، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئۇزاق تارىختىن بۇيان ئەمەل قىلىپ كەلگەن ھاياتىي ھەقىقەتلەر ۋە مۇۋەپپەقىيەت قانۇنىيەتلىرىدىن بۈگۈن ئۈچۈن يول تاپماق ئانچە تەس ئەمەس.

خۇلاسىكالام: سەممىيەت ۋە ھالاللىق مۇۋەپپەقىيەتنىڭ يولخېتىدۇر.

2009 ـ يىل 7 ـ مارت، شەھىرى ئۈرۈمچى

---

* ماۋزۇ مەسئۇل مۇھەررىر تەرىپىدىن قويۇلدى.

ئاپتور: ئەدىب،شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىدا ئەدەبىيات لېكتورى(M1)



# ھېلىقى باشلىق ماشىنىسىدا بولسىلا...

— نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2009-يىل 1-سانىغا بېسىلغان «شوپۇر ئېيتقان ھېكايە»گە ئىنكاس ئويلار

ئابدۇرەھمان ئەزىز ئوغلى

مەن ئوبزورچى ئەمەس، ئوبزور يازغۇدەك نەزەرىيىۋى ئىقتىدار ۋە قابىلىيىتىمۇ يوق. ئەمما ئۆزۈم بىر نەرسىلەرنى يازغان بولىمەن. نەزەرىيە-فورمۇلىلارغا سالالمىسامۇ كاللامغا كەلگىنىنى، دىتىم يەتكىنىنى، ئويۇمغا تەسىر قىلغىنىنى، پىكرىمنى يىغالىغىنىمنى يازغان بولىمەن. چوڭ-چوڭ ئىشنى يازالمىسامۇ ئاددىي ئىشلارنى يازىمەن. يىراقتىكىسىنى يازالمىسامۇ ئۆز ئەتراپىمنى، ئۆز مەھەللەمنى يازىمەن. «قەلەمكەش-يازغۇچى» دەپ خەقلەرنىڭ ھەۋەسلىنىشى ئۈچۈن ئەمەس، ئويلىغانلىرىمنى باشقىلار بىلەن پىكىرلىشىپ كۆرۈش نىيىتىدە يازىمەن. چۈنكى مەن خىلۋەتنى، ئىچىمدىن چىقماي يازىمەن.

بۇ يازغىنىم بىر پارچە كىتاب ئوقۇش تەسىراتى، ئوبزور ئەمەس. بولغاندىمۇ ماڭا ئانچە يىراق بولمىغان جايدىكى بىر «شوپۇر ئېيتقان ھېكايە»دىن ئالغان تەسىرات - ئويلىرىمدىن ئىبارەت.

توغرا، شوپۇرلارنىڭ تولىسى پاراڭچى كېلىدۇ. قىزىق-تەسىرلىك پاراڭلارنى سالىدۇ. بىر ۋاقىتلاردا مۇھەممەت باغراش ئاكا ماشىنا ھەيدەيتتى. ھەيدەۋېتىپ ئىنتايىن ياخشى پاراڭلارنى ھېكايە قىلىپ يازاتتى. ياخشى پاراڭ ئۇنتۇلمايدۇ. مۇھەممەت باغراشنىڭ ئۇ پاراڭلىرى ھەقىقەتەن ئۇنتۇلماي كەلدى. مانا ھازىر يەنە بىر شوپۇر ئەھمىيەتلىك پاراڭدىن بىرنى سۆزلەۋاتىدۇ. خوش، بۇداقى «شوپۇر ئېيتقان ھېكايە»قانداقراق پاراڭدۇ؟

بۇ شوپۇر باشلىقىدىن يولۋاستىن قورققاندەك، ئالۋاستىدىن قورققاندەك، ئەزرائىلدىن قورققاندەك قورقىدۇ. ئۇنىڭ باشلىقى چوڭ مەنسەپدار بولمىسىمۇ، كۆپلىگەن مەنسەپدارلارغا ئوخشاش ئاستىدا ماشىنىسى، يېنىدا شوپۇرى بار. بۇ شوپۇر باشلىقىنى ماشىنىسى بىلەن توشۇۋېتىپ ھادىسىلەرگە جەمئىيەتتىكە خېلىلا ئېغىر ئۇمۇملاشقان پىكرىي ئاڭ بىلەن قارايدۇ ۋە ئويلايدۇ. چۈنكى بۇ جەمئىيەت دېگەن داشقازاندا نېمە قايناۋاتقان بولسا شوپۇر ئاغىنىمىزنىڭ چۆمۈچىگە شۇ چىققانلىقى تەبىئىي. بۇ شوپۇر ماشىنىنى باشلىقنىڭ خاس مۈلكى دەپ بىلىدۇ. ئۇنىڭچە بولغاندا، ماشىنا يات ئادەملەرنى، ئاددىي ئادەملەرنى، ھەتتا پىيادە قالغان يولۇچىنى چىقارسا بولمايدۇ. چۈنكى باشلىق دېگەن ھەيۋەتلىك، ھېچكىم يېقىنلىشالمايدىغان ئۇقۇم. ئۇنىڭ ماشىنىسىمۇ ھەيۋەتلىك، سۈرلۈك، ئالاھىدە بولۇشى، ھېچكىممۇ ئۇنىڭ ئىچىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان سىرلىق بولۇشى، ھېچكىم يېقىنلىشالمايدىغان، كىر كىيىملەرنى كىيگەن، ئاددىي ئادەملەر چىقسا ئەسلا بولمايدىغان سۈرلۈك «چاقلىق ئوردا» بولۇشى كېرەك. ئېغىرقات ئاياللار تېخىمۇ چىقماسلىقى كېرەك. ئەگەر ئۇنداقلار چىقىپ قالسا يېرىم يولدا تۇغۇۋېتىشى، ھەيۋەتلىك «ئوردا» تۇغۇتخانىغا ئايلىنىپ قېلىشى، سۈر-ھەيۋىسى يوقاپ كېتىشى مۇمكىن. بۇ پاراڭچى شوپۇر بۇنداق ئاۋارىچىلىكلەردىن قورقىدۇ. ئەمما يەنىلا باشلىقىدىن خۇددى يولۋاستىن قورققاندەك، ئالۋاستىدىن قورققاندەك، ئەزرائىلدىن قورققاندەك قورققاچقا، قىزغىنىشلىرىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر. چۈنكى ئۇنىڭ باشلىقى ئاچچىقى يامان، قاپىقى توڭ تېزەككە، كۆك ياڭاققا ئوخشايدىغان تۇرسا، يەنە كېلىپ بۇ ئاچچىقنى «ئوردا» سىرتىدىكى خەقتە، پۇقراغا ئەمەس، دەل

«ياخشىلاردىن ئات قالۇر، يامانلاردىن داد»

www.uygurkitap.com

«ئـوردا»دىكـى يېقىـنى بولغـان شـوپۇرغا ئىـشلىتىدىغان «يۈزسىزلىكى»، ئۇنى باشلىقنىڭ دېگىنىـنى قىلىـشقا مەجبـۇر قىلغان.

بـۇ پـاراغچى شـوپۇر باشـلىقنىڭ خوتـۇن ـ باللىرىغـا «بىكۆيۈملۈكى»دىن نـارازى. ئـۇنىڭچە بولغانـدا«ئـوردا» خوجايىنىنىڭ ــ باشلىقنىڭ خۇسۇسـىي بۇيۇمىغـا ئايلىنىـشى، پەقەت خوجايىن ئۈچۈنلا گۆركىرەپ تۇرۇشى، «ئوردا»نىڭ تەڭ شېرىك خوجايىنىغا ئايلانغان نايناق خانىش، نازاكەتلىك خانىش، سېمىز خانىش، قاپىقى يامان خانىـشلارنى قاتارچـاي، تـوي ـ تۆكـۈن، ئۇلتـۇرۇش ـ تاماشـىلارغا توشـۇپ يۈرۈشـى، رەقىبلىرىنىڭ ئالدىدا توپا توزىتىپ، ئۇلارنـى چاڭـدا قويـۇپ ئېرىنىڭ «ئوردىسى»نـى، هوقـۇق ـ مەنـسىپىنى، خانىـشىنىڭ ئابرۇي ـ سۆلىتىنى كۆز ـ كۆز قىلىپ قويۇشـى كـېرەك ئىـدى. ۋەهالەنكى، بىزنىڭ بۇ پاراغچى شوپۇرىمىزنىڭ باشلىقى باشـقا مەنسەپدارلاردەك خوتۇنىدىن قورقۇپ قالمايـدۇ. «ئاپتوبۇسـتا ماڭ» دېيەلەيدۇ. يەنى خوتۇنىنى قورقۇتالايدۇ. خۇددى بىزنىڭ پاراغچى شوپۇرىمىزنى قورقۇتقاندەك.

بۇ پاراغچى شوپۇر باشـلىقىغا، «ئـوردا»غـا شـۇنچىلىك سادىقكى، بۇنىڭغا باشلىقتىن باشقا تائىپىلەر چىقىـشقا شـەرتى توشمايدۇ دەپ قارايدۇ. باشلىقتىن ئـۆزگە ئىناۋەتلىـك ئـادەم بولماسلىقى، «ئوردا»غا باشلىقتىن بۆلەك هېچكىم چىقماسـلىقى، توپا توزىتىپ ماڭغاندا جىمـى ئـاۋام تىـترەپ تـۇرۇپ يـول بوشىتىشى كېرەك. ئەمما بۇ باشلىقتىن، «ئـوردا»دىـن ئـاۋام ئەمەس، دەل پاراغچى شوپۇر دىر ـ دىـر تىترەيـدۇ. تىـترەپ تۇرۇپ باشلىقنىڭ ئۇزاق زامـان ئىلگـىرى ئوقۇتقـان قـېرى مۇئەللىمىنى، قايىـسىدۇر بىـر ئـاددىي خىزمەتچىنىـڭ ئاغرىـق خوتۇنىنى دوختۇرغا توشۇيدۇ. جاي ـ جايدىن كەلـگەن ئـالىم ـ ئەلـلامە دەمـدۇ، تەتقىقـاتچى ـ ئۆلىمـا دەمـدۇ، ئىـشقىلىپ جەمئىيەتكە، خەلقـقە نەپ بېرىـدىغان كىـشىلەرنى مەنـزىلگە يەتكۈزۈشـكە مەجبـۇر بولـدۇ. يەتكۈزۈۋېتىـپ ئۇلارنىـڭ پاراڭلىرىـدىن بىرىـنى چۈشـىنىپ، بىرىـنى چۈشـەنمەيدۇ. شوپۇرلارنىڭ ئادەتتە كۆرگەن ۋە كۆنگەنلىرى ئوخشاش ئەمەس. بۇ شوپۇرنىڭ ئاڭلىغان ۋە كۆرگەنلىرى بويىچە بولغاندا، باشلىق دېگەن خىزمەتتىن چۈشـۈپلا مۇناسىۋەتـسىز ئىـشلارغا مېڭە ئۇپراتماي «ئوردا»غا ئۆزىنى تاشـلاپ خىرامـان ئۇخلىـشى، «ئوردا»سى بىـلەن بەزمىخانـا ـ ئىـشرەتخانىلارغا قـاتراپ تۇرۇشى، قايـىسىدۇر ئاشنىـسىنى يېنىغـا چىقىرىـپ تـۇنەككە كىرىدىغان جايغا چېپىشى، ئويناپ چارچىغاندىن كېيىـن ئـۆلەر مەست هالەتتە «ئوردا»سىدا يۇملاپ ـ ئېغناپ ئۆيگە قايتىشى، «ئوردا»نىڭ ئارقا ساندۇقىدا تولۇمچىلاپ سويۇلغان پـاقلان ـ ئوغلاق گۆشلىرى دائىم ئۆيگە توشـۇپ تۇرۇلۇشـى، گىـلەم ـ شىرداقلار يۆتكەپ تۇرۇلۇشى، ئۆزىدىن نەچچە هەسسە كىچىـك ياشتىكى، ئاغزىدىن ئانا سۈتى پۇراپ تۇرغان ئوماق سەبىيلەرنى قۇچىقىغا چىقىرىـپ، ئېگەكلىرىـدىن ئەركىلەتكىنىـچە ناشـايان پاراڭلارنى سېلىشىپ شىكارغا، دالا سەيلىسىگە چىقىپ تۇرىدىغان باشلىقنىڭ شوپۇر ئالدىدا تىلى قىسقا بولۇپ قورقۇشى كـېرەك ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ كـۆرگەن ئاڭلىغـانلىرى پـارتىيە ـ هۆكۈمەت چەكلەپ ۋە جازالاۋاتقان ئىـستىلدا چىرىكلەشـكەن، پارىخور مەنسەپدارلارنىڭ قىلمىشى ئىدى. ئەمما بـۇ پاراڭچـى شوپۇرنىڭ باشلىقى بەزى باشلىقلارغا ئوخشاش شوپۇرنىڭ ئالدىدا تىلى تۇتۇق ئەمەس. «ئوردا»دا ئاشنىلىرى ئەمەس، ئىلگىرى ئوقۇتقان هۆرمەتكە سازاۋەر ئوقۇتقۇچىلىـرى، خەتەر ئىچىـدە قالغان ئېغىر قات ئاياللار، شـوپۇرنى بىـر قېتىـم كۆرۈشـۈپ سۆزلىشىۋالمىقىنىغا ئىست ئەيلەتكۈزۈدىغان ئالىم ـ تەتقىقاتچىلار ئولتۇرىدۇ. بۇ پاراڭچى شـوپۇرنىڭ باشـلىقى ماشـىنىدا بەزى باشلىقلارغا ئوخشاش مەست ـ ئەلەس، بىخۇد هـالەتتە ئەمەس، تىرەن، هوشيار هالەتتە قانـداقتۇر شـوپۇرمۇ چۈشـەنمەيدىغان چوڭ ـ چوڭ ئىشلار هەققىدە مۇلاهىزە يۈرگۈزۈپ بارىدۇ.

پاراڭچى شوپۇر «ئوردا»نىڭ نوپۇزىنىـڭ پەسلەپ كېتىشى، ئۈچرىغانىنى ئالغاچ كېتىدىغان كىرا ماشىنىسى بوپقېلىشىنى خالىمايدۇ. چۈنكى «داشقازان»دا قايناۋاتقىنى ئۇنىڭ چۆمـۈچىگە ئـۆز پېتـى چىققان ـ دە. ئۇ، كۆرگەن ۋە كۆنگەن ئادەت بويىچە بۇ هەيۋەتلىـك «ئوردا» يولدا قالغان، چۆلدە قالغان، دۆڭـدە قالغـان پىيـادە ـ سەلسايىقلارغا توختاپ ئاۋارە بولماسلىقى كېرەك. هەتتا يىـراق بىـر چاغلاردا بۇنداق سەلتەنەتلىك ، هەيۋەتلىـك، چەتتىـن كىـرگەن، سىلىق ۋە تېز ماڭىدىغان راهەتلىك «ئوردا» ــ كـوڭكىلار يـوق چاغلاردا پىيادە، ئات ـ ئۇلاغلىق، ۋېلىـسىپىتلىك جاهـان كېزىـپ خىزمەت ئىشلەپ ئەل ـ يۇرتنىڭ بۈگۈنىـنى ياراتقـان، ئەمـدىلىكتە قېرىپ ـ مۈكچىيىپ پېنسىيىگە چىققـان ئـالتۇن باشـلىق بـوۋايلار ئۇچراپ قالسىمۇ سالىمىغا پەرۋا قىلمـاي ــ كۆرمەسـكە سېلىپ، هاڭگا ئېشەكتەك ئاسمانغا قاراپ ئۆتۈپ كېتىشى، توپىـدا قويـۇپ، بولۇشىغا سىگنال بېرىپ سۈر ـ هەيۋە بىـلەن ئۆزىـنى كـۆز ـ كـۆز قىلىپ، كۆرەڭلەپ ئۆتۈپ كېتىشى كېرەك ئىدى. ئەمما بۇ پاراڭچـى شوپۇرنىڭ باشلىقى ئۇنداق ئۆتكەن كۈننى تېزلا ئۇنتۇپ كېتىدىغان تۇزكورلاردىن ئەمەس، ئۆزىنىڭمۇ بىر چاغلاردا پىيادە ماڭغان ئـادەم ئىكەنلىكىنى ، يەنە بىر كـۈنلەر كېلىـپ ئۆزىنىڭمـۇ يەنە پىيـادە قالىدىغانلىقىنى ئويلىيالايدىغان، خەقـكە سـىيلە ـ رەهـىم قىلىـشنى بىلىدىغان كەڭ پەيىل كىشى ئىدى.

پاراڭچى شوپۇرنىڭ هېكايىسىدە دىققەتكە ئەرزىيـدىغان يەنە بىر يادرولۇق ، نازۇك مەسىلە تۇرۇپتۇ. ئۇ بولسىمۇ باشـلىقنىڭ كەڭ قورساق، ئېسىل ئـادىمىي خـىسلىتى. بىلىـپ ـ بىلـمەي خاتالىق ياكى سەۋەنلىك سادىر قىلغان ئادەمنى ئالـدى بىـلەن تەنقىد ـ تەربىيە قىلىش، تەربىيىلەشنى، ئۆزگەرتىـپ ياخـشىلىققا يۈزلەندۈرۈشنى ئاساس قىلىـش مەسـىلىنى شـەكىلدە ئەمەس، ماهىيەتتىن ئۆزگەرتەلەيدۇ. پاراڭچى شوپۇر كۆرگەن ۋە كۆنگەن ئىدىيە بويىچە بولغاندا باشلىق دېـگەن نەيزىـدەك ئۈچلـۇق، شەمشەردەك ئىتتىك، نەشتەردەك ئاچچىق بولۇشـى، تۆگمىنـى تۆگە دېيىشى، مىسلىغا ئوت كەتسە، مىسىرغا ئوت كەتكەنـدەك داغدۇغا چىقىرىۋېتىشى، سەۋەنلىك سادىر قىلغۇچىـنى هە ـ هـۇ دېگۈزمەيلا پۈكلەپ ـ نىقتاپ قويۇشى، تەربىيە ـ تەنقىد بېرىمەن، ياماننى ياخـشىغا يۈزلەنـدۈرىمەن دەپ ئـاغزىنى ئۇپرىتىـپ يۈرمەسـلىكى، بۆكىـنى ئەكەل دېـسە، كاللىـسىنى قوشـۇپ

ئەكبىلىشى، سەھۋە-نۇقسان، خاتالىقنى پۇرسەت بىلىپ دوق-ھەيۋە قىلىپ، قورقۇتۇپ، تۇگمىنى تۆگىگە ئايلاندۇرۇپ، كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز جەرىمانىلەرنى قويۇپ شەخسىي نەپ ئۇندۇرۇۋېلىشى كېرەك ئىدى. شۇنداقمۇ باشلىقلار باركى، ئازراقلا سەۋەنلىك ياكى خاتالىق كۆرۈلگەن ھامان ئۇنى نەپ ئۇندۇرۇشنىڭ ياخشى پۇرسىتى قىلىۋالىدۇ. ۋەزنى ئېغىر، قورقۇنچلۇق شوئارلار بىلەن خاتالىق سادىر قىلغۇچىنى قورقىتىپ جېنىنى ئالىدۇ. ئاندىن كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز جەرىمانە قويۇپ مەسىلىنى شەكلەن ھەل قىلماقچى بولىدۇ. بۇ، بىرىنچىدىن ئاۋۋال تەربىيە بېرىش، ئاندىن چارە كۆرۈش پرىنسىپىغا خىلاپ. ئىككىنچىدىن، مەسىلىنىڭ ماھىيەتتىن ھەل بولۇشى، يىلتىزدىكى ئاسارەتنىڭ يوقىلىشىغا توسالغۇ. شۇنىڭ بىلەن مەسىلە شەكلەن توسۇلغاندەك قىلىنغان بىلەن ماھىيەتتە زىددىيەت مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇۋېرىدۇ. ھەتتا ئېغىرلىشىشى، ئويلىمىغان يېڭى، خەتەرلىك مەسىلىلەر كېلىپ چىقىشى ھەم مۇمكىن. بىزنىڭ بۇ پارائچى شوپۇرىمىزنىڭ باشلىقى باشقىلارغا ئۈلگە-ئۆرنەك بولالىغۇدەك ياخشى رەھبەر. يەنى، ئۇ ئوغلىنى ئىزدەش داۋامىدا ئېلىشىپ قالغىلى تاس قالغان بوۋاي چەكلەنگەن گۆرنى ئاچقاندا، خاتالىق سادىر قىلغاندا غەزەپ بىلەن نوقۇپ-تارتقۇچلاپ، قوللىرىنى قايرىپ باغلىمىدى. يۈزىگە تۈكۈرمىدى. ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ سازايى قىلمىدى. قىلدەك ئىشنى پىلدەك كۆرستىپ تەيفىڭ بورىنى چىقىرىپ، گېزىت-رادىئولاردا قورقۇنچلۇق خەۋەرلەرنى ئېلان قىلمىدى. دوق-پوپوزا قىلىپ پۇرسەتتىن، نوپۇزدىن پايدىلىنىپ قالايمىقان جەرىمانىلەرنى قويۇپ، نەپ ئۇندۇرۇش كويىدا بولمىدى. پەقەت چىن ئىنساندا بولۇشقا تېگىشلىك كىچىك پېئىل، مېھرىبانلىق بىلەن سەۋەنلىك سادىر قىلغۇچىنى، «ئاتا، يۇرسىلە كېتەيلى، بۇيەرلەر قوغدىلىدىغان جاي، ئېچىشقا بولمايدۇ» دەپ كوڭكىسىغا چىقىرىپ ئەكەتتى. ئېزىپ-ئېچۇرۇپ سىلىق تەربىيە بەردى. قايتا خاتالىق ئۆتكۈزۈشتىن قوغداپ قالدى. ئۇنىڭ مېھرىبانلىق، ئەستايىدىللىقى، پرىنسىپچانلىقى ئەمەلىيەتتە بىر بوۋاينى ئەمەس، تىنچ-ئىناق بولغان گۈزەل جەمئىيەتنى قوغداپ قالدى. ئىناق، ئىللىق جەمئىيەتنىڭ قىممىتى، تەسىرى، ئەۋزەللىكىنى ھەقىقىي يوسۇندا نامايان قىلدۇردى. «ئاناڭنى، كېپەن ئوغرىسى...» دەپ ھاقارەت قىلماي، قولىغا پۇل-پىچەك بېرىپ ئۈزىتىپ قويدى. جەمئىيەتنى، جەمئىيەت ئەزالىرىنى چوڭقۇر مېھىر-مۇھەببەت بىلەن سۆيۈش، ئىناقلىقنى، خاتىرجەملىكنى، ئىللىقلىقنى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسراش يالغۇز پۇقراغىلا چۈشۈرۈلگەن ۋەزنى ئېغىر شوئار ئەمەس، بەلكى يۇرت ئاتلىرى بولمىش باشلىق-رەھبەرلەرگىمۇ قويۇلغان قاتتىق تەلەپ ۋە ئۆلچەم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتكەنلىكى ئۈچۈن قىلنى پىل قىلىپ شاپاشلىغاننىڭ ھېچكىمگە، ئىناق جەمئىيەتكە پايدىسى يوقلۇقىنى، زىيىنى بارلىقىنى، مېھىر-مۇھەببەت، ئەستايىدىللىق، كەڭ قورساقلىقنىڭ بىر ئادەمنى، جەمئىيەتنىڭ بىر ئەزاسىنى، ئىناق جەمئىيەتنى، دۆلەتنىڭ بىر ئۇلۇغ گراژدانىنى، شۇ ئارقىلىق ئىناق بولغان بىر دۆلەتنى قوغداپ قالغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلدى. جەمئىيەت ئىللىقلىققا تولدى. يامانلىق ياخشىلىققا يۈزلەندى. خاتالىق سادىر قىلغۇچى بوۋاي جىنايەتچىگە ئايلىنىپ قالمىدى. دېمەك، جەمئىيەتنىڭ بىر يۈكى ئېغىرلاشمىدى. ئۇ بوۋاي جەمئىيەتتىن، دۆلەتتىن، باشلىقتىن نارازى بولمىدى. ئالدىدا قورقۇپ، ئارقىسىدا قارغايدىغان ئەھۋال شەكىللەنمىدى. بەلكى خۇش بولۇپ مېھرىبان باشلىققا، ئىللىق ئىناق جەمئىيەتكە، دۆلەتكە ئۇزۇن ئۆمۈرلەر تىلەپ دۇئا قىلدى. دېمەك ئۇمۇ ئەقىل ئىگىسى. قانداق ئەھۋالدا رازى بولۇشنى، خۇش بولۇپ دۇئا قىلىشنى، قانداق ئەھۋالدا نارازى بولۇشنى، قارغاپ-تىللاشنى بىلىدۇ. دۇئا بىلەن قارغىش ئوت بىلەن سۇدەك. مېھىر-مۇھەببەت ئوتىغا ئوتۇن سېلىپ ئۇلغايتىشقىلا بولىدۇكى، مۇزدەك سوغۇق سۇنى سېپىشكە بولمايدۇ. سوغۇق سۇ سېپىلگەن ھامان ئوت ئۆچىدۇ، مېھىر-مۇھەببەت مۇزلايدۇ، جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىق، تىنچلىقى تەسىرگە ئۇچرايدۇ. بۇنداق چاغدا تاملارغا چاپلانغان شوئارلار كېرەكسىز قەغەزگە ئايلىنىدۇ. دېمەك، ئىناق جەمئىيەتتە باشلىقنىڭمۇ، پۇقرانىڭمۇ ئوخشاش ئۆلچەمدە ئىللىقلىققا، ئىناقلىققا قەرزى بار، پەرزى بار.

ھەئە، شوپۇر ئېيتقان ھېكايە مۇشۇ شۇ. بۇ تېخى ئۇنىڭ پەقەتلا «ئەسكىھېسار»غا بارغۇچە كۆرگەن ۋە ئېيتقان بىرلا ھېكايىسى. ئۇ، باشلىقنى چىقىرىپ ماشىنىسنى ھەيدەپ يەنە قانچىلىغان مۇساپىنى باسقاندۇ؟ قانچىلىغان پىيادە-سەلسايانى چىقىرىۋالغاندۇ؟ قانچىلىغان ئىللىق، تەسىرلىك ۋەقەنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەندۇ؟ قانچە قېتىم باشلىقىدىن يولۋاستىن قورققاندەك، ئالۋاستىدىن قورققاندەك، ئەزرائىلدىن قورققاندەك دىر-دىر تىترەپ قورققاندۇ؟ قانچە قېتىم ماشىنىسىنى تەرى يامان باشلىققا تارتقۇزۇپ قويۇپ، ئالدى ئورۇندۇققا تەلپەكلىك، قېرى-ئاجىز بوۋايلارنى چىقىرىپ، ئۆزى بىر بۇلۇڭدا خورلۇق تارتىپ ئويغا چۆمۈپ ئولتۇرغاندۇ؟ باشقىلارغا ئۈلگە-ئۆرنەك بولغۇدەك قانچىلىغان تەسىرلىك ئىشنى كۆرگەندۇ؟ بۇنىسى بىزگە نامەلۇم. ئەمما بۇ شوپۇرنىڭ ماشىنىسى ئاچقۇچىنى سالسىلا گۆركىرەپ ئوت ئېلىپ تۇرغان بولسا بۇنداق ۋەقە-ھادىسىلەر كۈرمىڭ قېتىم بولغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا بىزمۇ بۇ ماشىنىنىڭ ئوتى مەڭگۈ ئۆچمەي، توختاپ قالماي، مېيى تۈگىمەي، چاقىغا مىخ-تىكەن كىرمەي بىخەتەر، راۋان مېڭىپ تۇرۇشىغا ئۇزاقتىن-ئۇزاق دۇئا قىلايلى. بىرىنچى شەرت: ئىچىدە ئولتۇرغان ھېلىقى باشلىق بولسىلا...!

2009-يىل 20-فېۋرال، سەھرايى ئەرمۇدۇن

— ئۆركەش جاپپار فوتوسى

---

* ماۋزۇ مەسئۇل مۇھەررىر تەرىپىدىن قويۇلدى.

ئاپتور: قىرغىز، يېڭىشەھەر ناھىيە ئەرمۇدۇن يېزا قىرغىز مەھەللىسىدە دېھقان(M2)



# جۇڭگولۇقلاردا نېمە كەم

جۇ گوپىڭ

## 1. 100 يىللىق مەدەنىيەت خۇسۇسىدىكى ئويلىنىشلىرىمىز ئۈستىدە قايتا ئويلىنىش

نېمىدىن ئۆزىڭىزنى قاچۇرسىڭىز، كۆڭلەرنىڭ بىرىدە دەل شۇ مەسىلە قايتا ئويلىنىشىڭىزنى تەقەززا قىلىدىغان شەرتكە ئايلىنىپ قالىدىكەن.

بۇ ماقالەمنى نىچشېنىڭ «گېرمانىيىلىكلەردە نېمە كەم» دېگەن ماقالىسىگە تەقلىد قىلدىم. ئەپسۇسلىنارلىقى، نىچشېنىڭ مۇلاھىزىسىدە گېرمانىيە بىلەن شەرق ياكى گېرمانىيە بىلەن ئەنگلىيىلىكلەر ئەمەس، بەلكى گېرمانىيىنىڭ رېئاللىقى بىلەن ئاپتورنىڭ نەزىرىدىكى ئۆلچەم مىساللار ئارقىلىق سېلىشتۇرۇلۇپ، تەنقىدىي پىكىرلەرنى ئۇدۇللا ئوتتۇرىغا قويغان. ھالبۇكى، بىر جۇڭگولۇق «جۇڭگولۇقلاردا نېمە كەم» دېگەن مەسىلە ئۈستىدە توختالسا، غەرب مەدەنىيىتىنى سېلىشتۇرۇلىدىغان شەرت قىلىدۇ، ئەلۋەتتە . ئەمەلىيەتتە جۇڭگولۇقلار غەربنىڭ زەربىسى تۈپەيلى ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقلىرى ئۈستىدە ئويلىنىشقا باشلىغانىدى. چۈنكى قەدىمكى جۇڭگولۇقلار ئۆز خاتالىقى ئۈستىدە ئويلىنىشقا ئادەتلەنمىگەن مىللەت بولغاچقا، ئەزەلدىن ئۆزىنى دۇنيانىڭ مەركىزى ھېسابلاپ، يات قوۋملار(夷狄)نى نەزەرگە ئىلىپمۇ قويمىغانىدى. ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن تۇشمۇتۇشتىن ئەدەپلەندۇق، ئەدەپلەنگەنسېرى ھودۇقۇش ئىچىدە سەۋەنلىكلىرىمىز ئۈستىدە ئويلىنىشقا باشلىدۇق. ھەتتا ئويلىنىشقا ئالاھىدە كۈچەپ، جۇڭگو بىلەن غەرب سېلىشتۇرۇلغان مەدەنىيەت ئەندىزىسى ئۈستىدە قايتا ئويلىنىشنى 20-ئەسىر جۇڭگو ئىدېئولوگىيىسىدىكى جەلپكار مەسىلىگە ئايلاندۇردۇق.

بۇ مەسىلە ئۈستىدە بەك ئىچكىرىلەپ ئىزدىنىپ باقمىغانلىقىم ئۈچۈنمىكىن، ئۇنى رەسمىي ئانالىز قىلىپ كۆرگەندىن كېيىن، قانداقتۇر ئاشۇ مەسىلە بىلەن ئىزچىل ھەپىلىشىپ كېلىۋاتقانلارنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان قاراشقا كېپقالدىم. خوش، ئۇنداقتا، يۈز يىللىق مەدەنىيەت خۇسۇسىدىكى ئويلىنىشنى قايتا ئويلىنىش ئوبيېكتى قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمۇ-يوق؟ ئويلاپ كۆرسەم راستىنلا زۆرۈرىيىتى بار ئىكەن. يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمدەك، ئەدىپىمىزنى راسا يېگەنلىكىمىز ئۈچۈنلا ئەدەپلىنىشنىڭ سەۋەبىنى تېپىپ چىقىپ، تاياق-توقماقتىن قۇتۇلۇش كويىدىلا ئاندىن قايتا ئويلىنىشقا تۇتۇش قىلغان خەقمىز. ئەدەپلىنىشىمىزگە، ئېنىقى، جۇڭگونىڭ نامرات ۋە ئاجىزلىقى، غەرب ئەللىرىنىڭ باي ھەم قۇدرەتلىكلىكىدىن ئىبارەت رېئاللىق سەۋەب بولدى. شۇڭا جۇڭگونى بېيىتىش ۋە قۇدرەت تاپقۇزۇش زۆرۈر دېگەن خۇلاسىگە كەلگەنلىكىمىز ئۈچۈن، «بېيىش ۋە قۇدرەت تېپىش» 20-ئەسىر جۇڭگوسىدىكى نېگىزلىك پىكىر ئېقىمىغا ئايلاندى. جۈملىدىن جۇڭگودىكى نۇرغۇن زىيالىي ۋەتەننى بېيىتىش ۋە قۇدرەت تاپقۇزۇش ئۈچۈن غەرب دۇنياسىدىن ھەقىقەت ئىزدەشكە

«ئۆزىنى تونۇش»تىن ئۆرنەك

ئاتلاندى. بۇيەردىكى «ھەقىقەت ئىزدەش»، غەرب ئەللىرىنىڭ بېيىش، قۇدرەت تېپىشتىكى سىرىنى ئېچىپ، جۇڭگونى بېيىتىپ، قۇدرەت تاپقۇزالايدىغان ئەڭگۈشتەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئىدى. ھالبۇكى، بۇ سىر ۋە ئەڭگۈشتەر ئەجنەبىيچىلەرنىڭ نەزىرىدە ئىلغار تېخنىكا ۋە قورال ياراغدىن، يەنى ئاتالمىش« غەربنىڭ ئاجايىپ قوراللىرى» ۋە « كېمىدە تۇرۇپ زەمبىرەكتە ئۇۋئۇۋلاش» ماھارىتىدىن، يېڭىلىقچى كۆچۈش تەرەپدارلىرى ۋە ئىنقىلابنى ياقلىغۇچىلارنىڭ نەزىرىدە پادىشاھنىڭ ئاساسىي قانۇن تۇرغۇزۇشى ۋە جۇمھۇرىيەت قۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان غەربچە سىياسىي تۈزۈلمىدىن، يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى تەرەپدارلىرىنىڭ نەزىرىدە ئىلىم-پەن ۋە دېموكراتىيىدىن دېرەك بېرەتتى. بۇ ھال گەرچە تونۇشىمىزنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا تۈرتكە بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئىزدىنىشلىرىمىزنىڭ تۆپكى چىقىش نۇقتىسى ئۆزگەرمىدى. جۈملىدىن، ئۆزىمىز ئىزدەپ تاپماقچى بولغان ھەقىقەتنى «دۆلەتنى بېيىتىپ، قۇدرەت تاپقۇزۇشقا لازىملىق قورال» دەپلا تونۇدۇق. نەتىجىدە ئىزدىنىشلىرىمىز پەقەت بېيىش ۋە قۇدرەت تېپىشىمىزغا تۇسالغۇ بولۇۋاتقان ئاجىزلىقلار بىلەنلا دائىرىلەندى. بۇنداق چىقىش نۇقتىسىنى «خاتا» دېمەكچى ئەمەسمەن. چۈنكى ئۇ ۋەزىيەت تەقەززاسىنىڭ مەجبۇرىي مەھسۇلىدۇر، خالاس. ھالبۇكى، بۇ خىل ھەقىقەت ئىزدەش ۋە قايتا ئويلىنىش داۋامىدا، جۇڭگو مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدىكى تۆپكى ئاجىزلىقلاردىن بولمىش «سەۋەنلىكلەر ئۈستىدە قايتا ئويلىنىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش پسىخىكىسى» نى تۈگەتمەكتە يوق، ئەكسىچە، تەۋرەنمەس شەرتكە ئايلاندۇرۇپ قويدۇق. يەنە كېلىپ بۇ خىل ئاجىزلىقىمىز ئەمەلىي قىممەتكىلا ئېسىلىۋېلىپ مەنىۋى قىممەتكە سەل قاراشتا روشەن ئىپادىلەندى.

## 2. يەن فۇ ئەمەلىي قىممەت نەزىرى بىلەن غەربتىن ھەقىقەت ئىزدىدى

بۇ نۇقتىنى مۇتالىئە قىلىشتا يەن فۇنى مىسال قىلىشنى لايىق تاپتىم. يەن فۇ جۇڭگولۇقلارنىڭ يۈز يىلدىن بۇيانقى غەربتىن ھەقىقەت ئىزدەش مۇساپىسىدىكى باشلامچى ۋە بايراقدار. ئۇ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بىر ئەۋلاد جۇڭگو زىيالىيلىرىغا تەسىر كۆرسەتكەنىدى. ئۇ، غەرب سىياسىي تۈزۈلمىسىنىڭ قۇرۇقتىن-قۇرۇق ئەمەس، بەلكى كۈچلۈك پەلسەپە ئاساسىغا قۇرۇلغانلىقىنى، شۇڭا ئالدى بىلەن ئاشۇ پەلسەپىلەرنى قوبۇل قىلىش لازىملىقىنى تونۇپ يەتكەنلىكى بىلەن دانا ئىدى. شۇنداقتىمۇ يەن فۇنى «ئەمەلىي قىممەت نەزىرى بىلەن ھەقىقەت ئىزدىگەن» دەپ تەبىرلەشكىلا مەجبۇرمىز.

يەن فۇنىڭ 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە غەربنىڭ سەككىز مەشھۇر ئەسىرىنى تەرجىمە قىلغانلىقى ھەممىمىزگە ئايان. ئۇنىڭ تەرجىمىسىدىكى ئىككى نۇقتىنى ئەسلەپ باقايلى: بىرىنچىدىن، ئۇ ئاساسلىقى ئەنگلىيىنىڭ ئىجتىمائىي پەلسەپىسىنى (جۇڭگوغا)كىرگۈزدى. بۇنىڭغا ئۇنىڭ ئەنگلىيىدە ئوقۇغان چاغدىكى كەچمىشلىرىدىن ئۆزگە، بولۇپمۇ ئىجتىمائىيەتكە پەۋقۇلئاددە ھېرىسمەنلىكى سەۋەب بولغانىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، سپېنسېرنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسىدىكى ئىجتىمائىي پەلسەپىدىن جۇڭگولۇقلارنى ئويغىتىپ، ۋەتەننى بېيىتىش ۋە قۇدرەت تاپقۇزۇشقا تۈرتكە بولالايدىغان ئىدىيىۋى قورال سۈپىتىدە پايدىلانغىلى بولاتتى. ئىككىنچىدىن، ئۇ تەرجىمىدە مەنىدىن تەرجىمە ۋە قىسقارتما تەرجىمە ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، چۈشىنەلمىگەن ياكى لازىم ئەمەس دەپ قارىغان مەزمۇنلارنى قىسقارتىۋېتىش، ھەتتا ئۆزگەرتىپ ئۆزىنىڭ بېيىش ۋە قۇدرەت تاپقۇزۇش مۇددىئاسىنى تېخىمۇ روشەن ئىپادىلىمەكچى بولغانىدى.

مىسالەن: يەن فۇ جون مىللىنىڭ «ئەركىنلىك توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىنى «كوللېكتىپ ھوقۇق بىلەن شەخسلەر ھوقۇقىنىڭ چېگرىسى توغرىسىدا» دەپ تەرجىمە قىلدى. بۇ ئەسەردە شەخسنىڭ ئەركىنلىكىنى قوغداش ئۈچۈن، جەمئىيەت شەخسلەر قانۇنلۇق ھوقۇقىنىڭ چېكىنى بېكىتىپ بېرىشى لازىم، دېگەن ئىدىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئاساسىي مەقسەت قىلىنغان. كىتابتا شەخسنىڭ ئەركىنلىكى — ئەزگۈ مەقسەتلەر مۇجەسسەملەنگەن، ئىنسانلارنى بەختىيار ھاياتقا ئېرىشتۈرۈشتە كەم بولسا بولمايدىغان، شۇنداقلا كىشىلىك ھاياتنى بېيىتىپ جانلاندۇرىدىغان زۆرۈر ۋاستىدۇر، دېگەن نۇقتىئىنەزەر تەكرار تەكىتلىنىدۇ. بولۇپمۇ ئەسەردىكى «ئىنسان ئۈچۈن مەۋجۇدلۇق ئەركىنى ئۆز ئىلكىدە تۇتۇشتىنمۇ ئارتۇق ئەۋزەللىك بولمىسا كېرەك؛ بۇيەردىكى ئەۋزەللىك دەل ئىنساننىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولالىغانلىقىدىندۇر»دېگەن بايانلار ئاپتورنىڭ يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان مۇددىئاسىنى توغرا شەرھلەپ بېرەلىگەن.

ئادەتتە قىممەت ئۆز - ئۆزىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتە ئىپادىلەنسە، مەقسەت ئاشۇ قىممەتنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا روياپقا چىقىدۇ. غەرب لىبېرالىزمىنىڭ يادروسىمۇ دەل مۇشۇ يەردە. مەيلى لوك ۋە جون مىللىس بولسۇن، مەيلى يەن فۇ ئەڭ قايىل بولىدىغان سپېنسېر قاتارلىق كلاسسىك لىبېرالىزمچىلار بولسۇن ۋە ياكى رورس، خايكلار ۋەكىللىكىدىكى ھازىرقى زامان لىبېرالىزمچىلىرى بولسۇن، ھەممىسى شەخسنىڭ ئەركىنلىكىنى مۇستەقىللىقىنىڭ ئەزگۈ سەمەرىسى، دەپ قارىغانىدى. رورسنىڭ ئادالەت نەزەرىيىسىمۇ ئەركىنلىكنى بىرلەمچى پرىنسىپ قىلغانىدى. ئۇ: ئىقتىسادىي مەنپەئەت بىلەن ئىجتىمائىي

www.uyghurkitap.com

مەنپەئەت ھەرقانچە چوڭ بولسىمۇ تىرناقچىلىك ئەركىنلىكنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ، دەپ قارايدۇ. رورس يەنە ئىنسان ئۈچۈن غۇرۇر، يەنە ئۆز قىممىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشنىڭ ئۆزى ئەڭ ئەقەللىي ئەزگۈلۈك ھېسابلىنىدىغانلىقىنى قايتا ـ قايتا تەكىتلەيدۇ. خايىكمۇ ئەزەلىي ھۆرلۈك بولمىش شەخس ئەركىنلىكىنى سىياسىي ئەركىنلىك، مەنىۋى ئەركىنلىك، قابىلىيەت تەرىقىسىدە قارار تاپىدىغان ئەركىنلىك قاتارلىق ئەركىن ئىمتىيازلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدىغانلىقىنى تەپسىلىي شەرھلىگەنىدى. ئەمما يەن فۇنىڭ تەرجىمىلىرىدىن بۇ يادرولۇق مەسىلىلەرنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. يەن فۇنىڭ تەرجىمىسى ئارقىلىق قايتا ئىپادىلەنگەن جون مىللسنىڭ «كوللېكتىپ ھوقۇق بىلەن شەخسلەر ھوقۇقىنىڭ چېكى»، سپېنسېرنىڭ «ئاممۇئىلىق سەپسەتىسى توغرىسىدا» ناملىق ئەسىرىدىكى شەرھىي بايانلاردا ، شەخسنىڭ ئەركىنلىكى قانداقتۇر بىرخىل ۋاستىگە ئۆزگىرىپ قالغان. بۇنىڭ بىلەن تىلماچ قانداقتۇر شەخسلەر ئەركىنلىكىنىڭ قىممىتىنى شەخسلەر قابىلىيىتىنىڭ رىقابەتلىك ئەركىن تەرەققىيات مەنزىلى، شۇنداقلا تەدرىجىي يۈكسەلدۈرۈش جەريانىدا نامايان قىلىپ، شۇ ئارقىلىق دۆلەتنى بېيىتىپ قۇدرەت تاپقۇزغىلى بولىدۇ دېگەن مەنتىقنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئەنگلىيە پەلسەپىسىدە گېرمانىيە پەلسەپىسىگە قارىغاندا رېئال مەنپەئەتكە بەكرەك ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەن فۇ ئۇنداق ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمىسىدە مەنىۋىيەت ئامىللىرىنى چىقىرىپ تاشلاپ، رېئال مەنپەئەت ئامىللىرىنى يادرو سۈپىتىدە ساقلاپ قالدى. چۈنكى ھەقىقەتنى پەقەت كامال تېپىشنىڭ قورالى، ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردە ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئاداققىي نىشانىنىڭ ئۆزى دەپلا تونۇغاندا يەن فۇنىڭكىدەك سەۋەنلىكتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. دېمەك يەن فۇنىڭ بۇ مەنتىقىسىدە بىرىنچىدىن، تىلماچ ئاپتورنىڭ مۇلاھىزىسىدىكى «بېيىتىش، قۇدرەت تاپقۇزۇش» مۇددىئايىمىزغا مۇناسىۋەتسىز مەزمۇنلارنى كۆرمەسكە سالغان؛ ئىككىنچىدىن، تىلماچ يۇقىرىقىدەك مەزمۇنلارغا دىققەت ـ نەزىرىنى ئانچە ـ مۇنچە ئاغدۇرۇپ باققان بولسىمۇ لېكىن ئۇنى ئۆزىنىڭ « بېيىتىش، قۇدرەت تاپقۇزۇش»بىلەن خاراكتېرلەنگەن مۇددىئاسىغا زورىغا سىغداپ تاراشلىۋەتكەن.

قىسقىسى، بۇ ئەينى ۋاقىتتىكى جۇڭگو ئىدېئولوگىيىسىدە ھۆكۈم سۈرگەن ئاساسىي خاھىش ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبىنى پەقەت ئەمەلىي قىممەتكىلا ئەھمىيەت بېرىشتەك مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ۋە مىللەت خاراكتېرىدىنلا ئىزدەش مۇمكىن. بىز نەق، دەل ئەمەلىي قىممەتكە زىيادە ئېسىلىۋالىدىغانلىقىمىز ئۈچۈن، غەرب پەلسەپىسى بىلەن ئۇچراشقان ھامان ئاشۇ يات نەزەرىيىلەرنىڭ ئۇجۇر ـ بۇجۇرنى ئاڭقىرالماي تۇرۇپلا ئۇنىڭدىن ئىدىيىۋى قورال ئىزدەشكە ئالدىرايمىز.

بىز جۇڭگولۇقلار ساپ نەزەرىيىگە ئانچە قىزىقىپ كەتمىگەچكە، ھەرقانداق نەزەرىيىنى قوبۇل قىلىش ـ قىلماسلىقنى ئۇنى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا رېئاللىققا تەتبىقلاشقا بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىغا قاراپ بېكىتىمىز. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ھەقىقەت ئىزدىگۈچىلەردىن يەن فۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇ غەرب نادىر ئەسەرلىرىنىڭ ئەسلىي نەشرىنى ئوقۇپ كۆرگەنىدى. ھالبۇكى، كاڭ يۇۋېي، لياڭ چىچاۋ، تەن سىتۇڭ، جاڭ تەيیەنلەر ئاشۇ ئەسەرلەرنىڭ ياپونىيىدە بېسىلغان ئىككىلەمچى نەشرىدىكى مىش ـ مىش گەپلەرگە ئاساسلىنىپلا ئاغزىغا كەلگەننى دەۋەردى. ھەتتا ئاشۇ مىش ـ مىش گەپلەرنى خالىغانچە شەرھلەپ، ئىزاھلاپ، بۇددىزم تەلىماتى، جۇڭگو پەلسەپىسى، غەربنىڭ باشقا پەلسەپىلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئۇماچ قىلىۋەتتى. چۈنكى ئۇلار نەزەرىيىنىڭ ئەمەلىي قىممىتىگە زىيادە ئېسىلىۋېلىپ، غەرب پەلسەپىسىدىكى مېتافىزىكا، روھ ھېرىسمەنلىكى قاتارلىق يادرولۇق مەزمۇنلارنى ئوقۇپ چۈشەنمىگەچكە قوبۇل قىلىنمىغانىدى. جۇڭگولۇقلارنىڭ قەلبىدە ئادەتتە مەنىۋى قىممەتكە ئورۇن بېرىلمەيدۇ؛ ئىنساننىڭ ھۆرلۈك، ئادالەت، بىلىم، ئىلىم ـ پەن، دىن، ھەقىقەت، ساۋابلىق، گۈزەللىك ۋە مۇھەببەت قاتارلىق روھىيەت دۇنياسىغا مەنسۇپ بولغان مەۋھۇم جىسمىيەتلەرنىڭ قىممىتىنى ئەمەلىي قىممەت شەكلىنى ئالمىغۇچە ھەرگىز ئېتىراپ قىلمايدۇ. بەزى مۇتەپەككۇرلىرىمىزنىڭ ئىنسان روھىيىتىگە چېتىشلىق مەسىلىلەرگە راۋۇرۇس ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى ئىنكار قىلمايمەن. جۈملىدىن يەن فۇنىڭ «پۇقراۋى ئەخلاق»نى ئاۋۇندۇرۇش ھەققىدىكى تەشەببۇسى، لياڭ چىچاۋنىڭ «يېڭى دېموكراتىيە»ھەققىدىكى تەرغىباتى، لۇشۇننىڭ «مىللەت خاراكتېرى»نى ئۆزگەرتىش خۇسۇسىدىكى چۇقانلىرى بۇنىڭ تىمسالىدۇر. ھالبۇكى، بىرىنچىدىن، ئۇلار بۇ نۇقتىدا شەخسنى «شەخس»دەپ قارىماي «خەلق» دەپ تونۇپ، شەخسنىڭ مەنىۋى ساپاسىغا پەقەت مىللەت ۋە دۆلەتنىڭ بىر پۈتۈن ساپاسىنى ھاسىل قىلىدىغان خام ماتېرىيال سۈپىتىدىلا ئەھمىيەت بەردى. ئىككىنچىدىن، ئۇلار جەمئىيەتنى پەقەت ئىجتىمائىي ئەخلاقنى تۈزەش ئارقىلىقلا ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ، دەپ تونۇغاچقا مەنىۋىيەت قاتلىمىغا ئەھمىيەت بېرىشنى پەقەت ئەخلاققا ئەھمىيەت بېرىش بىلەنلا چەكلەپ قويدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئاساسلىق مەپكۇرىسى ئىجتىمائىي مەنپەئەت رامكىسىغا بەند بوپقېلىپ، مەنىۋىيەتكە مۇناسىۋەتلىك مۇستەقىل قىممەت باشتىن ـ ئاياغ نەزەردىن ساقىت قىلىۋېتىلدى.

### 3. مەنىۋى قىممەتكە ئەھمىيەت بەرگەنلەرنىڭ يېگانىسى — ۋاڭ گوۋېي

جۇڭگودا مەنىۋى قىممەتكە ئەھمىيەت بەرگەنلەر بولغانمۇ؟ بولغان، پەقەت ۋە پەقەت بىرلا ئادەم بولغان. ئۇ بولسىمۇ، مەنىۋى قىممەتكە ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ئۈچۈنلا تەلىيى قېچىپ جاپاغا قالغان، ئۇتۇقسىز ھاياتى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياغلاشقان ۋاڭ گوۋېي ئىدى. 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئۆلىمالار ئارا پەقەت ۋاڭ گوۋېيلا مەنىۋىيەتنىڭ مۇقەددەسلىكى ۋە مۇستەقىل قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ياقلاپ، جۇڭگو مەدەنىيىتى ۋە مىللىي روھتا ساقلىنىۋاتقان ئەمەلىي قىممەتكىلا ئەھمىيەت بېرىش خاھىشىنى كەسكىن تەنقىد قىلغانىدى. ئەمما ئەينى زاماندىكى جۇڭگونى بېيىتىش، قۇدرەت تاپقۇزۇش چۇقانلىرى ئۇنىڭ نىداسىنى بېسىپ كەتتى.

بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئاز - تولا مۇناسىۋەتلىك مۇنداق بىر ئىشنى دەپبەرگۈم كېلىۋاتىدۇ: 1998 - يىلى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100يىللىقى داغدۇغىلىق تەبرىكلەندى. نۇرغۇن كىشى بۇ تەنتەنىلىك مۇراسىمغا ئاتاپ كىتاب نەشر قىلدۇرۇپ، لېكسىيە سۆزلەپ بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەنئەنىسىنى تىللاردا داستان قىلىشتى. جۈملىدىن سەي يۈەنپېي، لياڭ چىچاۋ ،خۇشى، لى داجاۋ، جياڭ مېڭلىنلارنىڭ نامى ئېتىبار بىلەن تىلغا ئېلىنىپ، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەنئەنىسى دەل مۇشۇ كىشىلەرگە بولغان كۈچلۈك سېغىنىشلاردا ئايان قىلىندى .ئەمما، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك بىر مۇھىم ئىشنى ھېچ كىشى تىلغا ئالمىدى. مېنىڭچە، بۇ ھەرگىزمۇ تاسادىپىيلىق ئەمەس ئىدى.

بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخى بېيجىڭ دارىلئۇلۇمى قۇرۇلغان 1898 - يىلىدىن باشلاپ ھېسابلىنىدۇ. 1903 - يىلى چىڭ ھۆكۈمىتى جاڭ جىدۇڭ تۈزۈپ چىققان «چىن دىڭ دارىلئۇلۇمى نىزامنامىسى»نى تەستىقلىدى. ئۇنىڭ مەزكۇر نىزامنامىسى مەكتەپ باشقۇرۇش يېتەكچى فاڭجېنىغا ئايلاندى. نىزامنامە ئەمدىلا ئېلان قىلىنىشقا ناتونۇش بىرەيلەن بۇ نىزامنامىگە كەسكىن جەڭ ئېلان قىلدى. بۇ كىشى دەل بىز ھازىر جۇڭگوشۇناسلىقنىڭ ئاتىسى دەپ قارايدىغان ۋاڭ گوۋېي ئىدى .ۋاڭ گوۋېي ئۇ زامانلاردا شاڭخەيدە چىقىدىغان «مائارىپ دۇنياسى»ناملىق ئادەتتىكى بىر ژۇرنالنىڭ مۇھەررىرى ئىدى. ئۇ چاغلاردا ۋاڭ گوۋېي جۇڭگوشۇناسلىق ئەمەس، گېرمانىيە پەلسەپىسى تەتقىقاتى بىلەن مەشغۇل ئىدى. ۋاڭ گوۋېي ئۇ چاغلاردا ئۆزى ئىشلەۋاتقان ژۇرنالدا يۈرۈشلۈك ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ، جاڭ جىدۇڭ تۈزگەن «نىزامنامە»گەرچە ياپونىيە ۋە فرانسىيىنىڭكىگە تەقلىد قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا پەلسەپىنىڭ بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىجتىمائىي پەنلەر كاتېگورىيىسىدىن چىقىرىۋېتىلگەنلىكىنى قاتتىق تەنقىدلىدى. ياش ۋاڭ گوۋېي ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىجتىمائىيەت كافېدرالىرىدا چوقۇم مەخسۇس پەلسەپە ۋە ئومۇمىي پەلسەپە دەرسلىرىنى تەسىس قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئاشكارا تەشەببۇس قىلدى. ئۇ، جۇڭگودا ئەڭ كەمچىلى غەربنىڭ ساپ پەلسەپىسى، دەپ قارىغاچقا، غەرب پەلسەپىسىنى كىرگۈزۈش زۆرۈر دەپ ھېسابلىغانىدى.

ۋاڭ گوۋېي غەرب پەلسەپىسىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق، ساپ پەلسەپىگە مۇناسىۋەتلىك ئۇقۇملارنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالدى. 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا پۈتكۈل جۇڭگونىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسى يەن فۇنىڭ تەرجىمىلىرى ئارقىلىق كىرگەن ئەنگلىيە پەلسەپىسىگە يۈزلەنگەنىدى. پەقەت ۋاڭ گوۋېيلا گېرمانىيە پەلسەپىسىگە ئىشتىياق باغلىغانىدى. چۈنكى ئەنگلىيە پەلسەپىسىدە ئەمەلىي قىممەت ۋە تەجرىبە خاراكتېرلىك بىلىملەرگە ، گېرمانىيە پەلسەپىسىدە تىرەن تەپەككۇر ۋە مېتافىزىكىغا ئەھمىيەت بېرىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئىككىسىنىڭ مەنىۋى يۈزلىنىشى بىر - بىرىگە ئوخشىمايتتى. ۋاڭ گوۋېي كانت ۋە شوپېنخاۋېرنىڭ گېرمانىيە كلاسسىك پەلسەپىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەسەرلىرىنىڭ ئەسلىي نۇسخىسىنى قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەنىدى. ھەتتا «دېئالېكتىك ئەقلىيەتكە تەنقىد»كە ئوخشاش ئاسان چۈشەنگىلى بولمايدىغان ئەسەرنىمۇ بىرنەچچە يىل سەرپ قىلىپ قايتا - قايتا ئوقۇپ، ئاخىر ئۇنىڭ روھىي ماھىيىتىنى ئاڭقىرىۋالدى. مېنىڭچە، ئۇنىڭ گېرمانىيە پەلسەپىسى تەتقىقاتىدىكى ئەڭ چوڭ مۇۋەپپەقىيىتى شوپېنخاۋېرنىڭ ئېستېتىكا ئىدىيىسىنى «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» تەتقىقاتىغا تەتبىقلاش، مېغىزىنى تاشلىۋېتىپ شاكىلىغا ئېسىلىۋېلىشتەك چويلىدا توختىمايدىغان ئىشلارغا ئۆزىنى ئۇرمىغانلىقىدا ئىدى. مۇھىمى ، ئۇ گېرمانىيە پەلسەپىسىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ھەقىقىي غەرب پەلسەپىسىنى كىرگۈزدى، شۇنداقلا ئەزەلىي پەلسەپە، جۈملىدىن ئۆزى تەشەببۇس قىلغان ساپ پەلسەپىنىڭ زادى قانداق بولىدىغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەردى.

ۋاڭ گوۋېينىڭ نەزىرىدىكى ساپ پەلسەپە قانداق بولىدۇ؟ ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا پەلسەپىنىڭ ئۆزى مېتافىزىكا دېمەكتۇر. يەنى ئۇ ئالەمدىكى ھاياتلىق قانۇنىيەتلىرىنى شەرھلەپ، ئىنسان روھىيىتىدىكى گاڭگىراشنى تۈگىتىدۇ. ۋاڭ گوۋېي پەلسەپىنىڭ مۇشۇ خاراكتېرىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ مۇنداق يەكۈن چىقارغانىدى: بىرىنچىدىن، پەلسەپە جاھاندىكى بىردەملىك ھەقىقەتنى ئەمەس، بەلكى مەڭگۈلۈك ھەقىقەتنى ئىزدەيدىغان پەن بولغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭ ماھىيىتى ئەمەلىي قىممەتتە ئەمەس، مەنىۋى قىممەتتە ئىپادىلىنىدۇ. لېكىن، بۇ ئۇنىڭ قىممىتى يوق، دېگەنلىك ئەمەس. ئەكسىچە ئۇ ئەڭ مۇقەددەس،

ئەڭ بىباھا مەنىۋى قىممەتنى نامايان قىلىدۇ. دېمەك پەلسەپە ئىنسان روھىيىتىدىكى مەڭگۈلۈك ھاجەتلەرنى راۋا قىلىدىغان پەن بولغىنى ئۈچۈن ، ئۇنىڭ مەڭگۈلۈكلىكى دەررۇلۇقتىن، مەنىۋى قىممىتى ئەمەلىي قىممەتتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. پەيلاسوپلار پەلسەپىنىڭ مۇستەقىللىقىدە چىڭ تۇرۇشى، مۇقەددەس بۇرچ دەپ بىلىشى، ئۇنى ھەرگىزمۇ سىياسىي ۋە ئېتىكا ۋاستىسىغا ئايلاندۇرۇپ قويماسلىقى لازىم. كەڭ مەنىدىن ئالغاندا، ئىلىم-ئېرپاننىڭ ھەممىسى شۇنداق. ھەقىقەت ئىزدەشنى بىرەر مۇددىئانى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ قورالىغا ئايلاندۇرۇۋالماي ، ئۇنى مۇقەددەس بۇرچ، دەپ بىلگەندىلا ئاندىن ئىلىم كامال تاپالايدۇ.

بۇ ئۆلچەمگە سالىدىغان بولساق، جۇڭگودا ساپ پەلسەپە ئەمەس، پەقەت سىياسىي پەلسەپە بىلەن ئەخلاق پەلسەپىسىنىڭلا مەۋجۇد ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز. مەسىلەن، كۇڭزى، مېڭزىدىن تارتىپ خەن سۇلالىسىدا ئۆتكەن جيا، دۇڭ فامىلىلىك داڭدارلار، سۇڭ سۇلالىسىدە ئۆتكەن جاڭ، چېڭ، جۇ، لۇ فامىلىلىك ئۇزغۇنلار، مىڭ سۇلالىسىدە ئۆتكەن لو، ۋاڭ فامىلىلىك شۆھرەت ساھىبلىرىغىچە ... بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەينى زاماننىڭ سىياسىيونلىرى ۋە ياكى سىياسىيون بولاي دەپمۇ بولالمىغان كىشىلەر ئىدى. ئۇ زاماندا پەيلاسوپلارلا ئەمەس، شائىرلارمۇ شۇنداق بولغاچقا، «شېئىرسىز ھايات مەنىسىزدۇر»، « تىرىكلەر ئۆزلىرى ھېس قىلمىغىنى بىلەن ھەممىسى ئەدىبتۇر» دېگەندەك ئەقىدىلەر ئۆزگەرمەس قانۇنىيەت تۈسىنى ئالغانىدى. جۇڭگودىن بۈيۈك پەيلاسوپ ۋە بۈيۈك شائىرلارنىڭ چىقمىغانلىقى دەل مۇشۇ سەۋەبتىندۇر. ئۇ زامانلاردا ۋاڭ گوۋېينى غەزەپلەندۈرگىنى شۇكى، يېڭى ئېقىم تەرەپدارلىرى غەربنىڭ جۇڭگو مەدەنىيىتىدىكى «ئەمەلىي قىممەت» ئەنئەنىسىنى ئۆزگەرتەلەيدىغان مەنىۋى مەدەنىيەت سەمەرىلىرىنى كىرگۈزمەكتە يوق، ئەكسىچە غەربچە تەلىماتلارنى كىرگۈزۈشنى قانداقتۇر سىياسىي مۇددىئاسى ۋە «ئەمەلىي قىممەت» نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ قورالىغا ئايلاندۇرۇۋالغاچقا ، جۇڭگونىڭ بۇ جەھەتتىكى سىلكىنىش پۇرسىتىنى ۋەيران قىلغانىدى. شۇڭا، بۇنىڭدىن ئازابلانغان ۋاڭ گوۋېي شۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: سىياسىيونلار بىلەن مائارىپچىلار غەربنىڭ ماددىي مەدەنىيىتىنى خاراموشلۇق ئىچىدە كىرگۈزۈشكە ئورۇنۇپ، جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت جەھەتتىكى پەرقىنى تېخىمۇ چوڭايتىۋەتتى. جۇڭگودا ساپ پەلسەپە يوق، مۇستەھكەم دىن مەۋجۇد ئەمەس؛ گرېكلارنىڭ ھومېرىدەك، ئىنگلىزلارنىڭ شېكىسپىرىدەك، گېرمانلارنىڭ گوتاسىدەك پۈتكۈل ئاۋامنىڭ روھىغا ۋەكىللىك قىلالايدىغان بۈيۈك ئەدىبلەر چىقمىدى؛ « باشقىلارنىڭ ماددىي مەدەنىيىتىنى كىرگۈزگەندە، نەچچە ئون يىلغا بارمايلا راۋرۇس ئۈنۈم ياراتقىلى بولىدۇ؛ ھالبۇكى ئەل-ئاۋامنىڭ روھىي دۇنياسىدىن ئورۇن ئالالىغۇدەك بىرەر-ئىككى تالانت ئىگىسىنىڭ يېتىشىپ چىقىشى ئۈچۈن مىڭ يىل ۋاقىتمۇ ئازلىق قىلىدۇ.» ئەزەلىي زەئىپ مەنىۋى مەدەنىيەتنى كامال تاپقۇزۇش شۇنچىۋالا قىيىنغا چۈشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ، ھەدېسىلا غەربنىڭ مەدەنىيىتىنى كىرگۈزۈشكىلا ئېسىلىۋالساق، مەنىۋى مەدەنىيىتىمىزنىڭ كەلگۈسى تېخىمۇ ئەلەملىك ئاقىۋەتكە قالماسمۇ؟!

## 4. جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ مەنىۋى قىممەتكە تۇتقان پوزىتسىيىسىدىكى پەرقلەر

يۇقىرىقى بايانلاردىن قارىغاندا، 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا «جۇڭگولۇقلاردا نېمە كەم» دېگەن سوئالغا بىر-بىرىگە قارىمۇ-قارشى ئىككى خىل جاۋاب بېرىلگەن دېيىشكە بولىدۇ. بىرى، ۋاڭ گوۋېينىڭ «بىزدە مەنىۋى مەدەنىيەت كەم» دېگەن جاۋابى؛ يەنە بىرى، ۋاڭ گوۋېيدىن باشقىلارنىڭ «بىزدە كەم بولۇۋاتقىنى ئەلنى قۇدرەت تاپقۇزىدىغان ماددىي مەدەنىيەت، شۇنداقلا كامالەتنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا تۈرتكە بولالايدىغان سىياسىي تۈزۈم ۋە ئىدىيىۋى قورالدۇر» دېگەن جاۋابى.

مېنىڭچە، ئىككىنچى خىل جاۋابنىڭ ساھىبلىرى مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكى ھەققىدە ھەتتا ئويلىنىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىگەنلەر، ياكى ئويلانغان تەقدىردىمۇ «جۇڭگودا ئاللىقاچان ھازىرلىنىپ بوپتىكەنغۇ!»دەپ ھاپىلا-شاپىلا يەكۈن چىقىرىپ قويغانلار، خالاس. ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى بالدۇر بولسۇن، كېيىن بولسۇن، ئىشقىلىپ: «غەربتە ماددىي مەدەنىيەت، جۇڭگودا مەنىۋى مەدەنىيەت كامال تاپقان: ھەتتا كامالىي مەنىۋى مەدەنىيەتتە جۇڭگو دۇنيا بويىچە ھەممىنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ»دېگەن ئورتاق يەكۈنگە كېلىشكەنىدى.ھالا بۈگۈنكى كۈندىمۇ بەزىلەر : «جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى دۇنيادا بىر؛ شۇڭا جۇڭگو دۇنيانى قۇتقۇزۇشتەك مۇقەددەس بۇرچنى زىممىسىگە ئالغان؛ 21 - ئەسىر جۇڭگوغا مەنسۇپ بولىدۇ» دېيىشىۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئوخشىمىغان ئىككى خىل جاۋابقا مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ چىن مەنىسىنى چۈشىنىشتىكى ئاسمان-زېمىن پەرق سەۋەب بولغان.

ۋاڭ گوۋېينىڭ قارىشىچە، مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ يادروسى مەنىۋى قىممەتكە ھۆرمەت قىلىشتا ئىپادىلىنىدۇ. مەنىۋىيەتنىڭ ماددا بىلەن تەڭلەشتۈرگىلى بولمايدىغان مۇقەددەسلىكى ۋە ماددىي ئۆلچەم بىلەن دەڭسىگىلى بولمايدىغان ئۆزگىچە قىممىتىنى ئېتىراپ قىلغاندىلا ، ئاندىن بىر مىللەتنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت نەتىجىسىنى پەلسەپە، ئەدەبىيات، سەنئەت يۈكسەكلىكىدە ئىپادىلىگىلى بولىدۇ. ئەمما باشقىلار تىلغا ئېلىۋاتقان مەنىۋى مەدەنىيەت ئاساسەن كۇڭزىچىلارنىڭ ئېتىكا

تەلىماتلىرىلا بولغاچقا ، ئۇنداق مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ نەتىجىسى ئىجتىمائىي مۇقىملىقتا ئىپادىلىنىدۇ.

مەن ۋالې گوۋپىيىنىڭ جاۋابىنى توغرا دەپ قارايمەن. مېنىڭچە، جۇڭگولۇقلاردا مەنىۋى قىممەتكە، مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ھامىيلىرى ۋە ئىختىراچىلىرىغا بولغان ھۆرمەت كەمچىل. بۇ ھەم زاھىرەن پاكىت، خالاس! مەن ئاۋۋال بۇ جەھەتلەردىكى بىۋاستە كۆزىتىشلىرىمنىڭ ھاسىلاتلىرىدىن بولمىش مۇنداق پاكىتنى قوياي: ياۋروپا ئەللىرىدىكى ھەر قانداق شەھەر ئاھالىسى شۇ جايدا قانداق بىر پەيلاسوپ، سەنئەتكار ۋە ئالىمنىڭ ياشىغانلىقى، ياكى بىر مەھەل تۇرغانلىقى بىلەن پەخىرلىنىدۇ. شۇنداقلا ئاشۇ كىشىلەرنىڭ تۇرالغۇلىرىنى چىن ئىخلاسى بىلەن قوغداپ ، ئۇلارنىڭ شۇ يەردە قاچان، نېمە ئۈچۈن تۇرغانلىقىنى ئەسكەرتىپ تاختايلارنى ئاسىدۇ. نەچچە تۈمەنلا نوپۇسى بار ئالىقانچىلىك شەھەر — ھېيدېلبېرگنىڭ ئۇننەچچە يېرىدە ئىخلاس بىلەن ساقلانغان ئاشۇنداق قەدىمىي تۇرالغۇلارنى كۆرگەنىدىم. پارىژدىكى دانىشمەنلەر ئىبادەتخانىسىنىڭ مەركىزىي زالىدا نەپىس ياسالغان ئىككى قەبرە بار. ئۇنىڭ بىرى ۋولتېر، يەنە بىرى رۇسسونىڭ قەبرىسى. بۇ ئورۇنغا ئىبادەتخانا قۇرۇلغان چاغدا دەپنە قىلىنغان فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى بىر قىسىم سىياسىيون ۋە ھەربىينى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇيەرگە دەپنە قىلىنغانلارنىڭ ھەممىسى بۈيۈكلۈك ياراتقان پەيلاسوپلار، ئەدىبلەر ۋە ئالىملار بولۇپ، ئۇ يەرگە دەپنە قىلىنىشقا ھەتتا رەئىس جۇمھۇرلارنىڭمۇ سالاھىيىتى توشمايدۇ. ئەمدى پايتەختىمىز بېيجىڭدا مەدەنىيەت ساھەسىدىكى مەشھۇر زاتلارنىڭ قەدىمىي تۇرالغۇسىدىن بىر نەچچىسى ساقلىنىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن باباۋشەننىڭ غول قىسمىغا دەپنە قىلىنىشقا زادى قانداق ئادەملەرنىڭ سالاھىيىتى توشىدۇ؟ مۇشۇنى ئويلىساقلا ئارىدىكى پەرق مانا مەن دەپ چىقىدۇ.

## 5. مېڭە جەھەتتىن قارىغاندا جۇڭگولۇقلاردا خاراكتېر كەمچىل

«بىز مەنىۋى قىممەتكە سەل قارايدىغان خەلق» دېگىنىم گەپنىڭ سىلىقراقى. ئوچۇقىنى ئېيتسام جۇڭگولۇقلار ۋە جۇڭگو مەدەنىيىتىدە روھىي خاراكتېر كەمچىل. بار دېيىلگەندىمۇ ئىنتايىن ئاجىز! روھىي خاراكتېر ئەقلىيلىك ۋە ھالقىشتىن ئىبارەت ئىككى قاتلامغا ئايرىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئەقلىيلىك مېڭىگە، ھالقىش روھقا مەنسۇپ. شۇڭا روھىي خاراكتېرنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىزلىقىنى مېڭە ۋە روھتىن ئىبارەت ئىككى قاتلامدىن تەھلىل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

روھىي خاراكتېرنىڭ يەنە بىر قاتلىمى — ئەقلىيلىكتۇر. شۇڭا گەپنى ئۇدۇللا ئېيتساق «ئەقلى بار» دېگەنلىك — «بۇ ئادەم ئۆز كاللىسى بىلەن ياشايدىكەن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ھەم بىراۋنىڭ ئىلىم مەسىلىلىرىگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ ، تەكشۈرۈش ئۆگىنىش جەريانى، تەكتىلىنىۋاتقان ئەخلاقنىڭ ھەقىقەت ياكى سەپسەتە ئىكەنلىكى، بىلىش پائالىيىتىنىڭ ھەقىقىي بىلىم ھاسىل قىلالايدىغان - قىلالمايدىغانلىقىنى ئۇنى ئۇجۇر-بۇجۇرىغىچە توغرا ئاڭقىرالايدىغانلىقىغا بېرىلگەن تەبىرىي باھا ھېسابلىنىدۇ. ئومۇمەن ئالغاندا، غەربلىكلەر ئىلىم مەسىلىسىگە ئىنتايىن ئىنچىكە پوزىتسىيە تۇتىدۇ، بىز بولساق پەلسەپەتىشرەك.

غەرب پەلسەپە تارىخىنى بىلىدىغانلارغا مەلۇمكى، غەرب پەيلاسوپلىرى بىلىمنىڭ چىن ياكى ساختىلىقىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ. بولۇپمۇ يېقىنقى زامانلاردا بۇ جەھەتتىكى مۇھاكىمىلەر غەرب پەلسەپىسىدىكى ئاساسلىق تېما بوپكەلدى. ناۋادا، ئىنسان بىلىمىنىڭ يىلتىزى خۇسۇسىدا ئىزدىنەلىسىلا بىلىمنىڭ چىنلىقىغا نۇقسان يەتكۈزىدىغان مۇنداق ئىككى چوڭ مەسىلىنىڭ مەۋجۇد ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ. بىرىنچى، ئېڭىمىزدا ئەبەدىي ھازىرلىنىش ئىمكانىيىتى يوق ئوبيېكتقا ماس كەلگەن بىلىش پائالىيەتلىرىلا ئاندىن ھەقىقىي بىلىمنى ھاسىل قىلالايدۇ، دەپ قارىساق، ئۇ ھالدا ئاشۇ ئوبيېكت ئېڭىمىزدا ئالمادىس شەكىللىنىپ قالغۇدەك بولسا، ئۇ بىلىش پائالىيىتىمىزنى روياپقا چىقىرىدۇ دېگەن گەپ. بۇ ئىككىسىنىڭ ئۆزئارا ماس كەلگەن-كەلمىگەنلىكىگە قانداق ھۆكۈم قىلغۇلۇق؟ ئىككىنچى، بىز تەجرىبىنىڭ بىلىم يارىتىدىغان بىردىنبىر مەنبە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىرگە، ئىنسانلار ھازىرلىغان بىلىملەر ئىچىدە زۆرۈر بولغان ھەممە چەكلىك تەجرىبە ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولمايدىغان زۆرۈر ۋە تۈپكى بىلىمنىڭمۇ مەۋجۇد ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمىز. ئۇنداقتا، ئاشۇ تۈپكى بىلىم زادى نەدىن كەلگەن؟ كانت قاتارلىق غەربتىكى نۇرغۇن پەيلاسوپ ئىنسانىيەتنىڭ بىلىمنى ئىشەنچلىك ئاساس ئۈستىگە تۇرغۇزۇپ، بۇ جەھەتتىكى غەم-ئەندىشىنى تۈگىتىش ئۈچۈن يۇقىرىقى ئىككى قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلىش خۇسۇسىدا بىجانىدىل ئىزدەنگەندى. ھالبۇكى، جۇڭگو پەيلاسوپلىرى بۇ مەسىلىگە ئەھمىيەت بەرمىدى. جۇڭگو پەلسەپە تارىخىدا پەقەت جۇاڭزىلا بىلىمنىڭ چىنلىقىدىن گۇمانلىنىپ باققان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىدىغانلار ئاساسەن چىقمىدى.

بىلىم نەزەرىيىسى جۇڭگو پەلسەپىسىدىكى ئاجىز ھالقىلاردىن ھېسابلىنىدىغان، يەنە كېلىپ بۇ ھەقتە مۇھاكىمە قىلىپ باققان بولساقمۇ لېكىن ئۇ بىلىم بىلەن ھەرىكەتنىڭ مۇناسىۋىتى خۇسۇسىدىكى ئىزدىنىشلىرىمىز بىلەنلا چەكلەندى. شۇڭا مېنىڭ سۇئالىمدىلا بىلىم نەزەرىيىسى مەسىلىسىگە ئەھمىيەت بېرىلگەن بولسىمۇ لېكىن مۇھاكىمە قىلىنغان بىلىم ئەخلاقىي بىلىش، يەنى «ئەخلاقنىڭ ئۆزى بىلىم دېمەكتۇر» دېگەن نۇقتىغىلا

www.uyghurkitap.com

تۇگەللەنگەنىدى. چىڭ جۇنىڭ «شەيئىلەر قانۇنىيەتلىرى ئۈستىدىكى ئىزدىنىش بىلىم ھاسىل قىلىدۇ»دېگەن يەكۈنىدىكى «بىلىم»، لۇ ۋاڭنىڭ «شەيئىلەر قانۇنىيىتىنى ئۇجۇر ـ بۇجۇرىغىچە بىلىش ئەتمىشلەر زاكوننى بىلدۈرگۈسىدۇر»دېگەن باياندىكى «زاكون»دەل يۇقىرىقى يەكۈنىمىزنىڭ جۇملىسىدىندۇر. بۇنىڭدىكى ئىختىلاپ دەل بىلىش مۇساپىسىدە، خالاس.پەلسەپىدىن باشقا ساھەدىكى ئەھۋاللارمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش. مىسالەن، غەربتە پىكرىي ھېرىسلىق، ئىلىم ھېرىسلىقى مۇتالىئە ھېرىسلىقى بىلەن خاراكتېرلەنگەنلەر خېلى نۇرغۇن .ئۇلار ئىلمىي مۇتالىئەلەردە دەررۇلۇق نەپىنى ئەمەس، بەلكى ئىچكىرىلەپ بىلىشنى نىشان قىلغىنى ئۈچۈن ، ئۇلاردىن نۇرغۇن بۈيۈك مۇتەپەككۇر، ئۆلىما ۋە ئالىم چىققانىدى. لېكىن جۇڭگولۇقلاردىن بۇنداقلار ئاز چىقتى. چۈنكى دەررۇلۇق نەپ كۆزلەنگەن تەتقىقاتتا پىكرىي تىرەنلىككە يېتىش بەسي مۇشكۇل. شۇڭا بۇ يولنى تۇتقان ئالىم ئۆزىگە ئەسقاتقۇدەك ئازراق بىرنەپكە ئېرىشكەن ھامان بولدى قىلىدۇ. پەقەت مەسىلىنىڭ تۈپ نېگىزى ئۈستىدە قاتلاممۇ قاتلام ئىچكىرىلەپ ئىزدەنگەندىلا ، ئاندىن نەزەرىيىۋى تەپەككۇرنى تىرەنلىككە يېتەكلىگىلى بولىدۇ. ھالبۇكى، جۇڭگولۇقلار تەتقىقاتتا مەسىلىنىڭ تۈپ نېگىزىنى تېپىشقا دېگەندەك قىزىقمايدۇ. پەقەت نېرى ـ بېرىسىنى ئاڭقىرغىلى بولمايدىغان يۇملاق ـ تۇملاق گەپلەر بىلەنلا ئىش تامام، ۋەسسالام قىلىدۇ. شۇڭا جۇڭگولۇقلارنىڭ نەزەرىيىۋى تەپەككۇرى تەرەققىي قىلمىغان. ئۇنىڭدىن باشقا ھەقىقەتكە بولغان ئەزەلىي ئىشتىياقمۇ ئىلمىي مەسىلەرگە تۇتۇلغان ئەستايىدىل پوزىتسىيىدىن كېلىدۇ. چۈنكى ئىلىمگە ئەستايىدىل پوزىتسىيە تۇتالىغان كىشى ئۆزى ئىزدىگەن ھەقىقەتتە ئاداققىچە چىڭ تۇرالايدۇ؛ ھۆكۈمەت، دىن، ئىلىم نوپۇزلۇقلىرى، جامائەت پىكرى ئەۋج ئالغان رەسىم ـ قائىدە دېگەنلەردىن كېلىدىغان تاشقىي بېسىم ئالدىدا تەۋرىنىپ قالمايدۇ. جۇڭگودا مەلۇم ئىجتىمائىي غايە ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىغان تالاي ئىنقىلابىي قۇربان چىققان بولسىمۇ، ئەمما كىشىلىك ھايات ھەقىقەتلىرى ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىغان سوقراتتەك پەلسەپە قۇربانلىرى، ئالەم ھەقىقەتلىرى ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىغان رونۇدەك ئىلىم ـ پەن قۇربانلىرى زادىلا چىقىپ باقمىدى.

### 6.روھىي جەھەتتىن قارىغاندا جۇڭگولۇقلاردا مەنىۋى خاراكتېر كەمچىل

مەنىۋى خاراكتېرنىڭ يەنە بىر قاتلىمى ھالقىشتۇر. ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، ھالقىش بولغاندىلا ئۆزلۈك روھى بولىدۇ. ئۆزلۈك روھى دېگىنىمىز چەكلىك ھاياتنى خامۇشلۇق ئىچىدە ئۆتكۈزۈۋەتمەي، ئەكسىچە، كىشىلىك ھايات مەسىلىلىرىگە ئەستايىدىل پوزىتسىيە تۇتۇپ ، نېمە ئۈچۈن ۋە قانداق ياشىغۇلۇق دېگەن مەسىلىنىڭ تۈپ سەۋەبىنى، شۇنداقلا ئۆزىگە خاس ھاياتنىڭ ئەھمىيىتىنى ئىزدەپ تېپىپ ، ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادىكى تىرىكچىلىك پرىنسىپى ۋە ئۇسۇلىنى ئۆز ئالدىغا بېكىتىپ چىقىشنى كۆرسىتىدۇ. بىر ئادەم ناۋادا كىشىلىك ھاياتنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى يېپىدىن يىڭنىسىغىچە ئاڭقىرىۋالالىسا، ئۆلۈم بىلەن ئەبەدىيلىك، دەھرىي دۇنيا بىلەن مۇقەددەسلىك قاتارلىق قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان نېگىزلىك مەسىلىلەرگە دادىل يۈزلىنەلىسە ، چەكلىك بولغان جىسمى ھاياتلىقتىن بەلگىلىك شەكىلدە ھالقىپ ئۆتۈپ، تېخىمۇ يۈكسەك بولغان مەنىۋى مەۋجۇدلۇققا ئىنتىلىدۇ.ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا بىز ھاياتلىققا مۇناسىۋەتلىك نېگىزلىك مەسىلىلەرگە مۇئامىلە قىلىشتا زادىلا غەربلىكلەردەك ئەستايىدىل بولالمىدۇق.

بەزىلەر: « كىشىلىك ھايات پەلسەپىسى جۇڭگو پەلسەپىسىنىڭ ئەڭ زور مۇۋەپپەقىيىتى، جۇڭگو پەلسەپىسى بۇ جەھەتلەردە ئىنتايىن مول ۋە تىرەن مەزمۇنلار بىلەن دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ» دەپ قارايدۇ. سېلىشتۇرۇپ باقىدىغان بولساق، كىشىلىك ھايات پەلسەپىسى ھەقىقەتەن جۇڭگو پەلسەپىسىنىڭ ئاساسلىق گەۋدىسى، ئەمما غەرب پەلسەپىسىدە بۇنىڭغا مۇھىم ئورۇن بېرىلمىگەن، دېگەن ئويغا كېلىمىز. ھالبۇكى، كىشىلىك ھايات خۇسۇسىدىكى تەپەككۇرنىڭ مول ۋە تىرەنلىكى جەھەتتە مېنىڭچە بىز يەنىلا غەربلىكلەرنىڭ ئارقىسىدا تۇرىمىز. بۇ يەردە مۇنداق بىر مۇھىم نۇقتىنى كۆرسىتىپ ئۆتمەكچىمەن: جۇڭگولۇقلار بىلەن غەربلىكلەرنىڭ كىشىلىك ھايات خۇسۇسىدا مۇتالىئە قىلىنىدىغان يادرولۇق نۇقتىلار بىر ـ بىرىنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. مىسالەن، غەربلىكلەرنىڭ كىشىلىك ھايات ھەققىدىكى مۇلاھىزىلىرى نېمە ئۈچۈن ياشايمەن، قانداق ياشايمەن، ھاياتلىقىمنىڭ مەنىسى نېمە؟ دېگەن مەسىلىلەرنى يادرو قىلغان. بۇ، ئىنساننىڭ ئالەم كۆللىياتلىرىغا يۈزلەنگەن چاغدا ئۆزىگە قويمىسا بولمايدىغان سوئال بولۇپ، ئۇنىڭ جاۋابىي يەكۈنى ھاياتلىق تۇگەنچىسىنىڭ نېگىزلىك ئاساسى ۋە ئەھمىيىتىگە مۇجەسسەملىنىدۇ. غەرب پەلسەپىسىنىڭ ماھىيىتى ئۇنىڭ دىننى يادرو قىلغان روھ پەلسەپىسى ئىكەنلىكىدە ديىشىمىزنىڭ سەۋەبى مانا شۇ. ھالبۇكى، جۇڭگولۇقلارنىڭ ھاياتلىق ھەققىدىكى مۇلاھىزىلىرىدە قانداق ياشايمەن، قەيەردە قانداق ئادەم بولىمەن، باشقىلارغا قانداق پوزىتسىيە تۇتىمەن؟ دېگەن مەسىلىلەر يادرو قىلىنىدۇ. بۇ، بىراۋنىڭ باشقىلارغا يۈزلەنگەندە ئۆزىدىن سورايدىغان سوئالى بولغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭ جاۋابى كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنى لايىقىدا بىر تەرەپ قىلىشنىڭ مىزانلىرىغا مۇجەسسەملىنىدۇ. شۇڭا جۇڭگولۇقلارنىڭ ھاياتلىق پەلسەپىسىنى «ئېتىكا مىزانلىرى تۈسىنى ئالغان

ئەخلاق پەلسەپىسىدۇر» دەپ تەبىرلەيمىز.

بۇنداق پەرقنىڭ سەۋەبى نەدە؟ مېنىڭچە، ئۆلۈمگە تۇتقان پەرقلىق پوزىتسىيىدە! ئۆلۈم كىشىلىك ھاياتتىكى ئەڭ مۇھىم كەلمىش بولغىنى ئۈچۈن، ئۇ، ھاياتلىقنىڭ پۈتكۈل قىممىتىگە ئېغىر تەھدىت ئېلىپ كېلىدۇ. شۇڭا ئۆلۈمگە بولغان تونۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلماي تۇرۇپ كىشىلىك ھاياتتىكى باشقا مەسىلىلەردىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. سوقرات ۋە ئەپلاتون پەلسەپىنى «ئۆلۈم پراكتىكىسى» دەپ قارىغانىدى. يۇنان ۋە غەرب پەلسەپىسى ئەلمىساقتىن تارتىپلا مېتافىزىكا ئەنئەنىسىگە ئىگە بولغاچقا، ئۇلاردا روھىي خاراكتېرنى ئالغان مۇتلەق ئالەم جىسمىيەتلىرىنى ئىزدەش ۋە يارىتىشقا كۈچ سەرپ قىلىنغانىدى. بۇ دەل ئۇنىڭدا روھنى مەلۇم مەنىدىكى ئەبەدىيلىك يۈكسەكلىكىگە يەتكۈزۈشتەك يوشۇرۇن نىشاننىڭ بولغانلىقىدىندۇر. مەسىلەن، خرىستىئان دىنىدىكى پەرۋەردىگار روھىي ئەبەدىيلىكنىڭ شەكىلسىز كاپالىتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. جۇڭگولۇقلار ئۆلۈم ھەققىدىكى تەپەككۇردىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان بولغاچقا، ئۇنى مۇتالىئە قىلىش بىھۇدە، ئەھمىيەتسىز ئىش دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە جۇڭگو پەيلاسوپلىرىنىڭ بۇنىڭغا تۇتقان پوزىتسىيىسى ئاۋامنىڭكىگە ئوخشاشلا ئىنتايىن يۈزەكى. شۇڭلاشقىمۇ كۇڭزى «ياشاشنى بىلمىگەن بەندە ئۆلۈمنى قانداق بىلگەي؟» دېسە، جۇاڭزى «ئۆلۈم بىلەن كۆرۈم بىر گەۋدىدۇر» دېگەنىكەن. بۇ ئۇلارنىڭ ئۆلۈم ھەققىدىكى مۇتالىئەدىن ئۆزىنى قاچۇرغانلىقىغا تىمسالدۇر. «ئۆلۈمدىن قېچىپ قۇتۇلالماسلىق مەپكۇرىسى» نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بۇ مۇلاھىزىدىن راستىنلا نەپ چىقمايدۇ. ئەمما بۇ خىل مۇلاھىزىنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى يوق، دېگەنلىك ئەمەس. ئەكسىچە، ئۆلۈم ھەققىدىكى مۇلاھىزە كۈچلۈك مەنىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە ئىش، خالاس. ئەمەلىيەتتە، ئۆلۈم ھەققىدىكى مۇلاھىزە كىشىلىك ھايات ھەققىدىكى مۇلاھىزىگە تۈرتكە بولۇش بىلەن بىرگە، ئۇنى رېئاللىقتىكى نوقۇل كىشىلىك ھايات ئەتىمشلىرى كاتېگورىيىسىدىن دەھرىي دۇنيادىن ھالقىغان روھىي ئىستەك چەكسىزلىكىگە جۆنەپ، ئىنسانىي ھاياتلىقنىڭ ئاشۇ ھاياتلىقتىن ئۈستۈن تۇرىدىغان دەللى ۋە ئەھمىيىتىنى ئىزدەشكە دالالەت قىلىدۇ. ئەكسىچە، ئۆلۈمدىن مۇستەسنا كىشىلىك ھايات مۇلاھىزىسى پەقەت رېئاللىقتىكى ھاياتلىق كەلتۈرمىشلىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالىدۇ. جۇڭگولۇقلاردىكى مېتافىزىكا ۋە دىن ئاچارچىلىقىنىڭ سەۋەبى دەل مۇشۇ يەردە. جۈملىدىن، كۇڭزىچىلار پەلسەپىسىدە مېتافىزىكىلىق خۇسۇسىيەت ھازىرلانمىغان بولغاچقا، ئۇنى ئەخلاق تەلىماتىنىڭ راۋاجى دېيىشلا مۇمكىن. مەسىلەن، «تەڭرى بىلەن ئىنسان بىر گەۋدىدۇر» دېگەن تەلىمات «ئالەم بىلەن ئادەم پەقەت بىرلا ئەخلاق مىزانىنىڭ ھاكىملىقىدىدۇر» دېگەندىن باشقا نەرسە ئەمەس.

يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن جۇڭگولۇقلاردا ھەقىقىي دىنىي ھېسسىيات كەمچىل بوپكەلدى. بىر ئادەمنىڭ روھىي ئالەم چەكسىزلىكىدە ئۆزىنىڭ يېگانە ۋە يۆلەكسىز ئىكەنلىكىنى بايقىغىنىدا، ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قالغان بۇ روھ تېخىمۇ يۈكسەك بىر خىل مەۋجۇدلۇققا بولغان زارىقىش ۋەجىدىن، ئالەمدىكى بىر تۈرلۈك ماھىيەتلىك روھ بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كېتىشكە تەشنا بولىدۇ. بۇ دەل — ئەزەلىي مەنىدىكى دىنىي ھېسسىياتتۇر. ئاۋگۇستىن، پاسكال، كىيېركىگارد، تولستويلارنىڭ جىسمى ۋە ۋۇجۇدىدىن بۇ خىل ھېسسىياتنىڭ ئىپادىلىرىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. ئەمما بۇ خىل ھېسسىيات بىزگە ئىنتايىن يات. بىزدە چىن مەنىۋى ھايات كەمچىل بولغىنى ئۈچۈن، ساپ روھىي خاراكتېرگە ياتىدىغان مەسىلىلەر خۇسۇسىدا ئازابلىنىشنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى ئانچە بىلىپ كەتمەيمىز؛ بىر خىل ھالقىما ئېتىقادتا چىڭ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئۆزىمىزنى ئاتاشنى ئانچە خالاپ كەتمەيمىز. يەنە كېلىپ، يېتۈك ئىنسانىي پەزىلەتنى «كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقا كامىل ئېسىلزادىلەردىن بولۇش» دەپلا تونۇيدىغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئارىمىزدىن روھىيەتكە ئىشتىياق باغلىغان ئىخلاسمەن مۇخلىسلارنىڭ چىقمىقى بەسى مۈشكۈل. شۇڭلاشقىمۇ بىزدە كىشىلىك ھاياتنى خىلمۇ خىل نۇقتىدىن دەڭسىيەلەيدىغان تەجرىبىچىلەر ۋە مەنىۋى تەۋەككۈلچىلەر يوق دېيەرلىك؛ روھىي جەھەتتە «بەرگەن كۈنۈڭگە شۈكۈر»گە كۆنۈگەنلىكىمىز ئۈچۈن، ھەركىمنىڭ كىشىلىك ھايات ئەندىزىسى بىر قېلىپنىڭ كېسەكلىرىگە ئوخشايدۇ.

قىسقىسى، بىزدە كاللىمىز ۋە روھىمىزغا بولغان ئەستايىدىللىق ۋە پاكى كەڭ مەنىدىكى ئىلىم-پەن روھى بىلەن كەڭ مەنىدىكى دىنىي روھ كەمچىل.

## 7. باشقا ئاجىزلىقلارنىڭ سەۋەبىنى روھىي خاراكتېر جەھەتتىكى كەمچىلىكلىرىمىزدىن ئىزدەش مۇمكىن

باشقا جەھەتلەردىكى يېتەرسىزلىكلىرىمىزنىڭ سەۋەبىنى، ئەڭ بولمىغاندا نېگىزلىك سەۋەبلەرنىڭ بىرەرسىنى دەل روھىي خاراكتېرىمىزدىكى كەمتۈكلۈكلەردىن ئىزدىشىمىز زۆرۈر. مەسىلەن، نېمە ئۈچۈن شەخسنىڭ ئەركىنلىكىنى قىممەت ۋە مەقسەت بىلمەي، ئەكسىچە ۋاستە دەپ قارايمىز. بۇنىڭ زاكونى ناھايىتى ئاددىي: ئەگەر بىراۋ مەسىلىلەرنى ئۆز كاللام بىلەن ئانالىز قىلىپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق، دەپ قارىسا پىكرىي ھۆرلۈك ئۇنىڭ ئۈچۈن ئانچىكىلا بىرنەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ؛ ھاياتىمغا ئۆزۈمنىڭ روھى بىلەن ھاكىملىق قىلىشىمنىڭ ھاجىتى يوق،

www.uyghurkitap.com

دەپ قارىسا، ئېتىقاد ئەركىنلىكى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەرزىمەس نەرسىگە ئايلىنىدۇ.

لياڭ شۇمىڭ بۇ ھەقتە ناھايىتى ۋەزنىلىك قىلىپ مۇنداق دېگەنىدى: «غەربلىكلەرنىڭ ھۆرلۈك تەلپىگە سېلىشتۇرغاندا، جۇڭگولۇقلارنىڭ بۇ ھەقتىكى مەنتىقىسىنى مۇنداق ئۇقتىدا تەبىرلەش مۇمكىن: بىرى، جۇڭگولۇقلارنىڭ ئەركىنلىك ئىشتىياقى كۈچلۈك بولمىغان، بۇ ھەقتە نېمە قىلىشنى ئۇقمايدۇ؛ يەنە بىرى، ئەركىنلىك جاھانىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋېتەرمۇ دېگەن گۇمان بىلەن ئۇنىڭدىن قورقۇمسىرايدۇ. ھالبۇكى، غەربلىكلەر: جۇڭگولۇقلار ئەركىنلىك ھوقۇقىغا ئىنتىلمەيدىغان غەلىتە خەقكەن، دەپ بىلىدۇ. چۈنكى غەربلىكلەر ئادەم دۇنيا قاراش ۋە كىشىلىك ھاياتقا قانداق پوزىتسىيە تۇتۇش جەھەتتە ئۆزئەركىنى ئۆز ئىلكىگە ئالالمىسا، ئۇنداق ھاياتنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى بولمايدۇ دەپ قارايدۇ.» خايك شۇنداق دەيدۇ: «ئىنسانىي ھايات فورمىلىرىنىڭ تۈرلۈك-تۈمەن بولىدىغانلىقى، شۇنداقلا كىشىلىك ھاياتنىڭ ئۆزگىچە مەنىسى پەقەت شەخسنىڭ خاسلىقى بىلەنلا قارار تاپالايدىغانلىقى ئۈچۈن ئەركىنلىك ئىنتايىن ۋەھىم. شۇڭا كىشىنى مەلۇم بىر ھاياتلىق فورمىسىغا مەجبۇرلاش ستىكى ئادەمنى ئىدىيە ۋە روھتىن مۇستەسنا جانلىق دەپ رىغانلىقى بىلەن رەزىللىكتۇر». ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، لۆۋەتتىكى «خايك قىزغىنلىقى»دا كىشىلەر ئۇنىڭ بۇ خىل قىممەت ئېڭىغا ناھايىتى سەل قاراپ، خايك نەزەرىيىلىرىنى ھەدېسىلا ئىقتىسادىي لىبېرالىزمغا مۇجەسسەملەپ قويۇۋاتىدۇ.

يەنە مىسالەن، لياڭ چىچاۋ :«جۇڭگولۇقلارنىڭ روھىيەت قاتلىمىدا ئەڭ كەمچىل بولۇۋاتقىنى جامائەت ئەخلاقى، شۇنداقلا ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىدۇر» دېگەن ۋەكىللىك پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. مېنىڭچە، بۇنىڭ نېگىزىنى يەنىلا جۇڭگولۇقلاردا ھەقىقىي مەنىۋى ھايات ۋە كەڭ مەنىدىكى دىنىي روھ قەھەتچىلىكى ۋەجىدىن ھېيىقىش ئېڭى ۋە مۇتلەق مەنىدىكى تەلەپچانلىقنىڭ قۇرۇپ كەتكەنلىكىگە باغلاش مۇمكىن. بىز ئىلاھقىلا ئەمەس، ھەتتا ئىلاھىي مۇقەددەسلىككىمۇ ئىشەنمەيمىز. بۇيەردىكى ئىلاھىي مۇقەددەسلىك « مەلۇم بىر مۇتلەق دەخلى-تەرۇزسىز نەرسىگە چېقىلغان ئادەم ئۆزىنىڭ ئادىمىيلىكىنى يوقىتىپلا قالماي، ھەتتا كىشىلىك ھاياتنىڭ مەنە-ئەھمىيەتلىرىنىمۇ بەربات قىلىدۇ» دېگەندىن ئىبارەت. مۇستەھكەم ۋە تويۇنغان روھ ھەرقانداق گۈزەل ئەخلاقنىڭ مەنبەسى. شۇڭا ئۆز ھاياتىنىڭ چىن مەنىسىنى بىلمىگەن ئادەمنىڭ باشقىلارغا ھەقىقىي مېھرىبانلىق يەتكۈزۈپ، جەمئىيەت ئالدىدا ھەقىقىي مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئالالىشى مۇمكىن ئەمەس.

جۇڭگودىكى زىيالىيلار مەسىلىسى ھەققىدە يەنە ئىككى قوۋۇز گەپ قىلغۇم كېلىۋاتىدۇ. « جۇڭگو زىيالىيلىرىنىڭ ئاجىزلىقى ھەقىقىي ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە خاس پەزىلەتنىڭ يېتەرسىز ئىكەنلىكىدە» دېگەندەك گەپ-سۆزلەرنى دائىم ئاڭلاپ تۇرىمەن. مېنىڭچە، كەم بولۇۋاتقىنى — يۈزەكى ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتلا ئەمەس بەلكى خاس پەزىلەت. بۇنى زىيالىيلارنىڭ ھەدېسىلا يۈزەكى ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتكە ئېسىلىۋېلىپ، ماھىيەتلىك روھىي قاتلامغا سەل قارىغانلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان. زىيالىيلارنىڭ ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىشىغا قارشى ئەمەسمەن. لېكىن، بۇ خىل مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ماھىيەتلىك روھىي قاتلام ئاساسىغا تۇرغۇزۇلمىسا، ئاخىر بېرىپ مەنپەئەتپەرەسلىك تۈسىنى ئېلىپ قالىدۇ. جۇڭگو زىيالىيلىرى بىلەن رۇس زىيالىيلىرىنى سېلىشتۇرۇپ باقايلى: رۇس زىيالىيلىرى زىممىسىگە ئالغان ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت بىزنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ. رۇس زىيالىيلىرىمۇ شۇ سەۋەبلىك سۈرگۈن قىلىنغان، ئېغىر رېجىملار ئاستىغا ئېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن روھ مەسىلىسىگە بولغان ھېرىسمەنلىكتىن قىلچە يالتايمىدى؛ بۇھال ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە مۇتەپەككۇرلارچە يۈزلىنىشىگە تۈرتكە بولدى. بېلىنسكىي، چېرنىشېۋسكىي، دوستويېۋسكىي، شېستوفلار بۇنىڭ جانلىق مىسالىدۇر. بىر ئادەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، شۇ كىشىنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق روھىيىتىدە ئىشقا ئاشۇرۇلمىغان پىكرىي تىرەنلىكنى سىرتقى بېسىمنىڭ ئىشقا ئاشۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس. مىسالەن، جۇڭگو زىيالىيلىرىنىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا تارتقان كۈلپەتلىرى رۇس زىيالىيلىرىنىڭ چارپادىشاھ ياكى ستالىن مۇستەبىتلىكى كەلتۈرگەن زۇلۇم-ستەملەردىن قېلىشمايدۇ. ئەمما ھازىرغا قەدەر بىز «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان بىرەر مۇنەۋۋەر ئەسەرنى يارىتالمىدۇق؛ ھەتتا، دوستويېۋسكىينىڭ «ئۆلۈم ئىسكەنجىسىدىكى خاتىرىلەر»، پاستېرناكنىڭ « دوختۇر ژىۋاگو»، سولژېنتسىننىڭ «گۇلاگ ئارىلى» بىلەن زورىغا بولسىمۇ تەڭلەشتۈرۈپ باققۇدەك ئەسەرلىرىمىزنىڭ يوقلۇقىدىن يۈزىمىز قىزىرىدۇ. بۇ، ئېھتىمال تاسادىپىيلىق بولمىسا كېرەك.

## 8. سەۋەب ۋە ئامال

ئاخىرىدا مۇنداق بىر مەسىلىنى ئويلاپ قالدىم: شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئادىمىيلىك ئاساسىي جەھەتتىن ئورتاقلىققا ئىگە. ئادەم — ئەقلىي ھايۋان. بۇ مەنىدىن ئالغاندا، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆزىگە خاس كاللىسى ۋە ئەقلىي قابىلىيىتى بولىدۇ. ئادەم — مېتافىزىكىلىق ھايۋان. بۇ مەنىدىن ئالغاندا ھەممە ئادەمدە روھ بولىدۇ. شۇڭا ھەرقانداق ئادەم ياشاشنىلا ئەمەس، قانداق قىلغاندا مەنىلىك ياشىغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلمەكچى كېرەك. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئادىمىيلىكنىڭ ئورتاق

ئالامەتلىرىدىندۇر. مەيلى غەربتە بولسۇن ياكى جۇڭگودا بولسۇن ئىلىم-ئېرپان ۋە كىشىلىك ھاياتنىڭ نېگىزى مەسىلىسىگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلغانلار چىقتى، ئەمما، مەسىلىنى ئۇجۇر-بۇجۇرىغىچە زىغىرلىيالىغانلار ناھايىتىمۇ ئاز. ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن غەربلىكلەر ئادىمىيلىكتىن ئىبارەت بۇ ئامىلنى مىللەت خاراكتېرىنىڭ يادروسى سۈپىتىدە مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئايلاندۇرالىدى؟ بىز نېمە ئۈچۈن ئۇنداق قىلالمىدۇق؟ بۇ مەسىلىگە قانائەتلىنەرلىك جاۋاب تاپالمىغانلىقىمنى تەن ئالىمەن. ئىشقىلىپ، بۇنداق پەرقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەبلەر ناھايىتى مۇرەككەپ. مەيلى قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر جۇڭگو مەدەنىيىتى ئۇنىۋېرسال ھاسىلات سۈپىتىدىكى «ئەمەلىي قىممەت» بىلەن خاراكتېرلەندى. بۇيەردە شۇنىڭغا دىققەت قىلماي بولمايدۇكى، بۇ خىل مەدەنىيەت شەكىللەنگەن ھامان ئۆزىدە بىر تۈرلۈك شاللاش مېخانىزمىنىمۇ بىرگە ھامىلە قىلغان بولىدۇ. بۇ خىل مېخانىزمنىڭ رولى «ئەمەلىي قىممەت»كە ئىنتىلىشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئاساسىي ئېقىم شەكلىگە كىرگۈزۈپ، مەنىۋى قىممەتنى چەتكە قېقىش ئارقىلىق ئۇنى ئاساسىي ئېقىم ۋە ئەنئەنىنىڭ يېگانە ھادىسىسىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇشتا ئىپادىلىنىدۇ.

ۋاڭ گوۋېينىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى بۇنىڭ تىپىك مىسالى. ۋاڭ گوۋېينىڭ مىجەز-خاراكتېرىنى مۇنداق نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن: بىرى، روھقا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلغاچقا كىشىلىك ھايات ئۈستىدە خېلى بۇرۇنلا چوڭقۇر ئىزدىنىپ ھەسرەتلەنگەنىدى. يەنە بىرى، ئۇ، ئادەم مېڭىسىنىڭ سىرلىرىغا ئەستايىدىل پوزىتسىيە تۇتقاچقا ، ھەرقانداق ئىشنى يىپىدىن-يىڭنىسىغىچە زىغىرلاپ، ئۇنىڭ نېگىزلىك ئاساسىنى تېپىشقا ئىنتىلگەنىدى. بۇ ئىككى خىل ئۆزگىچىلىكنى ئۆزئارا سىڭدۈرسەكلا ۋاڭ گوۋېينىڭ روھ قاتلىمىدىكى مەسىلىلەرگە ئىدراكى جاۋاپ تېپىشقا يۈزلەنگەن ئادەم ئىكەنلىكىنى جەزملەش مۇمكىن. دېمەك ئۇ ئەسلىدە پەلسەپە ساپاسىنى ھازىرلىغان ئادەم ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ گېرمانىيە پەلسەپىسىگە جۆر بولالىغانلىقى تاسادىپىيلىق ئەمەس. ئەپسۇسكى، ئەينى ۋاقىتتا كىشىلەر ئۇنىڭ پەلسەپە ئۈستىدىكى روھىيەت مەسىلىلىرىگە تويۇنغان تەتقىقاتلىرىنى پەرۋايىغا ئېلىپ قويماي ، يەن فۇنىڭ «ئەمەلىي قىممەت»تەرغىب قىلىنغان تەرجىمىلىرىنى تىللاردا داستان قىلىشتى. بۇ نېمىدېگەن روشەن سېلىشتۇرما-ھە! ۋاڭ گوۋېينىڭ تەتقىقاتلىرى قەغەزلەر دۆۋىسىگە تاشلىۋېتىلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر غەرب پەلسەپىسىنىلا ئەمەس، ھەتتا ھەرقانداق پەلسەپىنى تىلغا ئالمايدىغان بوپكەتتى. مېنىڭچە، ۋاڭ گوۋېينىڭ ئېچىنىشلىق كەچمىشلىرىگە دەل مۇشۇ ئىش سەۋەب بولغان. شۇڭا، ئۇنىڭ ئېغىر سۈكۈت ۋە يېگانىلىقىدىن تەسىرلەنگۈسىز ئازاب ۋە نادامەتنى بايقىيالايمىز. يەنى يۇقىرىدا بىز قەيت قىلىپ ئۆتكەن مەدەنىيەتتىكى شاللاش مېخانىزمى ۋاڭ گوۋېينىڭ خېلى كۈچلۈك روھىي خاراكتېرىنى زەئىپلەشتۈرۈۋەتتى. بۇ يەردە مۇنداق بىر قەبىھ دەۋرىيلىك (يامان سۈپەتلىك ئايلىنىش) مەۋجۇد: «مەنىۋى قىممەت» ئېڭى شاللانغانسېرى «ئەمەلىي قىممەت» ئېڭى مۇستەھكەملىنىپ بارىدۇ؛ «ئەمەلىي قىممەت»ئېڭى مۇستەھكەملەنگەنسېرى «مەنىۋى قىممەت»ئېڭى شاللىنىپ بارىدۇ. بۇنىڭ چىقىش يولى زادى نەدە؟ مېنىڭچە، شاللىنىشتىن قورقمىغانلار غەلىبە قىلالايدۇ! چۈنكى، شاللىنىشتىن قورقۇشنىڭ ئۆزى «ئەمەلىي قىممەت»ئېڭى سېلىۋاتقان ۋەسۋەسە، خالاس. شۇڭا، چىن ۋە ساپ مەنىۋى قىممەتكە زارىققان ئادەم ھەرگىزمۇ بەل قويۇۋەتمەسلىكى لازىم. جۇڭگودا ئىرادىلىك ۋە ساپ پەلسەپە، ساپ ئەدەبىيات، ساپ سەنئەت، ساپ ئىلىم ئاشىنالىرى، يەنى مەنىۋى قىممەتنى ھاياتلىق ئىستىكى قىلغان كىشىلەر كۆپلەپ چىقسىكەن، دېگەن ئۈمىدتىمەن. بۇ جەھەتتىكى ئومۇمىي ساپايىمىز تۆۋەن، ئەنئەنىۋى بايلىقىمىز كەمچىل بولغاچقا پات ئارىدا ئۇلۇغۋار نەتىجىلەرنى يارىتالىشىمىز، خېلى بىر زامانلارغىچە جۇڭگونىڭ ھېيدېگگېرى، كافكاسى ۋە پىكاسولىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقالىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. لېكىن، ھېچقىسى يوق! ھېيدېگگېر، كافكا، پىكاسولاردىن بولۇش ئۈچۈن ئاشۇلارنىڭ ئەمەل-ئەتمىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇش كېرەك. چۈنكى، ساپ مەنىۋى قىممەت ئۈستىدە قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزدىنىدىغانلار كۆپلەپ چىقسىلا، نەچچە ئەۋلاد ئۆتكەندىن كېيىن روھىي ساپايىمىزنىڭ كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىپ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىزدىنمۇ دۇنياۋى پەيلاسوپ ۋە بۈيۈك شائىرلارنىڭ يېتىشىپ چىقىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنىمەن.

---

تاڭ جىن تۈزگەن، دۆلەت مەمۇرىيەت ئىنستىتۇتى نەشرىياتى 2008-يىل يانۋاردا نەشر قىلىنغان — «رەھبىرىي كادىرلار مۇھاكىمە مۇنبىرى»ناملىق كىتابنىڭ «مەدەنىيەت بۆلىكى 1-قىسمى»دىن ئابدۇجاپپار ھامىدىن، قاھار زەيدىن تەرجىمىسى. تىلماچلار: ج ك پ كەلپىن ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ خادىملىرى (M2)

تەرجىمە مۇھەررىرى: سېيىت تىلىۋالدى (تەكلىپلىك)؛ سېلىشتۇرۇپ بېكىتكۈچى: ئىمىن ئەھمىدىي (تەكلىپلىك)

www.uyghurkitap.com



# يوقنىڭ گېپى بولدى، ئېپى بولمىدى

## ــ جۇ گوپىڭنىڭ «جۇڭگولۇقلاردا نېمە كەم» ناملىق نۇتۇقىغا ئىلاۋە

ئابدۇقادىر جالالىددىن

ژۇرنالىست قۇربان مامۇت ئەپەندى: تەھرىراتىمىزغا جۇگوپىڭنىڭ «جۇڭگولۇقلاردا نېمە كەم» ناملىق نۇتۇقىنىڭ تەرجىمىسى كەلدى. مەزكۇر ماقالە كىشىنى ئويلاندۇرىدىغان ئاكتۇئال قىممەتكە ئىگە ئىكەن. ئوقۇرمەنلىرىمىزنى توغرا تەپەككۇر يۆنىلىشىگە ئىگە قىلىدىغان بىرەر پارچە ئىلاۋىنى قىستۇرۇپ بەرسەك بولاتتى، قولغا قەلەم ئالغۇدەك ۋاقتىڭىز بارمۇ، دەپ سوراپ قالدى. يېقىنقى بىر نەچچە يىل ئىچىدە ۋاقتىمنى ئىزدىنىش ۋە پىكىر قىلىشنىڭ قۇرغاق مۇساپىسىدە ئۆتكۈزگەن بولساممۇ، ئوقۇرمەنلىرىمنى سۆيۈندۈرگىدەك چوڭ نەتىجىنى روياپقا چىقىرىپ بولالمىدىم. شۇنداق ئىكەن، شېئىر توپلاملىرى ۋە ماقالىلەرگە ئىلاۋە ياكى كىرىش سۆز دېگەندەك نەرسىلەرنى يېزىش مەن ئۈچۈن ئېھتىيات دائىرىسىدىكى ئىش. تەرجىمە ئەسەرنىڭ سەرلەۋھىسىدىكى «نېمە كەم» دېگەن ئىبارىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى باردەك تۇيۇلدى. بىراق جۇگوپىڭنىڭ ماقالىسىگە ئىلاۋە يېزىشنىڭ ئاسان ئىش ئەمەسلىكى ماڭا ئايان ئىدى. مەن جۇگوپىڭنى ئۆزۈندىن بېرى بىلىمەن. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدا مەن ئۇنىڭ بىر قىسىم شېئىرىنى تەرجىمە قىلىپ «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلدۇرغانىدىم. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ كىشى گېرمان پەيلاسوپى ف. نىچشېنىڭ بىر بۆلۈك ئەسىرىنىڭ تەرجىمانى بولۇپ، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭ تەرجىمىسىدىكى نىچشې بىلەن تونۇشقانىدىم. ئۆز مەۋجۇدلۇقىنىڭ مەنىسىنى ئۇنتۇپ كەتكەن نۇرغۇن قوي مىجەز ئادەمگە نىچشېنىڭ «ھەممىنى قايتا باھالاش»تىن ئىبارەت جۇشقۇن تەشەببۇسىنى تولىمۇ زۆرۈردەك ھېس قىلاتتىم. جۇگوپىڭ ئەپەندى نوقۇل تەرجىمانلا ئەمەس، بەلكى تەتقىقاتچى، ئۇنىڭ نىچشې ھەققىدە مەخسۇس ئەسەرلىرى بار. جۇڭگو ئوقۇرمەنلىرى ياخشى كۆرۈپ ئوقۇيدىغان ئەقلىيە نەسىرلىرى بار. دېمەك ئۇ بۈگۈنكى جۇڭگودا روشەن تەسىرگە ئىگە مەدەنىيەت ئەربابى.

«جۇڭگولۇقلاردا نېمە كەم» ــ ماۋزۇنىڭ ئۆتكۈر بېشارەت خاراكتېرى باردەك قىلاتتى. ئۆزى مەنسۇپ بولغان دەۋردە نېمىنىڭ كەملىكى ئۇستىدە باش قاتۇرۇش تارىختىن بۇيان زىيالىيلار ئۆتەپ كەلگەن ۋەزىپە ئىدى. زىيالىيلاردىكى سەگەكلىك مەۋجۇد رېئاللىقنىڭ كۆزنى چاقنىتىدىغان مەنزىرىسىگە يوشۇرۇنغان خەۋپلىك كېسەللىكلەرنى كۆرۈپ، ئۇنى داۋالايدىغان رېتسېپلارنى ئىزدەشتە ئىپادىلىنىدۇ. ماۋزۇدىكى «جۇڭگو» كەلىمىسى ناھايىتى چوڭ ئۇقۇم بولۇپ، مەدەنىيەت ۋە تارىخ نۇقتىسىدىن سۈرۈشتۈرگەندە مۇرەككەپ، كۆپ قاتلاملىققا ئىگە. تارىختىكى جۇڭگو بىلەن بۈگۈنكى جۇڭگونىڭ پەرقىنى نەزەرگە ئالغاندىمۇ، بۇ ئۇقۇمنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋردىكى مەنىسىمۇ ئوخشىمايدۇ. بۈگۈنكى جۇڭگونىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىمۇ، مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىمۇ ھەرخىل تەركىبتىن ۋۇجۇدقا كەلگەن. ھازىرقى ئاتموسفېرادا كۆكتۈزى مەدەنىيەت ئائىلىسىنىڭ چەمبىرىكى ئىسلام مەدەنىيەت ئائىلىسى ۋە خرىستىئان مەدەنىيەت ئائىلىسىنىڭ چەمبىرىكى بىلەن كىرىشىپ، كۆزگە ئېنىق چېلىقىدىغان دىئالوگ نۇقتىلىرى شەكىللىنىۋاتىدۇ. بۇ يەردىكى ھەر بىر چەمبەرنىڭ مۇرەسسەگە كەلمەيدىغان ئۆزىگە خاس ئىچكى مەزمۇنلىرى ئاز ئەمەس. بۇ مەزمۇنلار ئوبيېكتىپ تەتقىق قىلىنىپ، ئادالەت مىزانلىرى بىلەن ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش ئىلگىرى سۈرۈلگەندە، مەدەنىيەتلەر دىئالوگى

ساغلام كەيپىيات ئىچىدە ئورتاق ھەمكارلىقنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايدۇ. ئەمدى جۇگوپىڭ ئەپەندىنىڭ ماقالىسىگە كەلسەك، ئۇنىڭ دىئاگنوزلىرى كۆكزى مەدەنىيەت ئائىلىسىدىكى غوللۇق ئەزالارنىڭ تومۇرىنى تۇتۇش ئاساسىدا قويۇلغانىدى. شۇڭا، «نېمە كەم» دېگەن مەسىلىنى جۇگوپىڭدىن ئىلھام ئالغان ئاساستا، ھەربىر ئېتنىك ھالقا ئۆزىنىڭ ھازىرقى ھالىتى، تەرەققىيات يولى ۋە كەلگۈسىگە ئائىت ئىنتىلىشلىرى بىلەن تەتبىقلاپ ، تەپەككۇر قىلىشى لازىم بولىدۇ.

بىزدە زادى نېمە كەم؟ — بىزنىڭ بۇ ھەقتە ئويلىنىدىغان نۇقتىمىز باشقىلار بىلەن تامامەن ئوخشىمايدۇ. چۈنكى، بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىز، قىممەت قارىشىمىز، ھازىرقى ئەھۋالىمىز، يولۇققان مەسىلىلىرىمىز ھېچكىمگە ئوخشىمايدۇ، ئەلۋەتتە. بىزدە جىق نەرسە كەم. بۇ كەم نەرسىلەرنىڭ ئىچىدىكى قانداق نەرسىنى باشتا ھەل قىلىش، قانداق نەرسىلەرنى ئاندىن ھەل قىلىشنىڭ ئەمەلىيەتنى شەرت قىلىدىغان تەرتىپلىرى بولىدۇ. كەم نەرسىلەرنى دەپ بېرىش بىزنىڭ بۇ ئىلاۋىمىزنىڭ مەقسىتى ئەمەس، ھەم ئۇ مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدىغان جاۋابمۇ ئەمەس. ئۇ كۆپ قىرلىق رېئاللىق ۋە ساھەنى ئومۇميۈزلۈك كۆزدە تۇتۇپ، پەيدىنپەي ئېرىشىدىغان جاۋاب.

بىزدە نېمە كەم؟ — بىز جۇگوپىڭ ئەپەندىنىڭ جاۋابىنى ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ زوقىغا يارىشا ئىزاھلاش بىلەن بىرگە ، ئۇلارنىڭ مۇلاھىزىلىرىگە پايدىلىق نۇقتىلارنى بەرسەك دېگەن ئۈمىدتىمىز.

جۇگوپىڭ ئەپەندى ئۆزىنىڭ بۇ نۇتۇقىدا جۇڭگولۇقلارنىڭ مىللىي خاراكتېرى توغرىسىدىكى بىر ئەسىرلىك ئويلىنىشلارغا قايتا سەپسېلىپ چىقىپ، بىزدە مەنىۋىلىك كەم دېگەن يەكۈننى چىقىرىدۇ. ئۇ دەيدۇكى، جۇڭگولۇقلار غەرب تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ھەربىي، ئىقتىسادىي، سىياسىي زەربىلىرىنى تېتىغاندىن كېيىن سىلكىنىپ ئويغاندى ۋە ئۆزىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن غەربنىڭ پەن-تېخنىكىسىنى ، سىياسىي تۈزۈلمىسىنى، ئاساسىي قانۇنىنى ئۆزلەشتۈرۈشنى ئىجتىمائىي مۇقام قىلدى. زىيالىيلار مەيلى پەلسەپە ئۆگەنسۇن، مەيلى قانۇن تەتقىق قىلسۇن، ئەقلىي ئەمگەككە ياتىدىغان بارلىق ساھەدە پەقەت ئۇلارنىڭ ئەمەلىي ئىشلىتىش قىممىتىنى تۇتقا قىلدى، ئۇلاردىكى مەنىۋى قىممەتنى بولسا نەزەردىن ساقىت قىلدى. «جۇڭگولۇقلارنىڭ قەلبىدە مەنىۋى قىممەتكە ئورۇن يوق، ھەرقانداق مەنىۋى قىممەت — ئەركىنلىك، ئادالەت، بىلىم، پەن، دىن، چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك، مۇھەببەتنىڭ ئىشلىتىلىش قىممىتى بولمىسا، ئۇنى قىممەت سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلمايدۇ» دەيدۇ جۇگوپىڭ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، يۇقىرىقى مەنىۋى قىممەت ئامىللىرىنى يىگىلى بولۇشى كېرەك. يېقىلغۇ قىلغىلى ياكى كۆڭلۈك قىلىپ ئىشلەتكىلى ، ئايروپىلان قىلىپ ئولتۇرغىلى بولۇشى كېرەك.

ھېچ بولمىغاندا، بىرەر ئىجتىمائىي مەقسەتنىڭ قورالى بولۇشى كېرەك. ئاندىن ئۇ قىممەت دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈلسە بولىدۇ. مانا بۇ جۇڭگوچە ئۇتۇمپەرەسلىكنىڭ ئاددىيلاشتۇرۇپ كۆرسىتىلىشى. جۇگوپىڭنىڭ سۆز ئورامىدىن مەلۇم بولۇشىچە، جۇڭگولۇقلاردا داۋىخورلۇق ئىللىتى كۆزگە ئاسانلا چېلىقىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى قالتىس چاغلاۋاتقاندا، غەربتىن دەشنام يەپ، ئۇلاردىن ئۆگەنمىسە بولمايدىغانلىقنى ئاندىن ھېس قىلدى. ئۇلار بىرەر تەبىئىي ئاپەتكە ياكى كېلىشمەسلىككە ئۇچرىغاندا، بىرەر مەبۇتتىن كەچۈرۈم تىلەيدىغان بوپقالىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا ئاللىبۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئەرۋاھىنى سېغىنىدىغان بوپقالىدۇ. بۇيەردىكى روھىيەتتە مۇقەددەسلىك يوق دېگۈدەك بولۇپ، ئۇ پەقەت ھاياتلىقنىڭ بىرەر مەنپەئەت كىرزىسىنى شەرت قىلىپ، مەيدانغا كېلىدۇ. بىرەر بەختسىزلىك ۋە كېلىشمەسلىكنىڭ قورشاۋىدا ئۆزىنى يالغۇز ھېس قىلغاندا، ئۆزىگە ئوخشاش بىرەر مەخلۇقنىڭ ياردىمىدىن قەتئىي ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدىغان ئەھۋالدا، ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بىر قۇتقۇزغۇچى بىلەن غايىبانە سىردىشىدىغان دىنىي ھېسسىيات جۇڭگولۇقلاردا ناھايىتى كەم دەپ ئەپسۇسلىنىدۇ جۇگوپىڭ. تارىختا ئۆتكەن مەنىۋىيەت ئۇستازلىرىدىن شۇنداق بىر ئورتاق سادانى ئاڭلايمىزكى، دىنىي ھېسسىيات ئىرق ۋە مىللەتتىن ھالقىغان ئورتاق تىل سۈپىتىدە ئوخشىمىغان قىسمەت ۋە تەبىقىدىكى ئىنسانلارنى ھېسداشلىق، چۈشىنىش رىشتىلىرى بىلەن باغلاپ، مېھرىبانلىقتىن ئىبارەت خالىس نېمەتكە ئىگە قىلىدۇ. 2008-يىلى سىچۈەن ۋېنچۈەندىكى يەر تەۋرەش ئاپىتىگە يولۇققان خەلقلەرگە ئوخشىمىغان ئېتىقادتىكى دۇنيا خەلقلىرىنىڭ يەتكۈزگەن ئىنسانپەرۋەرلىك ياردىمى دەل مۇشۇ تۇيغۇنىڭ ئىپادىسىدۇر. گەرچە بۇنىڭدا سىياسىيونلارنىڭ دىپلوماتىيىسىنى يوق دېگىلى بولمىسىمۇ، بىراق، مۇشۇ دىپلوماتىيىنىڭ ئۆزىمۇ ئىنسانىي قېرىنداشلىقتىن ئىبارەت مۇقەددەس ھېسسىياتنى كۆتۈرۈپ چىقىش بىلەن پۇت تىرەپ تۇرىدۇ.

«دىنىنىڭ ماھىيىتى، مەن نېمە ئۈچۈن ياشايمەن، ئەتراپىمدىكى پايانسىز دۇنيا بىلەن مۇناسىۋىتىم نېمە دېگەندەك سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلاردا ئىپادىلىنىدۇ» دەيدۇ لېۋ تولستوي. بىز بۇ سوئاللارغا «مەن نەدىن كەلدىم، قەيەرگە بارىمەن» دېگەنلەرنىمۇ قوشۇپ قويۇشىمىز كېرەك. بۇ سوئاللار كىشىنى ھاياتلىق ۋە ئۆلۈم توغرىسىدىكى سىرلىق، مېتافىزىك خىياللارغا يېتەكلەيدۇ.

ئەدەبىيات تارىخىدا مىللەتنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە باھالانغان جالالىددىن رۇمىي، لېۋ تولستوي، ھيۇگو، نەۋائىي كەبىي ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرى دەل ئىنسان بىلەن دۇنيا ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىلەرنىڭ مېتافىزىك تەسەۋۋۇرلىرى بىلەن

www.uyghurkitap.com

سۇغۇرۇلغان.

جۇگوپىڭ يەنە ئۆزىنىڭ نۇتۇقىدا لياڭ چىچاۋنىڭ جۇڭگولۇقلارنىڭ روھىدا ئەڭ كەم نەرسە ئاممىۋى ئەخلاق بولۇپ، جەمئىيەتكە بولغان مەسئۇلىيەت يېتەرسىز دېگەن ھۆكۈمنى جۇڭگولۇقلاردىكى دىن روھىنىڭ كەمچىللىكى بىلەن باغلاپ چۈشەندۈردى. بۇ، ئەمەلىي قىممەتنى زىيادە تەكىتلىگۈچى ئىنگلىز پەلسەپىسىگە يېپىشقان يەن فۇ قاتارلىق مەرىپەت زىيالىيلىرىنى تەنقىدىي مەۋقەدە ئەسلەپ ئۆتۈش بىلەن بىرگە، مېتافىزىك روھقا باي گېرمان پەلسەپىسىنى بىر ئۆمۈر تەتقىق قىلىپ تۇزۇك مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ئىگە بولالمىغان ۋاڭ گوۋېينى ھەسرەت بىلەن قەيت قىلدى.

جۇڭگولۇقلارنىڭ مىللىي ئىستىقبال توغرىسىدىكى ئويلىنىشلىرى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا باشلىنىدۇ. 1894 ـ، 1895 ـ يىللىرىدا بولۇنغان جۇڭگو ـ ياپونىيە ئۇرۇشىدىكى مەغلۇبىيەت يىراقنى ئويلايدىغان كىشلەردە بىز غەربنىڭ ھەربىي ۋە سانائەت بىلىملىرىنى قوبۇل قىلىپلا قالماي، يەنە ئۇلارنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسى، ئىقتىسادىي سىستېمىسى، ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسى، پەلسەپە ئىدىيىلىرىنىمۇ قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك ئىكەن دېگەن قاراشنى پەيدا قىلدى ۋە ئىشنى كەڭ كۆلەملىك تەرجىمە ھەرىكىتىدىن باشلايدۇ. بىز ئۇلارنىڭ ئويغىنىش ھەرىكىتىنى سانلىق مەلۇمات نۇقتىسىدىن تېخىمۇ ئەمەلىي چۈشىنىپ باقايلى: 1810 ـ 1867 ـ يىللاردا خرىستىئان مىسسىئونېرلىرى تەرجىمە قىلغان ئەسەرلەر جەمئىي 795پارچە بولۇپ، بۇنىڭدا دىنىي كىتابلار %86، ئادىمىيەت ۋە تەبىئىي پەنگە دائىر كىتابلار %6بولغان. 1861 ـ 1895 ـ يىللاردىكى ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ھەرىكىتىدە دىپلوماتىيە، ھەربىي ئىشلار، تەبىئىي پەن ۋە سانائەت جەھەتتىكى تەرجىمىلەرنىڭ نىسبىتى ئاشقان. 1850 ـ 1899 ـ يىللاردا تەرجىمە قىلىنغان 567پارچە تەرجىمە ئەسەرنىڭ ئىچىدە قوللىنىشچان پەنگە دائىر كىتابلار%40، تەبىئىي پەنگە دائىر كىتابلار %30، تارىخ ـ جۇغراپىيە كىتابلىرى%10، ئىجتىمائىي پەن كىتابلىرى%8، دىن، پەلسەپە، ئەدەبىيات ـ سەنئەت كىتابلىرى %3.5 ئەتراپىدا بولغان. بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئىچىدە ئەنگلىيە، ئامېرىكا كىتابلىرى %85نى، ياپونىيە كىتابلىرى %15نى ئىگىلىگەن. 1907 ـ يىلى چىڭ ھۆكۈمىتى مەخسۇس تەرجىمە ئىدارىسى قۇرۇپ، تەرجىمانلارنى تەرجىمىگە ئۇيۇشتۇرغان. ۋاڭ گوۋېي شۇ يەردە ئىشلەپ، كانت، شوپىنخاۋېر، نىچىشېلارنىڭ ئەسەرلىرىنى تەرجىمە ۋە تەتقىق قىلغان(Immanuel C.Y.Hsu نىڭ «زامانىۋى جۇڭگونىڭ باش كۆتۈرۈشى، 1600 ـ 2000»ناملىق ئەسىرىگە قاراڭ).

يەن فۇ (严复 1854 ـ 1921) ئەنە شۇ زامانلاردىكى پىدائىي تەرجىمانلارنىڭ بىرى. ئۇ، 14يېشىدىن باشلاپ يېڭى مائارىپ(جەدىت مائارىپ)تا تەربىيە كۆرۈپ، 1876 ـ يىلى ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيە مەكتىپىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن. ئۇ ئەنگلىيىدە دارۋىن، خېشلى، سپېنسېر قاتارلىقلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئۇ، ئەنگلىيىنىڭ ئومۇمىي تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسەتكەن مۇھىم ئەسەرلەرنى ۋەتىنىگە قايتقاندىن كېيىن تەرجىمە قىلىشنى باشلايدۇ. ئۇ، جەمئىي سەككىز پارچە كىتابنى تەرجىمە قىلغان. ئۇنىڭ تەرجىملىرى ئەمەلىيەتتە جۇڭگو مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ يول بەلگىسى بوپقالغان.

يەن فۇنىڭ قارىشىچە، غەرب شۇنىڭ ئۈچۈن تەرەققىي قىلغانكى، غەرب ئادەمنىڭ ئىقتىدارىنى ئاچىدىغان ئەركىنلىك، باراۋەر پۇرسەت مېخانىزمىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بۇنداق مۇھىتتا ھەركىم مەجبۇرلانغان فورمىدا ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە يارىشىدىغان بىر خاسلىقتا ئىنسانىي چىنلىقنى جارى قىلدۇرالايدۇ. جۇڭگودا بولسا كۇڭزى ـ مېڭزى ئەقىدىلىرى كىشلەرنىڭ تەپەككۇرىنى خان ـ پادىشاھلارنىڭ رايىغا باغلاپ بەرگەن، كىشلەر خانلارنىڭ مەنپەئىتىگە لايىق كېلىدىغان مۇقىملىق ۋە ئىجتىمائىي تەرتىپ ئۈچۈن يېڭىلىق ۋە ئىسلاھاتنى تەرك ئېتىشكەن؛ ئۆتمۈشكە سېغىنىپ بۈگۈندىن ھەزەر ئەيلەشكەن. جۇگوپىڭ نەقىل ئالغان مۇنۇ بىر جۈملە سۆز ئەركىنلىكنىڭ مەنىسىنى ھەقىقەتەن چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ: «ئەڭ ياخشىسى ھەركىم ئۆزىنىڭ مەۋجۇدلۇق شەكلىنى ئۆزى قۇرۇپ چىقسۇن، بۇ، ئاشۇ خىل شەكىلنىڭ ئەڭ ياخشى بولغىنىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ پەقەت ئۆزىنىڭلا شەكلى بولغىنىدىن.» مەن ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن نەرسىنى تەۋسىيە قىلىمەن. لېكىن، مەجبۇرلاپ تاڭمايمەن. بۇركۇتنىڭ قانىتى ھەرقانچە بېجىرىم بولسىمۇ، ھەسەل ھەرىسىگە ياراشمايدۇ. پاشىنىڭ قانىتىمۇ ئۆزىگە ياخشى.

جون مىل تىكلىگەن ئەركىنلىك تەلىماتىنىڭ بۈگۈنكى مىراسخورلىرى ئۆزىنىڭ تەپەككۇرىنى تېخىمۇ كەڭ ساھەلەر بويىچە ۋايىغا يەتكۈزدى. ۋەھالەنكى، يەن فۇ تەرجىمە قىلغان «ئەركىنلىك توغرىسىدا»ناملىق ئەسەرنىڭ روھى جۇڭگو جەمئىيىتى ئۈچۈن تېخىمۇ يېتەرلىك قېزىلمىغان بىر تېما.

مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئوقۇرمەنلىرىمگە بىر سوئال قويۇپ ئۆتۈشنى لايىق تاپتىم: 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى ئەنە شۇ ئاقارتىش خاراكتېرلىك تەرجىمە ھەرىكىتى بۈگۈن بىزدە بارمۇ؟ بىز ھازىرغا قەدەر چىقارغان كىتابلىرىمىزنى ھەرقايسى ساھە بويىچە ستاتىستىكىلاپ، نېمىلەرنى قىلغانلىقىمىزنى، نېمىلەرنى قىلماي قويغانلىقىمىزنى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىپ باقتۇقمۇ؟

خوش، گېپىمىزگە كېلەيلى. تارىختىكى نۇرغۇن ئىجتىمائىي ئويغىنىش ئالدى بىلەن بىر مەيدان تەرجىمە ھەرىكىتىدىن باشلانغان. جۇڭگونىڭ يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ

سەركەردىلىرى ھېسابلىنىدىغان شەخسلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يېڭىلىق تەرجىمانلىرى ئىدى. ئەنە شۇ تەرجىمە ئەسەرلەردىن ئۇتاشقان پىكىر يانغىنلىرى جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ ئىچ-ئىچىگە تىنىپ كەتكەن ئىللەتلىرىنى يورۇتۇپ، مەرىپەت، دېموكراتىيە، تەرەققىيات روھىدىكى نەتىجىلىك ھەرىكىتى ئارقا-ئارقىدىن بارلىققا كەلگەن. شۇنىڭدىن قارىغاندا، ھاياتى كۈچى بار جەمئىيەت تەنقىدچى كەلسە كېرەك. ئۆزىنىڭ ھاياتى كۈچىگە ئىشەنمەيدىغان جەمئىيەت ماختانچاق كەلسە كېرەك. ئىنقىلابچى دېگەن گەپنىڭ يەنە بىر ۋارىيانتى ئۆتكۈر تەنقىدچى دېگەنلىكتۇر.

سۈن جۇڭشەن جۇڭگولۇقلارنىڭ خاراكتېرى توغرىسىدا توختالغاندا، مۇنداق بىر باياننى قىستۇرۇپ ئۆتىدۇ: «مەن بىر قېتىم بىر پاراخوت كاپىتانى بىلەن گەپلىشىپ قالدىم. ئۇ دېدىكى، جۇڭگولۇق بىر ئەلچى جاناب مېنىڭ مۇشۇ پاراخوتۇمدا ماڭغانىدى. ئۇ خالىغان يەرگە تۈكۈرۈپ قىممەتلىك گىلەمنىمۇ بۇلغىۋەتتى. مەن ئۇنىڭدىن كېيىن قانداق بولدى، دەپ سورىدىم. ئۇ : نېمە ئامال، مەن يىپەك ياغلىقىم بىلەن گىلەمنى تازىلىۋەتتىم. شۇ چاغدا ئۇ ئەلچى جاناب خىيالىغا كەلمىگەندەك قاراپ تۇردى. ئەلچى تۇرۇپ شۇنداق قىلغان يەردە ، ئادەتتىكى جۇڭگولۇقلار تېخىمۇ شۇنداق. بۇنىڭدىن جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۆزىنى تەربىيىلەش ئىقتىدارىنىڭ تۆۋەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ.»(«جۇڭگونىڭ مىللىتى» دېگەن كىتابقا قاراڭ).

سۈن جۇڭشەن مەنچىڭ ئىستىبلاسى تۈپەيلى بىز جۇڭگولۇقلارنىڭ ئەقلى ۋە ئەخلاقى ئۇخلاپ قېلىپ، ئۆزىمىز ئەينى يىللاردا كەشىپ قىلغان كومپاستىن تۈزۈك پايدىلانمىدۇق. ئەكسىچە، غەربلىكلەر كومپاستىن پايدىلىنىپ جاھاننى قولىغا ئالدى، دەيدۇ. روشەنكى، سۈن جۇڭشەن بۇ يەردە جۇڭگولۇقلارنىڭ مىللىي خاراكتېرىدىكى زەئىپلىكنىڭ سەۋەبىنى مۇستەملىكە بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ. ياپونىيىدە ئوقۇۋاتقان لۇشۈنمۇ ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ پاجىئەسىنى تاماشا قىلىپ تۇرغان جۇڭگولۇقلارنى كۆرۈپ قاتتىق ھەسرەت چەككەن ۋە قەلىمىنىڭ تىغ ئۇچىنى مىللىيەتتىكى زەئىپلىككە قاراتقانىدى. خۇشى، چېن دۇشيۇلارمۇ ئۆز دەۋرىنىڭ تەنقىد بەرپاچىلىرى ئىدى.

جۇڭگو مەدەنىيەت سەركەردىلىرىنىڭ جۇڭگو مەدەنىيىتىدىكى مىللىيەتنىڭ نېگىزى بولغان كۇڭزى ئەقىدىسى ھەققىدىكى تەنقىدىي ئويلىنىشلىرى ھازىرغا قەدەر داۋاملاشماقتا. خې شىن ئەپەندى جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ سەرخىللىرىنى شاللاپ تاشلايدىغان مېخانىزمنى تەنقىدلەپ ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۆز نۆۋىتىدە كۇڭزىنى شەرقىي ئاسىيا ۋە تىنچ ئوكيان رايونلىرىنىڭ قىممەت قارىشىنىڭ نېگىزىگە ئايلاندۇرۇش تەشەببۇسكارى. ھازىر بۇنداق مەسلەك خېلى كۆپىيىپ قالدى.

يېقىنقى يىللاردا جياڭ رۇڭنىڭ «بۆرە توتېمى» دېگەن رومانى چىقىۋىدى، تەنقىد ۋە ئالقىش غۇلغۇلىلىرى ئىچىدە ئىنتايىن بازار تاپتى. Pankaj Mishra دېگەن بىر ئاپتور «نيۇ-يورك ۋاقىت گېزىتى»دە 2008-يىلى ئېلان قىلغان بىر ماقالىسىدە، بۇ كىتابنى لۇشۈن تەكىتلىگەن «مىللەت خاراكتېرىنى ئىسلاھ قىلىش»نىڭ رومانلاشتۇرۇلۇشى دەپ باھالىدى. بىراق، رومانىنىڭ يايلاق مىللەتلىرىنىڭ خاراكتېرىگە ئاپىرىن ئوقۇپ، زامانىۋىلىققا سەل قارايدىغان خاھىشىنى سۆككەنلەر مەملىكەتنىڭ ئىچىدە ناھايىتى كۆپ بولدى. چۈشىنىشىمىزچە، جياڭ رۇڭ مۇنداق دېمەكچى: «ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئاساسى، لېكىن، يەنىلا ئاساسىنىڭ ئاساسى ئەمەس. قەيسىرانە ئىلگىرىلەيدىغان مىللەت خاراكتېرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى تەڭ تۇتقاندىلا، ئاندىن مىللەتنى يۈكسەلدۈرەلەيدىغان ئىككى قاناتقا ئىگە بولغىلى بولىدۇ («بۆرە توتېمى»غا قاراڭ). جۇڭگو تارىخىدا بۆرە توتېمىغا ئىشىنىدىغان تۈرك، موڭغۇل خەلقلىرى مىسلى كۆرۈلمىگەن شۆھرەتلىك سەھىپىلەرنى قالدۇرۇشقان. ئۇلارنىڭ سانى ئاز بولسىمۇ، بۆرىگە خاس جاسارىتى بىلەن تارىختا سەددىچىننىڭ ئىچكىرىسىدىكى تېرىقچىلىق خەلقلىرىنى ئىستېلا قىلغان. بۇنداق بۆرە روھى كېيىنكى غەربلىكلەرنىڭ روھىدا مۇجەسسەم بولۇپ، ئۇلار ئاشۇ خىل روھنى جەۋلان قىلدۇرۇپ جاھانغا كېڭەيگەن. دېمەك، بۆرە روھى دېگەنلىك ياۋاشلىقنى نومۇس بىلىدىغان ئىسيانكار روھ. دېمەك، جياڭ رۇڭ دەۋاتقان روھ بىلەن جۇگوپىڭ دەۋاتقان روھ يەنىلا جۇڭگولۇقلارغا نۆۋەتتە جىددىي كېرەك دەپ قارالغان روھ بولۇپ، ئوخشاش بىر كوينىڭ ئىككى ئادەمچە مېڭىلىشىدۇر، خالاس.

يېتىشسىزلىك بىر خىل ئېھتىياجنىڭ نامايەندىسى بولۇپ، ئۇ، ئىنساندىكى ئەقلىي، مەنىۋى، جىسمانىي پائالىيەتلەرگە تۈرتكە بولىدۇ. ئىنساننىڭ مەنىۋى سەۋىيىسى يۈكسەلگەنسېرى يېتىشسىزلىك ھەققىدىكى بايقاشلىرىنىڭ مەزمۇنىمۇ شۇنچە مول بولىدۇ. ياشاش ئۆلچىمىدىكى بىر ھايۋانىي ئادەم بىلەن قەھرىمانىنىڭ پەرقى دەل «ماڭا نېمە كېرەك، بۈگۈن نېمە كېرەك، كەلگۈسىدە نېمە كېرەك؟» دېگەن سوئاللارغا بەرگەن جاۋابىنىڭ پەرقىدە كۆرۈلىدۇ. ئىت ئۆزىنىڭ رىزقىنى ئىگىسىدىن ئالىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ ھەرىكىتى ئىگىسىنىڭ رايى بىلەن چەكلىنىدۇ. بۆرە ئۆزى تېپىپ يەيدۇ. شۇڭا، ھوشيارلىق بىلەن قەيسەرلىك ئۇنىڭ خاراكتېرى. ئىنسانلار ئائىلىسىدىمۇ كىرىزىسنى بۇرۇن بايقىغانلار كېيىن بايقىغانلارغا ئۈلگە بوپكەلدى. غەربلىكلەر ئۆزىدە يوق نەرسىلەرنى ئەقلىي ئىختىرالارنىڭ كۈچى بىلەن يىراق يەرلەردىن ئېلىپ كەلدى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ

قەدىمى يەرشارىنىڭ ھەممە يېرىنى قاپلىدى. بىر خەنزۇ ئاپتورنىڭ مۇنداق بىر يازمىسىنى ئىنتېر توردىن كۆرگەنىدىم: «ئىنگلىزلار دېڭىز ئاتلاپ بېرىپ ئامېرىكا بىلەن كانادانى قولىغا ئالدى. ئاۋستىرالىيە، يېڭى زېلاندىيىلەرنىمۇ ئالدى. مانا بۈگۈن ئۇلار تەلتۆكۈس ئىنگلىز دۇنياسى بوپكەتتى. ئىنگلىز تىلىمۇ دۇنياۋى ئالاقە تىلى بوپكەتتى. ئەگەر بۇ دېڭىز يولىنى مۇسۇلمانلار ئاچقان بولسا، بۈگۈن بىزنىڭ بالىلىرىمىز مەكتەپلەردە ئىنگلىز تىلىنىڭ ئورنىغا ئەرەب تىلى ئۆگەنگەن بولاتتى.» ئېھتىياج ئۆزىنى ۋە ئۆزگىنى كەڭ دائىرىدە چۈشەنگەنسېرى شۇنچە ئاقىلانە يول بىلەن پارلاق كېلەچەكنى ئاپىرىدە قىلىدۇ. ۋەھالەنكى، ھېچ يەرنى كۆرۈپ باقمىغانلارنىڭ ئەقلى ۋە ئەخلاقى تەبئىي ھالدا يىگىلەپ قالىدۇ.

مۇسابايلار، مۇھەدىيلارمۇ تاشقى دۇنيانى چۈشەنمىگەن بولسا ئۆزىگە كېرەكلىك نەرسىلەر ھەققىدە ماھىيەتلىك تونۇشقا ئىگە بولالمىغان بولاتتى. ئەگەر ئۇلاردىن بۇرۇنقى ئەجدادلار تاشقى دۇنيانى بالدۇرراق كۆرسە، ئىلىدە قۇرۇلغان زاۋۇتلار قەشقەر، خوتەن، كۇچا، قۇمۇللاردا بۇرۇنراق قۇرۇلۇپ، دەسلەپكى بىر تۈركۈم ئىشچىلار تەبىقىسى شەكىللەنگەن بولسا، دىيارىمىزنىڭ تەرەققىياتى قانداق بولار بولغىيتتى!؟

ئويلىنىش مۇئەممالىرى ساناقسىز، لېكىن زىيالىي كۈچىمىز بەك ئاز، زىيالىيلارنى بايقاش ۋە قوللاش دىتىمىز يوق ھېسابتا.

جۇگوپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان پىكىرلەر نۆۋەتتىكى رىقابەتلىك دۇنياغا يېتىشەلەيدىغان مىللىي خاراكتېر ھەققىدىكى كىرىزىسلىك پىكىرلەرنىڭ پەقەتلا بىرىدۇر. ھازىر خەنزۇچە مەتبۇئاتلاردا بۇنداق مۇنازىرە تېپىدىكى ماقالە ـ ئەسەرلەر ناھايىتى كۆپ. ئەمما، مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، بۈگۈنكىلەرنىڭ مۇلاھىزىلىرى يەن فۇ، ۋاڭ گوۋېي دەۋرىدىكى مۇلاھىزىلەرنىڭ تېپىغا باققاندا، ئۇزۇل ـ كېسىل ئەمەس بولۇپ، دېگەندەك چاقىرىق كۈچىگە ئىگە بولۇپ بولالمىدى. يەرشارىلىشىش بىلەن مىللىيەت تەقەززالىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بۈگۈنكى جۇڭگو زىيالىيلىرىنى گاڭگىرىتىپ قويغاندەك قىلىدۇ.

جۇگوپىڭنىڭ تەشەببۇسلىرىغا بۇ ئىلاۋىنى يېزىۋاتقىنىمدا ، بەزىبىر ئىشلار ئېسىمگە كېلىپ تۇرۇۋالدى. بۇمۇ ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ مۇلاھىزىسىگە خۇرۇچ بوپقالار: تەۋەيىمىزدە بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار بولۇپ، يىراقلاردىن كېلىپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلار خېلى كۆپ. ئاتا ـ ئانىلار ئۇلارنى ئەتىگەن ـ ئاخشاملاردا ماشىنا بىلەن توشۇيدۇ. ئۇلار چۈشتە ئائىلىلىرىگە قايتالمىغاچقا، قوشنىلىرىمىز ئائىلە تاماقى مۇلازىمىتى بىلەن ئۇلارنى جەلپ قىلدى. بۇ مۇلازىمەت بىر مەزگىل قاتتىق بازار تاپتى. ئۇلار چۈش ۋاقىتلىرىدا لىفتلارغا پاتماي قالاتتى. ئۇلار بىر ـ بىرىنى قىستىشىپ لىفتلارغا چىققاندا، ئۇلاردىن بۇرۇن كېلىپ لىفتنىڭ ئالدىدا ساقلاپ تۇرغان چوڭلارنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ قويمايتتى. ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلار قۇلاق ـ مېڭىنى يەيتتى. كارىدور ۋە زاللار ئۇلار تاشلىغان يېمەكلىك شۆپۈكلىرى بىلەن بۇلغىناتتى. شۇنىڭ بىلەن بەزى ئائىلىلەردىن پىكىر چىقتى. رەھبەرلىك قارار چىقىرىپ، ئائىلە تاماقى مۇلازىمىتىنىڭ قانۇنسىز مۇلازىمەت ئىكەنلىكىنى ، ئۇنى دەرھال توختىتىش لازىملىقىنى ئېيتتى. بۇ خىل مۇلازىمەتنى ئاچقانلارنىڭ بىر قىسمى مەزكۇر بالىلارنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى ئىدى. قارارنىڭ كۈچى بىلەن ھېلىقى كەپسىز بالىلار ئانچە كۆزگە چېلىقىپ كەتمىدى. مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن كەچقۇرۇنلىرى ئۇلارنى كۆرىدىغان بوپقالدۇق. ئۇقساق، ئۇلار ئوقۇتقۇچىسىدىن ئائىلە تەكرارى قوبۇل قىلارمىش. ئوقۇتقۇچىلار مائارىپچى بولۇش بىلەن بىرگە تىجارەتچىمۇ بوپكەتكەنىدى. بالىلار ناھايىتى شەخسىيەتچى بولۇپ، ئاممىۋى تەرتىپنى ئۇنتۇپ كەتكەنىدى. ئۇلار پەقەت ئوقۇتقۇچىسىنىڭ باشقۇرۇشىنى قوبۇل قىلاتتى. ئەتراپتىكىلەر هاي دېسە ئۈنۈم بەرمەيتتى. مانا بۇ ئاۋات شەھەرنىڭ ئاۋانگارت مەكتەپلىرىدىكى ئادىمىيەت روھىنىڭ ياندىن كۆرۈنۈشىدۇر. ئەمەلىيەتتە مەكتەپلەردە قانۇن، تەرتىپ، نىزاملار سۆزلىنىپ تۇرىدۇ، بۇلاردا دۆلەتنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنىڭ روھى مۇجەسسەم. لېكىن، بۇ روھ ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ خاس كىشىلىك خاراكتېرىدىن راۋۇرۇس ئورۇن ئالمىغان. دۆلەت بېكىتكەن بەلگىلىمىلەرگە ئەستايىدىل قارىماسلىقتەك بۇنداق ھادىسە دەل جۇڭگولۇقلارنىڭ گىراژدانلىق ئېڭىنىڭ تېخىچە ئاجىزلىقىنىڭ ئالامىتى ئىدى. يەنە بىر ئىشمۇ مەزكۇر تېمىمىزغا باب كېلىدۇ: ئامېرىكىلىق بىر قىز ئىنگلىز تىلى ئوقۇتقۇچىسى سۈپىتىدە دىيارىمىزدىكى بىر مەكتەپتە بىر مەزگىل تۇرغانىكەن. قىز مەكتەپ دائىرىلىرى تەرىپىدىن مېھمان سۈپىتىدە ئەتىۋارلىنىپتۇ. رەھبەرلىك ئۇ قىزنىڭ پاسپورتى بىلەن ئىمپورت پىكاپ سېتىۋالسا ئەرزان بولىدىكەن دەپ ئاڭلاپ، «سىزنىڭ نامىڭىزدا بىر پىكاپ سېتىۋالغۇمىز بار ئىدى، سىزگە كېرەك بولغاندا سىز ئىشلىتىڭ، قالغان ۋاقىتلاردا بىز ئىشلەتسەك قانداق دەيسىز»دېگەنىكەن، ئۇ قىز «يالغانچىلىق قىلساق پەرۋەردىگار كەچۈرەمدۇ؟ »دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. رەھبەر نېمە دېيىشىنى بىلمەي تۇرۇپ قاپتۇ. ئەگەر بىز بۇ قىزنى بىر خىرىستىئان مۇخلىسى دېسەك، يۇقىرىقى جاۋاب ئۇ قىزنىڭ ئەقىدىسىدىن دېرەك بېرىدۇ؛ ئەگەر بىز بۇ قىزنى ئامېرىكا پۇقراسى دېسەك، ئۇ قىز ئۆز دۆلىتىنىڭ قانۇنىنىڭ سادىق قوغدىغۇچىسى بولغان بولىدۇ. شۇ قىز ھەققىدىكى يەنە بىر ھېكايە قىزنىڭ ئەخلاقىنى تېخىمۇ ئېچىپ بېرىدۇ دەپ قارايمەن: تۆت ـ بەش يىگىت دەرۋازا ئالدىدا گەپلىشىپ تۇرۇۋاتقاندا، يەنە شۇ قىز ئاچچىقسۇ ئېلىنغان شىشىنى كۆتۈرۈپ كەپتۇ، لېكىن، ئېھتىياتسىزلىقتىن يىقىلىپ چۈشۈپ، شىشە سۇنۇپتۇ. ئاچچىقسۇ تۆكۈلۈپتۇ. قىز ئوڭايسىزلانغان ھالدا

www.uyghurkitap.com

ئەتراپىدىكىلەرگە «Sorry! — كەچۈرۈڭلار» دەپ كىرىپ كېتىپتۇ. ئون مىنۇتلاردىن كېيىن ئۇ قىز سۇپۇرگە ۋە ئەخلەت ئالغۇچنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، يولدىكى شىشە سۇنۇقلىرىنى پاكىز تازىلىۋېتىپتۇ. ھېلىقى تۆت-بەش يىگىتمۇ بۇ ئەھۋالدىن قاتتىق ئوڭايسىزلىنىپتۇ.

خۇددى ھېكايىدىكى پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى ئەڭ ئۇششاق دېتاللاردا تىپىكلەشكەندەك، بىر مىللەتنىڭ خاراكتېر ساپاسىمۇ تۇرمۇشتىكى تاسادىپىي كىچىك ھادىسىدە مەركەزلىك ئەكس ئېتىدۇ. ئەلۋەتتە، بىر ئۇچۇم ئادەم بىر مىللەتكە تولۇق ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. لېكىن ئۇ شۇ مىللەتنىڭ ھالىتىدىن بەلگىلىك بېشارەتلەرنى بېرەلەيدۇ. بىر مىللەت ياكى بىر دۆلەتتە ئۆزىنىڭ باشقىلار بىلەن سېلىشتۇرغۇسىز گۈزەل خاراكتېر بايلىقىنى گۆھەردەك ساقلاپ تۇرغان كىشىلەر تۇركۈمى ھامان بولىدۇ. مەسىلە، ئۇنىڭ كۆلىمىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىدە ۋە ئۇنىڭ قانچىلىك نەزەرگە ئېلىنىدىغانلىقىدا.

گېرمانىيىلىك پەيلاسوپ كارل ياسپېرس 1960-يىللاردا ئەينى ۋاقىتتىكى گېرمانىيە ئالىي مەكتەپلىرىنى تەنقىدلەپ: ئالىي مەكتەپلەر پەقەتلا پەن ئۆگىتىدۇ. ئېتىقاد، پەندىن ھالقىغان مەنىدىكى ھەقىقەتنىڭ ئورنى يوقاپ كەتتى، دېگەنىكەن. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، غەرب ئۆزىنىڭ مەنىۋىيەت ساھەلىرىنى تەنقىد ئۇگىلىرى بىلەن تۇتاشتۇرۇپ ماڭغان. تەنقىدىي روھ غەرب مەدەنىيىتىنىڭ بىر گېنىغا ئايلانغان.

داڭلىق دىنشۇناس Hans Kung جۇڭگودىكى دىنلار ھەققىدە توختالغاندا، شىر ئۇسسۇلى خەن دەۋرىدىن باشلاپ پەيدا بولغان بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندە ئۇنى ھەممە يەردە كۆرگىلى بولىدۇ. جۇڭگودىكى ئەڭ دەسلەپكى شىرلار بۈگۈنكى ئىران ۋە ئافغانىستان رايونىدىكى خانلار تەرىپىدىن تارتۇقلانغان ئىدى. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، بۇرۇن xi(夕) دەپ ئاتىلىدىغان بىر مەخلۇق خەلققە ئاپەت سالغاندا، شىر(狮) ئۇنى ھەيدىۋەتكەنىكەن. ئۇ مەخلۇق كېيىن پەيدا بولغاندا، شىر خانلارنىڭ بوسۇغىسىنى قوغداش بىلەن بوپكېتىپ، باشقىلارغا چولىسى تەگمەپتۇ. پۇقرالارمۇ ئاخىرى ئامال تېپىپتۇ. ئۇلار بامبۇك ۋە لاتا-پۇرۇچلاردىن شىر ياساپ، ھېلىقى مەخلۇقنى قوغلاپتۇ.

ئەسلىدىكى شىرلارنىڭ سۈر-ھەيۋىسى ئەمدى كىشىلەر ئۈچۈن بىر ئويۇنغا ئايلىنىپ كەتتى. ناۋادا يېزىقچىلىقمۇ پەقەت مۆتىۋەرلەرنىڭ گېپىنى قىلىپ، ئادەتتىكى ئاۋامنىڭ گېپىنى قىلمىسا، ئۇمۇ يېزىق ئويۇنغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. بۇ دېگەن قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئايرىلىقىدىكى ئىش. قەلەم بىلەن مەدىكارلىق قىلىشمۇ ئەنە شۇ يېزىق ئويۇنىنىڭ بىر تىمسالى بولۇپ، بۇنىڭغا گىرىپتار بولغانلارمۇ جۇگوپىڭ ئەپەندىنىڭ تەنقىد دائىرىسىدىن نېرى بولمىسا كېرەك.

2009-يىل 5-مارت، شەھىرى ئۈرۈمچى

---

ئاپتور: شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىدا ئەدەبىيات پروفېسورى(M1)

## تەھرىراتىمىزنىڭ ئالاھىدە ئۇقتۇرۇشى

ئاپتورلار تەھرىراتىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكەندە تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشى كېرەك:

1. ئاپتورلار كونۋېرتقا ۋە ئەسەرگە ئىسىم-فامىلىسى، كەسپى، ئادرېسىنى ئۇيغۇر، خەنزۇ يېزىقلىرىدا ئېنىق ۋە تەپسىلىي يېزىشى، ئالاقىلىشىشقا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن تېلېفون ۋە يانفونى بارلار ئەسكەرتىپ قويۇشى كېرەك.

2. ئەسەرلەر ئۆلچەملىك ماقالە ياكى ئىش قەغىزىگە قۇر ئارىلىقى كەڭ، ئىملا قائىدىسىگە ئۇيغۇن يېزىلىشى كېرەك. بەتنىڭ ئاستى-ئۈستىدىن مۇۋاپىق ئاق تاشلانمىغان، ئالدى-ئارقىسىغا يېزىلغان، ئىملاسى سەت، قۇر ئارىلىقى زىچ، سۆز-جۈملىلەر گىراماتىكا قائىدىسىگە ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ ياكى ئىشلىتىلمەيدۇ. كومپيۇتېردا باستۇرۇپ ئەۋەتىش شەرت ئەمەس.

3. ئەسەرلەردە ئېلىنغان نەقىللەرنىڭ ئاپتورلىرى، بېسىلغان كىتاب، گېزىت-ژۇرناللارنىڭ نەشر قىلىنغان ۋاقتى، نەشر قىلغان نەشرىياتلار ئېنىق، توغرا، ئەينەن ئەسكەرتىلىشى كېرەك. مەزكۇر تەلەپكە ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ ياكى ئىشلىتىلمەيدۇ.

4. تەرجىمە قىلىنغان ياكى نەشرگە تەييارلانغان ئەسەرلەرنى ئەۋەتكەندە مەزكۇر ئەسەرلەرنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى ياكى كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى ئەۋەتىش بىلەن بىرگە، نەشر قىلغان گېزىت-ژۇرنال، نەشرىياتلارنىڭ نەشر قىلغان ۋاقتى، نەشر خاتىرىسىنى قوشۇپ قويۇشى كېرەك. بۇ تەلەپكە ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ ياكى ئىشلىتىلمەيدۇ.

5. يېزا-قىشلاقلاردىكى ئاپتورلار، بولۇپمۇ دېھقان ئاپتورلار ئۆز ئادرېسلىرىنى يازغاندا، ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق كەنتلەرنى ئانچىنچى كەنت، مۇنچىنچى كەنت دەپ سان-رەقەم بىلەن ئالماي، شۇ يەرلىك ھۆكۈمەت ئورناتقان يەر-جاي ناملىرى تاختىسىدا يېزىلغىنى بويىچە ئەسلىي ئاتىلىشى بىلەن ئۆز ئەسەرلىرىگە توغرا يېزىشى كېرەك.

6. ئاپتورلار ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ ژۇرنالغا بېرىلگەن ياكى بېرىلمىگەنلىكىنى ژۇرنالدىن كۆرۈۋالسا بولىدۇ، تېلېفون بېرىپ سۈرۈشتۈرۈش ھاجەت ئەمەس. زۆرۈر تاپسا تەھرىراتىمىز ئاپتورلار بىلەن ئۆزى ئالاقىلىشىدۇ.

7. ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى ژۇرنىلىمىزغىلا تەۋە، رۇخسەتسىز تورغا چىقىرىشقا، توپلام تۈزۈشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ، خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ قانۇن بويىچە جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ. ھەر دەرىجىلىك رادىئو ئىستانسىلىرى ژۇرنىلىمىزدىكى ئەسەرلەرنى ئاڭلاتقاندا ژۇرنىلىمىزدىن ئېلىنغانلىقىنى ئەسكەرتىشى كېرەك.

8. ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەردىن ئۆزگەرتىش ۋە تولۇقلاشقا تېگىشلىك دەپ قارالغانلىرىدىن باشقىلىرى بىردەك قايتۇرۇلمايدۇ. شۇڭا ئاپتورلار ئەسەر ئەۋەتكەندە ئۆزىدە بىر نۇسخا ساقلاپ قېلىشى كېرەك.

9. يوچۇندىن قەلەم ھەققى سېلىشتا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن ئاپتورلار تەھرىراتىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكەندە كىملىكنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى يازمىسىغا چاپلاپ ئەۋەتىشى كېرەك.

— «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



# سەھرادىكى ھېكايە

ئابدۇرەھمان ئەزىز ئوغلى

**سەھرا سۈرەتلىرى**

## سۇنۇقخانىدا

تېزەك تۇزۇندىسى ۋە چاڭ ـ تۇزاندىن تۇمانلاشقان مال بازىرى شاۋقۇن ـ سۈرەندىن قۇلاق ـ مېڭىنى يەيتتى. ئېشەكلەر بىر ـ بىرى بىلەن بەسلىششكە چۈشكەندەك ھاڭراشسا، كالىلار بىر ـ بىرىنى دورىغاندەك ئۈزۈلـدۈرمەي مۆرىشەتتى. قويلار مەرىشەتتى. ئالارمەن ـ ساتارمەنلەر بىر ـ بىرىنىڭ قوللىرىنى چىڭ سىقىشىپ، بېغىشلىرى ئۈزۈلۈپ چۈشىدىغاندەك كۈچەپ سىلكىشىپ «بەدىگىما»، «كەم بولا...» دېيىشىپ، دىتىغا ياقمىغان خېرىدارلارغا ئالىيىپ، چالۋاقاشسا، گاھلىرى ئۆزئارا ھىجىيىشاتتى.

مال بازىرىنىڭ ئوڭ تەرەپ بۇلۇڭىغا جايلاشقان ئېشەك بازىرىدا ئاچىماق موملارغا باغلانغان توپ ـ توپ ئېشەك يەرنى دۈكۈرلىتىپ تېپىشىپ، چاڭ ـ تۇزان ئۆرلىتىپ تۇرۇشاتتى. يانىدىكى كەڭرى سەينادا ئالارمەن ـ ساتارمەنلەر ئېشەكلەرنى سىناپ كۆرۈشۈۋاتاتتى. ساتارمەنلەر ئېشەكلىرىنىڭ كۈچلۈك، شاش، يۈگۈرۈك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئۇچلۇق تاياقلىرىنىڭ ئۇچىنى ئېشەكلەرنىڭ سۆڭگەكلىرىگە زەردە بىلەن سانجىشىپ، ئاغىزلىرىدا نەم قالمىغۇچە «خىت ـ خىت»لىسا، ئالارمەنلەر دىلىغۇللۇق ئىچىدە ئېشەكلەرنىڭ چىشلىرىنى يىرىپ، تۇقىلىرىنى موتاپ، زەيلىرىنى تارتىپ كۆرەتتى. ساتقۇچىمۇ، ئالغۇچىمۇ ھوشيار بولۇشقا تىرىشاتتى.

ئېشەكلەرنى ئارىلاپ كۆزگە سىغقۇدەك مال ئىزدەپ يۈرگەن ۋىجىك، ئورۇق، سوزۇنچاق يۈزلۈك ئوتتۇرا ياش كىشى بېشىدىكى تېرە تۇمىقىنى قولىغا ئېلىپ ئۆسكىلەڭ چاچلىق بېشىنى يېنىك قاشلىۋالغاندىن كېيىن تۇمىقىنىڭ جىيىكىنى ئۆرۈپ قايتا كىيىۋالدى. ئاندىن كۆزىنىڭ ئاخىرى بوپقالغىنىغا قارىماي كۈنىنىڭ چىقىۋاتقان نۇرلىرىدىن قىسىلغان كۆزلىرىنى كۈچەپ ئېچىپ، موملارغا ئون ـ ئونبەشتىن قاتار چېتىلىپ باغلاپ قويۇلغان ئېشەكلەرگە كۆز سېلىشقا باشلىدى.

ــ ئېشەك كۆرەملا، ــ دېدى چىقىرىلغان ھارۋا ئۈستىدە سىڭار يانپاش بولۇپ موخوركا ئوراۋاتقان ئېشەك ئىگىسى، ــ

كۆسلە، ھەممىسى چىش يېمىگەن شاش تەخەي. ھارۋىغا كۆندۈرۈۋاسىلا بىر ئۆينىڭ ئىغىچلىقىنى گەپ يوق كۆتۈرەلەيدا. ھاڭگا ئالاملا، مادىمۇ؟

— ھاڭگىنى قويسىلا، — دېدى تۇماقلىق كىشى ئۇدۇل كەلگەن بىر تەخەينىڭ دۇمبىسىنى سىلاپ، — خوتۇن خەخلە يالغۇز ھەيدەپ ماڭالمىسا يا. دايىملا بىر ئەدەم ھارۋىكەشلىك قىپبېرەنىڭ ئۇنى يوق.

— ئەمسە ياۋاش تەخەيلىمۇ با. ئاۋۇ چا نوختىلىق قارا تەخەي بەك شىتلە ئەمەس. ئايىغى ياخشى. ھارۋىغا سالسىلا بىردەمدىلا كۆنەپ قالىدا.

— ئورۇغراق تۇرامدۇ نېما؟

— يوپۇغىدىن ئالدىمغا سېپ ھەيدەپ كەگەن، قايلىسىلا. يول ئازابى تاتقان چېغىۋا. بەلەن باقسىلا، ئېشەك دېگەن ئۈچ كۈندە سەمرىيدا.

ئېشەكلەرنىڭ ئىگىسى بايا ئۆزى كۆرسەتكەن تەخەينى يېشىپ بىر چەتكە ئېلىپ چىقىپ تۇماقلىق كىشىگە قاراپ ئېيتتى:

— ئاغامچىسىنى قوللىرىغا بېرىمە. ئايىغىنى كۆرەپ باقسىلا. تەخەي دېگەن...

تېخى ئېشەك ئىگىسىنىڭ گېپى تۈگىمىگەنىدى، ئارقا تەرەپتىن چۇقان ـ سۈرەن، قىيا ـ چىيا ئاڭلىنىپ، ھەممەيلەن شۇ تەرەپكە قاراشتى. ئادەملەر ئۇياق ـ بۇياققا قېچىشىپ ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىشاتتى. نېرىراقتىن بىرەر مېتىردەك ئۈزۈك ئارغامچىنى سۆرىتىپ بىر بۇقا ھۆركىرەپ توپا توزۇتۇپ كېلىۋاتاتتى. ئارقىسىدىن بىر كىشى بۇقىنى قوغلىغانچە «قاچتى ـ قاچتى، ئاۋۇ بۇقىنى تۇتۇۋال...» دەپ ۋارقىرايتتى.

بۇقا ئۇدۇللا ئېشەك سودىسى بولۇۋاتقان يەرگە يېقىنلاپ قالدى. ھېچكىممۇ قۇترىغان بۇقىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ توسۇۋېلىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. ئەكسىچە، ھارۋىلارنىڭ ئۈستىگە ، ئېشەكلەرنىڭ ئارىسىغا دالدىلىنىپ ئۈلگۈرۈشتى. ھېلىقى ئېشەك ئىگىسىمۇ ئاللىبۇرۇن تەخىينى يېتىلەپ ئېشەكلەر توپىنىڭ ئارىسىغا كىرىۋالغانىدى.

دەل شۇ چاغدا تۇماقلىق كىشى يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان بۇقىنىڭ ئالدىغا توغرا ئۆتتى ـ دە، كۆزلىرىگە قىزىللىق تېقىلىپ قۇترىغان بۇقىنىڭ يەردە سۆرۈلۈپ كېلىۋاتقان ئارغامچىسىغا تاشلاندى. بازارچىلار چۆچۈشتى. بۇقىنىڭ ياي شەكىللىك تۇم مۈڭگۈزى تېگىپلا كەتسە بالا ـ قازا قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقىدىلا ئىدى.

تۇماقلىق كىشى بۇقىنىڭ ئارغامچىسىنى تۇتالمىدى. باغلاقتىن بوشاپ تەلۋىلەشكەن بۇقا تۇماقلىققا ھەيۋە قىلاتتى. تۈرۈلۈپ كەتكەن قىسقا بويىنىنى دەم ئۇيانغا، دەم بۇيانغا سوزۇپ، تۇمشۇقىنى يەرگە تەگكۈزۈپ يەرنى تىلغايتتى. بىر جايىدا پىرقىراپ تۇرۇپ، پات ـ پات ئارقىسىغا داجىپ تۇماقلىقنى ئۈسمەكچى بولاتتى. بۇقىنىڭ كۈچكە تولغان تېنى سېمىزلىكتىن لىغىرلايتتى. يوغان ـ يوغان تۇۋاقلىرى يەرنى چاپچىپ تىلغاپ، ئەتراپ قويۇق چاڭ ئىچىدە قالغانىدى.

— تازا ئۈچىغا چىققان سارالڭ ئەدەمكە ئۇۋۇ، — دېيىشەتتى تۇرغانلار، — قايلاپ تۇرۇپ ئۆزىگە بىر بالا تېپىۋالىدىغان بولدى.

ئالاھازەل يېرىم سائەتلەرچە ئۆرتىتۆپچىلىكتىن كېيىن تۇماقلىق كىشى بۇقىنىڭ ئۈزۈلگەن ئارغامچىسىغا ئېسىلىۋالدى. بۇقا ئىگىسى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قولىدىكى ئارغامچىنى بۇقا ئۈزۈۋەتكەن ئارغامچىغا ئۇلىۋالدى.

— يېڭىراق ئاغامچىغا ئالماشتۇرۇۋالسىلا، بوممىسا يانا ئۈزۈۋالىدا، — دېدى تۇماقلىق.

— شۇنداغ قىلاي، رەخمەت جۇما سىللىگە ئاكا. سىلى بوممىسىلا بۇ سارالڭ گۆي مىشەدە بىرەرسىنى ئەيىپناق قىپ بالا تاپتى.

— خۇدايىم ساقلىدى.

تۇماقلىق ئۇستىۋېشىنى قېقىشتۇرۇشقا باشلىدى. بۇقا ئىگىسى بۇقىسىنى يېتىلەپ ئارقىسىغا يانغۇچە ئارىلىقتا پەيلىدىن يانمىغان بۇقا بىرلا چاپچىپ تۇماقلىق كىشىگە كاللا قويدى. تۇماقلىق كىشى« ۋاي!» دەپلا بىر دولىسىنى تۇتۇپ ئارقىسىغا سەندىرەكلەپ كەتتى. تۇيۇقسىزلا يۈز بەرگەن بۇ پېشكەلچىلىكتىن ساراسىمىگە چۈشكەن بۇقا ئىگىسى قولىدىكى يوغان تاياق بىلەن بۇقىنى پىرقىرىتىپ يۈرۈپ دۇمبالاشقا باشلىدى:

— مانا ساڭا خۇمسى ھايۋان! ھۇ جاھانغا پاتمىغان مەلئۇن!...

— بولدى، ئۇمسىلا، تىلسىز ھايۋان ئۇ. ھايۋان نېمىنى بىلىدا، — دېدى تۇماقلىق كىشى.

بۇقا ئىگىسى ئارغامچىنى بىر ياش بالىغا تۇتقۇزدى:

— ما گۈينى ئاپىرىپ باغلاپ تازا ئۇرە. ياۋاشلىسۇن.

ئۇ، قولىنى قېقىشتۇرۇپ تۇماقلىق كىشىگە يېقىن كەلدى:

— نەلىرىگە ئۇستى؟

— مىشەگە.

— قوللىرىنى كۆتۈرەپ باقسىلا.

تۇماقلىق كىشى قولىنى كۆتۈرۈۋىدى، مىدىرلىتالمىدى. ئەتراپىقا لىق ئادەم ئۇلاشقانىدى.

— تاغاقلىرىغا تەككەن ئوخشامدۇ مانجىسىنىڭ مۈڭگۈزى؟ — دېدى بۇقا ئىگىسى خىجىللىقتا ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي، — ھەجەپ بىر ئىش بولدىيا!

— خىجىل بوممىسىلا، — دېدى تۇماقلىق كىشى، — ھايۋان نېمىنى بىلىدا. كېلىشمەسلىك دېگەن شۇ.

— ھەنمۇ بىخۇد تۇرۇپ قاپتىمە. جۇسلە، ئاشلىق

بازىرنىڭ ئالدىدىكى تېگىقچى ئۇستامنىڭ قېشىغا ئېچچىرەي.

ــ بولدى، ئۇكام، ئۆزەم ئاستا چىرەي. سىلى بازالىرىدىن قامىسىلا.

ــ ياق، ياق، يالغۇز چىسلە بومايدا. ئۆزۈم ئېچچىرىمە.

ئىككىيلەن بىللە مېڭىپ مال بازىرىنىڭ دەرۋازىسىدىن چىقىپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قارىشىپ تۇرغانلار بىر ـ ئىككىدىن تارقىلىشقا باشلىدى.

ــ ماۋۇ تازا قىپقىزىل سارالڭ ئىدەمكە، ــ دېدى توپ ئېشەكلەرنىڭ ئىگىسى، ــ سىڭگەن نېنىنى يەپ، تەخەي سودىسىنى قىلماي، باكادىن باكا ئۆزىگە ئىش تاپتى.

ــ تازا يامان ۋاختا قولىنى دولىسىغا ئېسىپ بىچەل يۈرىدىغان بولدى ئاينا.

ــ ئا بۇقىنىڭ ئىگىسىمۇ قاق بالاغا قالدى. ئەمدى ما ئىدەم ساقايغىچە ھالىدىن خەۋە ئالىدىغان بولدى، بىچارە.

ــ قەستەنلىك بومىغاندىكىن ئۇنچىۋالا بولاپ كەتمەيدا.

ــ سەن نېمىنى بىلىسەۋا. دەنشى[1]دە «قانۇن ۋە پۇقرا»نى كۆمەپسەندە؟ بىژ ئىدەم قوشنىسىدىن كەتمەن سوراپ ئىشلىتىپ پۇتىنى كېسىۋاپتىكە، قوشنىسى كەتمەننىڭ ئەيىپىنى ئالىدىن دەپ قويمىغانلىقى ئۈچۈن كەتمەن سورىغۇچىغا تۆلەم بەدى. قايداغ؟

ــ توتۇغۇشنىڭ زامانى بولاپتا ئۇنداغ بوسا. خەقكە كەتمەن بېرىپ تۇرۇڭ، يانا تۆلەم تۆلەڭ، قايداغ ئىش بۇ؟! خەقتىن بىژ نەسە سورىسىمۇ، خەققە بىژ نەسە بەسىمۇ بولمىغۇدەك ئەمسە!

ــ مانا شۇنىڭغا قايىلغاندا ماۋۇ تۇماقلىق چوقۇم دەۋادا ئۇتالايدا.

خەقلەر بىردەم مۇلاھىزە قىلىشقاندىن كېيىن تەبئىيلا ئۆز سودىلىرىغا ئۆتۈپ كېتىشتى. باياتىنقى بۇقا ۋەقەسى تېزلا كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىشتى. ئۇيەر ـ بۇيەردىن يەنە «ئالدىڭما، بەدىڭما، كەم بولا...» دېگەندەك نېزىقاشلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

* * *

ئاشلىق بازىرىنىڭ ئالدىدىكى ئۆستەڭ بويىغا جايلاشقان سۇنۇقچىخانىنىڭ ئىچى بېسىق ئىدى. يىراق ـ يېقىن يۇرتلاردىن سۇنۇق تاڭدۇرۇشقا كەلگەن بىمارلار ئۆچىرەت بولۇشۇپ ئولتۇرۇشاتتى. تېڭىقچى ياشانغان بوۋاي بولۇپ، تەجرىبىسى مول، قولى يەڭگىل، گەپ ـ سۆزى سىلىق ئىدى. چوڭ ـ چوڭ ئۇچ ئوغلى، ئۇچ كېلىنى، بىر قىزى ــ سەككىز كىشى ھەر يەكشەنبە كۈنى يىراقتىكى ئۆيىدىن سەھەرلەپ كېلىپ بولاتتى ـ دە، مەخسۇس تېڭىقچىلىق ئۈچۈن ئىجارىگە ئالغان مۇشۇ ئۆيدە چوڭ ـ كىچىك تېڭىقلارنى تېڭىش بىلەن مەشغۇل بولاتتى. بوۋاينىڭ داڭقى جىمى يۇرتقا مەشھۇر بولغاچقا يۇرت ـ يۇرتتىن سۇنۇق تاڭدۇردىغانلار ئىزدەپ ـ سوراپ بۇ بازارغا كېلىشەتتى.

بۇقا ئىگىسى تۇماقلىق كىشىنى يۆلەشتۈرۈپ ئىشىكتىن كىرىپلا تامقىنى چىكىلداتتى:

ــ چىك ـ چىك ـ چىك... ھەممە ئىدەمنىڭ بىژيەلىرى سۇنۇپ مىشەگە چىرىۋاغانمۇ نېمە؟

ئۇلار بىر بوش جاينى تېپىپ ئولتۇرۇشتى. ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىغا تارتىلغان سىمغا رەخت ئېسىلغان بولۇپ، ئىچكىرىسىدە بوۋاينىڭ كېلىنلىرى بىر ئايالنىڭ سۇنغان پۇتىنى تېڭىۋاتاتتى. ئاغرىققا چىدىمىغان ئايالنىڭ ئىڭرىغان ئاۋازى ئادەمنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرەتتى.

ــ بەك ئاغرىيدىغان ئوخشىمامدا؟ بولدى، چىكىتەيلىمىكى؟ ــ دېدى تۇماقلىق كىشى ئىككىلىنىپ.

ــ ياق، ئەيىپناق بولاپ قالىلا. كۆستىپ باقىلى ئاۋىلام.

ئۇلار خېلى ئۇزۇن ئولتۇرۇپ نۆۋەت كەلگەندە تېڭىقچى بوۋاينىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى. بوۋاي تۇخۇم يۇقى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ يۇمشاق سالام قىلدى:

ــ كېلىشسىلە. ئۆزلىرىگە نېمبولدى؟

ــ بۇقا ئۇسۇۋەتتى.

تۇماقلىق كىشىگە ۋاكالىتەن جاۋاب بەردى بۇقا ئىگىسى.

ــ يامان يەگە ئۇسمىگەندۇ؟

ــ ياق، مۇشۇ تاغىقىمغىلا.

ــ چاپانىنى ساسىلا.

تۇماقلىق كىشىنىڭ چاپىنىنى سالدۇرۇش خېلى قىيىنغا توختىدى. بىر قولىنى مىدىرلىتالمىغاچقا ئەپسىز بولۇپ خېلى قىيىنلىشتى. كۆڭلەكتىن تارتىپ سالدۇرۇپ بولۇپ بوۋاي تۇماقلىق كىشىنىڭ بەدىنىگە سىنچىلاپ قاراپ چىقتى.

ــ چۇققۇ نەپەس ئاسىلا.

تۇماقلىق كىشى ئۆپكىسىنى تولدۇرۇپ تىندى.

ــ ئۆپكىدە مەسىلە يوقتۇ؟

ــ ياق. قولۇمنىلا مىدىلىتالمىدىم. باشقا يېرىم ساق.

ــ خۇدايىم ساقلاپتۇ، ــ دېدى بوۋاي بەدەندىكى كۆك جايلارنى يېنىك سىلاپ، ــ ما كۆك بولاپ قاغان يە نازۇك يە ئەمەس. يانا تۆتىلىك مايانىغا ئۇسكەن بولسا چاتاق بولاركەن ... مانا... مىشەدىن...سىلىنىڭ تاغاق چىكىتىپ قاپتا. مىشە ئاغرىۋاتىدىغۇ دەيمە؟

بوۋاي تۇتقان جاينى يېنىك بېسىۋىدى، تۇماقلىق كىشىنىڭ رەڭگى تاتىرىپ كەتتى.

ــ باسمىسىلا ، ئاغرىپ كەتتى!

---

[1] دەنشى ــ دىيەنشى ــ تېلېۋىزور.

— قوقمىسىلا، كۆرەپ بېقىۋاتىمە. مانا مۇۋەدە ئۇششۇق با. مۇۋەدىمۇ با.

بوۋاي بۇرۇندىن ئادەتلەنگەن تەجرىبىسى بويىچە بىمارنى گەپكە تۇتۇپ ئۇ يەر-بۇ يەرنى سىلىغان بولۇپ باشمالتىقىنى شۇنداقلا بېسىۋىدى، تۇماقلىق كىشى «ئانا!» دەپلا توختاپ قالدى.

— بولدى، —دېدى بوۋاي كۈلۈپ، —جايىغا چۈشتى.

— چۈشۈرۈپ بوللىما؟ -دېدى بۇقا ئىگىسى ھەيران قېلىپ.

— ھەئە. ئاللا شىپالىق بەرسە ئۈچ تېڭىقتا كەتمەن چاپقۇدەك بولالايدا.

— قوللىرىغا دەت بەرمىسۇن، ھەجەپ قوللىرى يەڭگىلكەن.

— سۇنۇقنى ئايانغا تات، مايانغا يات دەپ تاتقۇشلاپ قوقۇتساق ئەدەم جىددىيلىشىپ، چىكەتكەن يەنى جايىغا چۈشۈرەش تەسكە توختايدا. قوقۇپ جىددىيلەشكەن زامات بەدەن بىلەن سۆڭەكنىڭ شەكلى ئۆزگىرەپ، جايىغا چۈشكىلى ئۇنمايدا. ئاندىن بىز مەجبۇرلاپ باسىمىز. سىلى ۋاقىرايلا. بىزنىڭمۇ قولىمىز تىترەپ بەلەن تاڭامايمىز. ئۇنىڭدىن كۆرە ھازىرقىدەك مۇڭدۇشۇپ، گەپكە پەمەل قىپ تۇيدۇماي ئۇنىغا چۈشەسەك سىلىنىڭمۇ جانلىرى جىق قىژلانمايدا. بىزنىڭمۇ قولىمىز تىترىمەيدا. ھازىر قايداغراق؟

— ئاغرىق پەسلەپ قالدى، —دېدى تۇماقلىق كىشى.

— چىكەتكەن يە جايىغا چۈشسە ئاغرىق قوياپ بېرىدا. ھەممە ئۇستۇخان ئۆز جايىدا بوسا نورمال بولىدا ئەمەسما. قوللىرىنى مىدىلاتماي تۇسلا، تېڭىۋاللى. بالام، چىنىگە تۇخۇم چاقسىلا.

بوۋاينىڭ چوڭ كېلىنى بىر چىنىگە تۇخۇمدىن ئىككى-ئۈچنى چېقىپ چوكا بىلەن تەكشى ئارىلاشتۇردى. كىچىك كېلىنى تېڭىق ئورايدىغان رەختنى كېسىپ-ئۇلاپ تىكىشكە باشلىدى. چوڭ ئوغۇل تارشىلارنى قەلەمتىراچ بىلەن تىلىپ ياساشقا باشلىدى. شۇنداق قىلىپ بىردەمدىلا تۇماقلىق كىشىنى قورساق-بېلىنى قوشۇپ ئايلاندۇرۇپ تارشىلارنى قاتار-قاتار تىزىپ، تۇخۇملارنى چېپىپ مەھكەم تېڭىپ قويۇشتى.

— بولدى، —دېدى بوۋاي، —قالايمىقان ھەرىكەت قىلمايلا، ياتقاندا رۇس ھالەتتە ياتىلا. تۇخۇمنى قىزىق ژىلىتىپ ئىچىپ بەرسىلە. كېلە مۇشۇ كۈندە كېلىپ تېڭىق يەڭگۈشلەپ كېتىلا.

— ماقۇل، رەخمەت سىلىگە.

بۇقا ئىگىسى تۇماقلىق كىشىنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ قويۇپ بوۋايغا قارىدى:

— ھاجىم، نەچچە پۇل بېرىمە؟

— ھاجىم دېمىسىلە! —دەپ كۈلۈپ كەتتى بوۋاي، —ساقىلى با ئادەمنىڭ ھەممىنى ھاجىم دېسە ھاجى ئازان بولاپ كەتمەمدا؟ مەن تېخى ھەرەمگە ئەمدى تەرەددۇت قىۋاتىمە. ھەقاسىلىرىدەك ھاجەتمەنلە كۆپرەك دۇئا قىپ بېرىشسىلە، ئاللا خالىسا ئۆگۈنلۈككە بۇ ئۇلۇغ سەپەرگە ئاتلىنىش ئالدىدا تۇرىمە.

— شۇنداما، يوللىرى ئوچۇق بوغاي ئەمسە، —دېدى تۇماقلىق كىشى تېڭىلغان بەدىنىنى ئاۋايلاپ مىدىرلىتىپ، —كېلە بازا كۈنى سىلى بومىسىلا....

— مەن بومىغان بىلەن ماۋۇ ئوغاللىرىم با. ھەممىسى ھازىر ئۇستا تېڭىقچى بولاپ كەتتى. كېلىۋەسىلە.ئوبدان تېڭىپ قويىدا.

— نەچچە پۇل بولدى، ئۇستام؟ — قايتا سورىدى بۇقا ئىگىسى.

— بۇ، سودا قىلىدىغان بازا ئەمەس. رەخ بىلەن تۇخۇمنىڭ پۇلىدىن ئېشىنالىغانلىرىنى ئۆزلىرى ئاتاپ بەرسىلە.

بۇقا ئىگىسى يېنىدىن يۈز يۈەن ئېلىپ بوۋايغا ئۇزىتىۋىدى، تۇماقلىق كىشى ئالدىغا ئۆتتى:

— ھاي، بۇ نېمە قىغانلىرى، ئۆزەم بېرىمە پۇلنى.

— ياق، ئاكا، مەن بەرسەم بومايدا.

— چىك-ئاي! ئۇنداغ قىممىسىلا دەيمە.

— شوك تۇسىلا، تاغاقلىرى قايتا قوزغىلىۋالىدۇ ھېلى.

بوۋاي بۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرىگە قاراپ ھەيران قېلىپ بۇقا ئىگىسىدىن سورىدى:

— بۇ كىشى سىلىنىڭ نېمىلىرى؟

— ئاكام بولىدا، —دېدى بۇقا ئىگىسى پۇلنى بوۋاينىڭ قولىغا تۇتقۇزغىنىچە.

— ئۇ پۇلنى ئامىسىلا. مەن ئۆزەم بېرىمە، — دېدى تۇماقلىق كىشى ساق تەرەپتىكى قولى بىلەن قويۇن يانچۇقىنى كولىغاچ، —ئەستا، ما قولام ئەپ كەممەۋاتىدا. خاپۇمماي ما يانچۇقتا پۇل با، ئاسىلا بولاپتىكە.

بوۋاي تېخىمۇ ھەيران بولدى. بۇقا ئىگىسى ئەمدى ئىشىنىڭ جەريانىنى قىسقىچە چۈشەندۈرۈپ ئۆتتى.

— ھە، مۇنداغ دېسىلە، —بوۋاي تۇخۇم يۇقى قوللىرى بىلەن قىزغۇچ كالتە ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ چىشلىرىنىڭ ئېقىنى كۆرسىتىپ كۈلۈمسىرىدى، —تېخى باياتىن ئىككىڭلىنى ئاكا-ئۇكا چېغى دەپ ژۇرۇپتىمە. ئەسلى تونۇشمايدىكەنسىلىدە.

— ئىككىمىز ئىككى نايىدىنكەنمىز. باياتىنىياغى مىشەگە چىگەچ تونۇشتۇق. سەۋەنلىك مەندىن بولاندى. مېنىڭ پۇلامنى ئاسىلا ئۇستام، —دېدى بۇقا ئىگىسى يېلىنىپ.

— ياق، مەن ئۇششۇق ئەمەس. ئۆزەمنىڭ پۇلۇمنى ئاسىلا، —دېدى تۇماقلىق.

— ياق، مەنمۇ نامەرت-خۇمسى ئەمەس! ھەر ئىككىمىزنى خۇدا ساقلاپتا. ھازىردىن باشلاپ بۇ ئاكىمىزغا ئۆزەم ئىگە.

مېنىڭ پۇلامنى ئالۋەسلە، ــ دېدى بۇقا ئىگىسى.

ــ توۋا دېسىلە، ــ دېدى تۇماقلىق كىشى خاپا بولۇپ، ــ مەن ئۇنگە دېگەنلىرى قايداغ گەپ؟ مانا ساپساقلا تۇمامدىمە. ما ئۇستام دېدىغۇ؟ ئۈچ تېگىقتا كەتمەن چاپقۇدەك بولالايدۇ دەپ. ئەگەر بۇقىلىرى يامان يەگە ئۇسۇۋېتىپ ئۆلەپ ـ تاتىپ قاسامۇ ئۆلۈكۈمنى ساتىدىغان ئىدەملىدىن ئەمەستىم مەن. كىلىشمەسلىك بولاپ قالدى ئەمدى. ئۇنداغ جاھىللىق قىممىسلا.

ــ سىلى جاھىللىق قىممىسلا.

بۇلارنىڭ تالاش ـ تارتىشىغا قاراپ مەستلىكى كەلگەن بوۋاي ئېغىز ئاچتى:

ــ ئالدىمغا جىق ئىدەم سۈنۈق تاڭدۇغىلى كېلدا. ھە قىسما ئىدەملىنى كۆرەپ تۇرىمە. بۇگەن ما ئىككىڭلىنى كۆرەپ كۆڭلۈم كۆتۈرۈلەپ قالدى. ئىدەم بىلەن ئىدەم بىر ـ بىرسىگە ئىدىمەتچىلىككە قەزدا. بۇ قەزنى ھەممە ئدەم ھەر ۋاقت قايتۇرۇشنى ئەستىن چىقامىسلىقى لازىمدۇر. ھازىر جىق ئدەم بۇنداغ قەزگە پاتاڭغىچە بوغۇلاپ كەتتى... ــ بوۋاي سۆزلەۋېتىپ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئالقانلىرىدىكى قورۇشقا باشلىغان تۇخۇم يوقۇندىلىرنى ئۇۋۇلاپ تورۇپ سۆزنى يەنە داۋاملاشتۇردى:

ــ ئۆتكەن ھەپتە ئالدىمغا بىر ياش بالا كەگەنتى. بازاغا كەگىچە بىر ئاغىنىسىنىڭ موتو[1]سىغا مىنگىشۇاپتا. يولدا لايغا تېيىلىپ كېتىپ موتودىن يىقىلىپ، بىلىكى ئازراق تولغۇشۇپ كېتىپتا. تېگىپ قويىسلا بولاپتىكە دەپ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋاغانتى، ھە ماقول دەپ نىرى ـ بىرسىنى ئۇيلىماي تېگىپ قويايتىمە. شۇ زامات يېنىمدىن چىقىپ بازالىق سوتقا چىرىپ قولدىكى تېگىقنى كۆستىپ: «موتودىن يىقىلىپ قولام سۇنۇپ كەتتى، تۆلەم بەسۇن» دەپ ئەرز قىپتا. سۇنمىغان قولنى سۇندى دەپ شۇملۇق تىلەشتىن قوقمايدىغان ئىشىنداغ بەتبەختلىمۇ بولىدىكە. ئاچچىقىم شۇنداغ كەلدىكى، ئەۋال سۈرۈشتۈگىلى چىگەن سوت كادىرلىرىنىڭ ئالدىدىلا تېگىق لاتىسىنى ئۆز قولام بىلەن يېشىپ ئۆستەڭگە چۆرۈپ سەتلىۋەتتىم. بۇگەن سىلىنىڭ ئىشىڭلىنى كۆرەپ ئىشۇ ئىش يادىمغا كېلىۋاتىدا. تۇتسىلا، بۇ پۇللىرىنى ئامايمە.

بوۋاي قولدىكى پۇلنى بۇقا ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەردى.

ــ ئەمدى سىلى خىجىل قىممىسلا ئۇستام، ــ دېدى بۇقا ئىگىسى يالۋۇرۇپ، ــ بۇ پۇلنى ئالۋەسلە.

ــ ياق، ھەر ئىككىڭلىنىڭ پۇلنى ئامايمە. بايام دېدىمىغۇ، ھەممىمىز بىر ـ بىرىمىزگە ئىدىمەتچىلىككە قەزدا دەپ. مەنمۇ ئۆزەمنىڭ بوينۇمدىكى قەزنى ئادا قىلاي.

ــ ئەمسە بۇ پۇل سىلىنىڭ ئۇلۇغ سەپەرلىرىگە تۇتقان يوللۇقۇمىز بوسۇن، ــ دېدى بۇقا ئىگىسى پۇلنى قايتا بوۋايغا تەڭلەپ.

ــ راس، ماۋۇمۇ يوللۇق بولاپ قاسۇن، ئاسلا، ــ دېدى تۇماقلىق كىشىمۇ ساق قولى بىلەن بوۋايغا پۇلنى ئۇزىتىپ.

ــ ھاي، ھاي، ــ بوۋاينىڭ قاپىقى تۈرۈلدى، ــ مېنى ھالال دۇنيايىم بىلەن ھەج قىغىلى قوياڭلا. پاكلىقنى، سەممىلىكنى شەرت قىلىدىغان بۇنداغ مۇقەددەس سەپەرگە تېگىق پۇلى قائىدىنى ئارىلاشتۇسا ساۋاپ نەدە قالدا؟! مەن مۇشۇنداق ھەرەمنىڭ بانىسى بىلەن نادان خەقنى شىلىپ دۇنيا ژىغىدىغان ئىشقا ئۈچ.

ــ ئەستا، ــ بۇقا ئىگىسى خىجىل بولۇپ تۇرۇپ قالدى، ــ كۆڭلىمىزنى قوبۇل قىلمىدىلىدە.

ــ كۆڭەللىرى تەگدى. ئۇ پۇلغا ما ئاكىلىرىغا تۇخۇم ئېپبەسلە ئەمدى.

ــ شۇنداغ قىلمە. ئەلۋەتتە شۇنداغ قىلمە. ئۇ تەرەپلىرىدىن خاتىرجەم بوسلا. بازا كۆنى خودا خالىسا ئۆزۈم ئېكىكىلىپ تېگىق ئالماشتۇرغۇزۇپ كېتىمە.

ــ شۇنداغ قىسلا. مانا، ئىدەم دېگەننىڭ يېتى يوق! ھەممىمىز بىز ژىلدىزدىن كۆكلىگەن بەندىمىز. بىر ـ بىرىمىزنىڭ جىنازىسىنى كۆتەگەندە ئەسقاتىدىغان خەخلەمىز. ئۆزئارا كۆڭەل ئىزدىشىپ، كۆڭەل ئايىشىپ، بىر ـ بىرىمىزگە مېھرىۋانلىق قىلىپ ئۆتمىسەك تەمىسىز بولاپ كەتمەمدۇ بۇ ئالتە كۈنلۈك دۇنيا! سىلى ساقايغىچە ئوغاللىرىم پۇل ئاماي تېگىپ قويىسۇن. بەربىكىتىنى ئاللا بېرىدا.

ئىككىلەن تېگىقچى بوۋايغا قايتا ـ قايتا رەھمەت ئېيتىپ، بۇقا ئىگىسى تۇماقلىق كىشنى يۆلەشتۈرۈپ تېگىقخانىنىڭ ئىشىكىدىن چىقىشتى.

تېگىقچى بوۋاي، بالا ـ ۋاقىلىرى، سۇنۇق تاڭدۇرۇش ئۈچۈن ئۆچرەتتە تۇرۇشقانلار ــ ھەممىسى تېگىقخانىنىڭ دېرىزىسىدىن بۇقا ئىگىسى بىلەن تۇماقلىق كىشىنىڭ يولدا بىر ـ بىرىنى يۆلىشىپ ـ كۆلۈشۈپ تۇرغىنىنى، بۇقا ئىگىسىنىڭ بىر تاكىسنى توسقىنىنى، تاكسىنىڭ ئالدىدا بىر نېمىلەرنى تالىشىپ ـ كۆلۈشۈپ تۇرغىنىنى، بۇقا ئىگسىنىڭ تۇماقلىق كىشىنى يۆلەشتۈرۈپ تاكسىغا چىقارغىنىنى، تۇماقلىق كىشىنىڭ تاكسىنىڭ ئىشىكىنى يېپىۋالغىنىنى، بۇقا ئىگسىنىڭ ئىشككە مەھكەم ئېسىلغىنىچە ئېگىشىپ بىر نېمىلەرنى دەپ يالۋۇرغىنىنى، شوپۇرنىڭ چۈشۈپ ئىشكنى ئېچىپ بەرگىنىنى، ئانىدىن بۇقا ئىگىسىنىڭ تۇماقلىق كىشىنىڭ يېنىغا چىقىپ يېقىن ئولتۇرغىنىنى، ئىككىسىنىڭ نېمىلەرنىدۇر دېيىشىپ ـ كۆلۈشۇپ باش لىڭشىتقىنىنى، تاكسىنىڭ ئاستاغىنە قوزغىلىپ، سىلىق ماڭغىنىنى ...كۆرۈشتى.

2009 ـ يىل يانۋار، سەھرايى ئەرمۇدۇن

[1] موتو ــ موتسىكلىت

# تاشقارىنىڭ ئۆلۈمى

يولنىڭ مايلىرى قوزغىلىپ، ئۇيەر-بۇيەرى قوۋۇش ئۆۋسىدەك بوپقالغان بۇ كىچىك سەھرا بازىرىدا بىر كىچىككىنە ماشىنا بېكىتى بار. بىكەت دېسە دېگۈچىلىكى يوقلا يول بويى، خالاس. پەقەت بازار ئوتتۇرىسى بولغىنى ئۈچۈنلا شوپۇرلار ماشىنا توختىتىپ ھايالدىما قىلىۋېلىشقان. ماشىنا توختىغان يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا ناۋاي، قاسساپ، كاۋاپچى،لەڭپۇڭچى، باققال-يايمىچىلار ئوقەتلىرىنى قالايمىقان تىزىپ قويۇشقاچقا، ئادەتتە ماشىنىدىن چۈشكەن يولۇچى يولغا ئەمەس، ھۆپپەر-سېتىقچىلارنىڭ قۇچىقىغا چۈشكىلى تاسلا قالىدۇ.

ئۆزىنىڭ كىچىكلىكىگە قارىماي بۇ بازار خېلى ئىتتىك بازارلاردىن سانىلىدۇ. ھەم يول، ھەم ھايالدىما بولغان يولنىڭ بويى مىلىقشىغان شاپاق-شالتاقنىڭ ئۈستىگە قونغان ھەرە-چىۋىنلارنىڭ گۇژۇلدىشى بىلەن ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتۇرسا، لەڭپۇڭچىلارنىڭ لەڭپۇڭى بىلەن تەڭ لىغىرلاپ تۇرىدىغان غالتەكلىرى ماشىنىلارنىڭ ئالدىغا پۇتلاشقىنى پۇتلاشقان. ھەر قېتىم ماشىنا كېلىپ توختىسا جاھانەمنىڭ توپا-چېڭى ئۇچۇپ كېلىپ باققاللارنىڭ ئالدىدىكى تىلىملاپ قويۇلغان قوغۇن-تاۋۇز،تىزىپ قويۇلغان ئۈزۈم-شاپتۇل، كانارىلارغا ئېسىلغان گۆشلەرگە يېپىشىدۇ. باققال بىچارىلەر توپا قونغان قوغۇن-تاۋۇز تىلىملىرىنى قىڭراق بىلەن قىرىپ ھارمايدۇ.ئۈزۈملەرنى تولا «پۇف!»لەپ قوۋۇزلىرى تالمايدۇ.

ھەممىدىن لەڭپۇڭچىنىڭ بازىرى ئىتتىك. ئۆزى ئەرزان، ئاچچىق-چۈچۈك، مەرى ئىسسىق بولغاچقىمىكىن، مەكتەپتە چۈشلۈك دەم ئېلىش بولغان ھامان ئوقۇغۇچىلار پارچە-پۇرات، قاتتىق-قۇرۇق نانلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ غالتەك ئەتراپىنى قىزىتىۋېتىدۇ. بىر-بىرىدىن بازار، رىزىق تالاشقان لەڭپۇڭچىلار باللارنى ئۆز غالتىكى ئەتراپىغا كۆپرەك جەلپ قىلىشقا ئۇرۇنۇشىدۇ. يولنىڭ توسۇلۇپ بېسىق بوپكېتىشى، ھايالدىمىنىڭ تارلىشىپ، باللارنىڭ ماشىنىغا پۇتلىشىشى، كۈتۈلمىگەن ھادىسىلەرنىڭ يۈز بېرىشى دېگەنلەر بىلەن چاتىقىمۇ يوق.

ھايالدىمىدىكى ئۈچ-تۆت مىنىبۇس ئىككى ئىلىك يېپىشقان توپا-چاڭنىڭ دەستىدىن رەڭگىنى پەرق ئەتكۈسىز بولۇپ، پۈتۈنلەي توپا رەڭگە كىرگەنىدى. «توپىرەك» مىنىبۇسنىڭ ھەر بىرسىدە ئىككى-ئۈچتىن يولۇچى ئولتۇرۇشاتتى. يولۇچىنىڭ تايىنى بولمىغاچقا شوپۇرلار ماشىنىلىرىدىكى ئىككى توك-توك ئادەمنىڭ ئالدىراپ-تېنىلداشلىرىغا پەرۋامۇ قىلىشماي بىر مىنىبۇسقا يىغىلىپ «كورت» ئويناشماقتا ئىدى.

قىقاس-سۈرەن بىلەن قارتا ئويۇنى بولۇۋاتقان بۇ مىنىبۇسقا بىر ئايال بوغچا-بوغۇندىلىرىنى كۆتۈرۈپ ھاسىراپ-ھۆمىدەپ يامىشىۋىدى، ھە دەپ قارتا ساناۋاتقان سوپۇراخۇن شوپۇر بېشىنى بۇراپ قاراپلا قاپىقىنى چالا تۈردى:

— ھە، نۇخاچا، كۆچىنىپ نەگە؟

— شەگە چىققان، سوپىراخۇن بالام.

— ئۇۋۇ بىزنىڭ ماشىنىغا چىقسىلا بىژيەلىرىگە سانجىلىدىغان يانتاق بامكەن؟

—ھە؟ ... بۇ... سىلىنىڭ ماشىنىلىرى ئەمەسمىتى، بالام؟ — دېدى ئايال ھەم تېڭىرقاپ، ھەم خىجىل بولۇپ.

— ئاينا، كەينىدىكىسى.

— ھە، مانداغ دېسىلە، بىلمەيلا چىقىپتىمەن شۇ. قايلىسام، ما ماشىنىدا ئىدەم جىقراق تۇرىدا. مەن سەل ئالدىرايتتىم، قايلىسىلا.

— ئالدىرىمايدىغان چىمبا. سىلىدىن ئۆتە مەن ئالدىرايمە بومىسا.

— سىلىنىڭ ئىشتىك تولاپ بومايدىغان ئوخشىمامدا؟

— ھەقاسلىرىدەك قاراكۆز ئىدەملە چىقسا تۇشامدا؟

ئايال يا پەسكە چۈشۈشنى، يا يۇقىرى چىقىشنى بىلەلمەي مىنىبۇسنىڭ پەلەمپىيىدە بىر دەم تۇرۇپ قالدى. بۇ تەرەپتە كالپۇكىغا تاماكا قىستۇرۇۋېلىپ ھەدەپ چاقمىقىنى ياندۇرالماي قىينىلىۋاتقان نامەت شوپۇر دوغىلاق كەلگەن گەۋدىسىنى ئۆرە قىلغىنىچە قېيداش ئارىلاش سۆز قاتتى:

— خاپومماي ئاقىدىكى جۇڭبا[1]غا چىقسىلا، ئاچا. سوپىران ئۇستام خاپولاۋاتىدا.

— ئەستا!...

ئايال ئېغىر تەڭقىسلىقتا قالغىنىنى ئىپادىلەيدىغان قولاشمىغان تەبەسسۇمى بىلەن ئارقىغا ياندى. سوپىراخۇن شوپۇر كۆزىنى ئايالنىڭ ئارقىسىدىن ئاللىقاياقلارغا تىكىپ غۇدۇراپ قويدى:

— ھېقىلغا ئىشارەت دېگەن گەپ مانداغ — ھە. ئاخشاملىقتا ئۆيگە يانغاندا ماباللا سىلى بىر ئىدەمنى يوغان تۆمى[2] بىلەن ئۆيگىچە ئاپىرىپ قويمايدا. ماشىنىنىڭ ئالدى ئەينىكىدىن چىچىپ ياتقان بالىدەك بويان قىسىپ قاغان چاغدا ئىشك ئالدىغىچە ئاغاچ كېتىدىغان تۆمى ماۋۇ. ۋىيي!

ئۇلار ئۆز ئويۇنلىرىغا قايتىدىن باش تىقتى. شۇ ئارىلىقتا ساقاللىرى ئۆسۈپ قالغان، تۈگمىلىرى قالمىغان بوغماق

---

[1] جۇڭبا — مىنىبۇس.

[2] تۆمى — تۆمۈر دېمەكچى.

چاپاننىڭ بىلىدىن مەھكەم باغلىۋالغان،تولا يۇيۇلۇپ پىتى قالمىغان شەپكىسى پۇرلەشكەن، چاچلىرى گەدىنىگە چۈشكەن بىر ياش بالا كونىراپ ئەبجىقى چىققان توكلۇق ھارۋىسىنى غوڭۇلدىتىپ قارتا ئويناۋاتقانلارغا ــ مىنبۇسنىڭ ئىشىكىگە توغرىلاپ توختاتتى ـ دە، ئالدىراپ ـ تېنەپ ماشىنىغا ياماشتى.

ــ ئويانىي قوياڭلا بالا، ــ دېدى ئۇ ئۆكسۈلى يوق ھالەتتە.

ــ نىم بولدۇڭلا پالتاخۇن؟ ــ دېدى نامەت شوپۇر ئويۇندىن بېشىنى كۆتۈرمەي بىر قولىنى پالتاخۇنغا كۆرۈشۈشكە ئۇزىتىپ تۇرۇپ:

ــ ئۇۋۇ... تاشقارىي ئۇستام قازا قىپتۇ!

ــ چاقچاق قىلماڭلاۋا پالتاخۇن . تاشقارىي ئۇستام تېخى يېرىم سائەتنىڭ ئالدىدا بىز ماشىنا ئىدەمنى چۈشۈرەپ قوياپ چۈگىلەپ يۈرەتتىغۇ؟

ــ شۇ، مەمۇ كۆرگەن. باياممىكياغى ئاقساستىكى بىر ئىدەمنىڭ ئايلى تۇغامماي قاپتىكە، شۇنى ماشىنىسىدا دوختۇرخانىغا ئەكەپ قوياپ ئۆيىگە چىرىكتىپتىكەن. ئەسىر ئوقۇۋالاي دەپ تەرەت ئېلىپ چىرىپ بىر قىسما بولاپلا، سوزۇلاپ يېتىپ جان ئۈزەپتا!

ــ ئۇھ! مائىشنى...

ئولتۇرغانلار ياقىلىرىنى تۇتۇشۇپ داڭقېتىپ قېلىشتى.

ــ ساپساقلا ئىدەمتىيا ئۇ.

ــ ھېلقى يوشۇرۇن زىققىسى بامشكەن ئەمەسما.

ــ راس ـ راس، شۇنداغ دەۋاتتى.

ــ ئۆتكەندىمۇ بىز قېتىم تاس قاپتىكەممىش.

تاشقارىي ئۇستام دېگىنى بىر كىچىك مىنبۇس شوپۇرى بولۇپ، بىشى تېخى قىرىقلارغىمۇ بارمىغان، ياۋاش ـ مۆمىن، ئۇچۇق چىراي كىشى ئىدى. قولىنىڭ قىسقىلىقىدىنمىكىن، ھەممە شوپۇر كىچىك مىنبۇسلىرىنى رەسمىي مىنبۇسقا ئالماشتۇرۇپ بولغان بولسىمۇ ئۇ يەنىلا ئاشۇ ئالتە كىشىلىك كىچىككىنە مىنبۇسىنى ھەيدەپ يۈرەتتى.

ــ رەھمەتلىكنىڭ دادىسى، ــ دەپ سۆز قوشۇپ قويىدى پالتاخۇن، ــ بالامنىڭ بىز يولىدا ژۈگەن دوس ـ ئاداشلىرىغا خەۋە يەتكۈزۈپ قويسىلا دەپ تاپىلىغانتى.

شوپۇرلار كۆڭلى يېرىم بولۇشقاندەك يەرگە بېشىنى سالغىنىچە ئولتۇرۇپ قېلىشتى. پالتاخۇن توكلۇق ھارۋىسىنىڭ ئاچقۇچىنى تولغاپ تۇرۇپ يەنە ئېغىز ئاچتى:

ــ ئولاش ـ چولاش بېرىپ كېلەمدۇق رەھمەتلىكنىڭ نامىزىغا؟

شوپۇرلار ئاستا باشلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ بىر ـ بىرىگە قاراشتى.

ــ قايداغ قىلىمىز؟ ــ دېدى سوپۇراخۇن ئالدىدىكى قارتىلارنى يىغىشتۇرغاچ يېنىدىكى نامەت شوپۇرغا قاراپ. نامەت شوپۇر سىمىزلىكتىن تۇرۇلۇپ كەتكەن بۇقا پاتىڭنى مەقسەتسىز قاشلاپ قويىدى:

ــ ما ئىدەملىنى تاشلاپ ماڭساق بومماي قالامىكى.

ــ راس. بۇمۇ با گەپ جۇما.

پەستە توكلۇق ھارۋىسىنى ياندۇرۇش بىلەن بەند بولۇۋاتقان پالتاخۇن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھاۋرىسىدىن چۈشتى:

ــ ھەي، تۇۋۋا دەڭلا. نامازغا بارامايمىز دەۋاتمايدىغانسىلا؟

ــ بارامايمىز دېمىدۇق. شارائىت بومايدىغان ئوخشايدا.

ــ بۇنىڭغىمۇ شارائىت كېتەمدا بالالا؟ يا ئارىلىقتا داۋان بومىسا. ماشىناڭلىنى گۈرردە ئوت ئالدۇرۇپ ئون مىنۇتتا بارسىلە، ئون مىنۇتتا كېلىسلە.

ــ شۇنداغ دېگىنىڭلا بىلەن، ــ سوپۇراخۇن شوپۇر مىنبۇسنىڭ ئىشىكىگە يۆلىنىپ ئېغىز ئاچتى، ــ ئۇ يەدە مېيىتنى ژۈيۈپ ـ تاراپ، خەخلە ژىغىلىپ ناماز تەييا بوغىچە بىرمۇنچە ۋاخ كېتىدا. مەنزىلى ئۇزۇن ئىش ئۇ دېگەن! بۇيەدە بىرمۇنچە ئىدەمنى ساقلىتىپ قوياپ ئۇيەدە ژۈسەك سىلىنىڭچە دۇرۇس بولاما، پالتاخۇن؟ سىلىمۇ ھەيدەپ باققان ماشىنا دېگەننى.

پالتاخۇن بۇ كەسپداشلىرىنى ھازىرلا كۆرۈۋاتقاندەك ھەيرانلىق ئىچىدە قاراپ قالدى.

ــ بىز يولدا ، بىز كەسپتە ماڭغان بۇرادىرىمىز قازا قىپكەتسە نامىزىغا بامىساق دۇرۇس بولاما ئەمەسە؟ ــ دېدى ئۇ خاپا بولۇپ.

ــ بوسىغۇ باساق بولىتى، قايلاڭلا، يوغان ـ يوغان تۆمىنى توختىتىپ قويساق ماۋۇ يولۇچىلا قايداغ قىلىدا؟

ــ ھېچقايداغ قىممايدا، بىزدەم تۆپتۈرىدا.

ــ خەخنى ماشىنىغا چىقىرىپ قوياپ، تۆپتۈرۈڭ دېگىلى بولامداۋا پالتاخۇن؟ گېپىم بادەپ قىلىۋېرىدىكەنسىلە. سىلىنىڭ توكلۇق ھارۋاڭلا ئەمەس بۇ!

ــ سىلىنىڭ يوغان جۇڭبا! شۇنداغ. مەنمۇ ھەيدىگەن جۇڭبانى . كېلىشمەسلىك كەسە مۇنداغ توكلۇق ھارۋىغا چۈشۈپمۇ قالىدىكەن ئوغۇلبالا دېگەن. ھەجەپ دەۋالىدىڭلا ـ ھە؟

ــ تە بومماڭلا، بولدى، ــ دېدى نامەت شوپۇر ئارىغا چۈشۈپ، ــ سىلىنىڭ دېگىنىڭلىمۇ ئورۇنلۇقتۇ. ئەممازە، يولۇچىلىنى قايلىتىپ قوياپ ئىيەگە كەتسەك بومماي قالىدا.

ــ ئۇنداغ بوسا، ــ پالتاخۇن ئامال تاپقاندەك يەڭلىرىنى شىمايلاپ قويىدى، ــ تۆت جۇڭبادىكى ئىدەمنى ژىغىپ بىرسىڭلا مېڭىڭلا. قاغانلا نامازغا بارىلى. شۇنچە ژۈتتىن بىز شوپۇ ئۆلەپ

كەتسە، ئۇنىڭ نامىزىغا بىر يولدا ماڭغان ھەقەمسايىلىرىدىن بىرسى بامسا خەخلەمۇ زاڭلىق قىلا ھەقچان؟ قايداغ دېدىم؟

ئولتۇرغانلار زۇۋان سۈرۈشمىدى. پالتاخۇن تىنىلداپ تۇراتتى.

— بولاڭلا دەيمە! — دەپ ئولتۇرغانلارنى ئالدىراتتى پالتاخۇن.

قىين بىر ئىشقا دۇچ كەلگەندەك تەڭقىسلىق ئىچىدە قالغان توپىرەڭ مىنبۇستىكى تۆتەيلەن ئېغىر پۇشۇلداشتى. ھەممىسى مۇئەللىمنىڭ ئالدىدا تارتىنغان ئوقۇغۇچىدەك يەردىن بېشىنى كۆتۈرۈشمەيتتى.

— چىك-ئاي! نىمداغ ئولتۇرۇسلە دەيمە! — دېدى پالتاخۇن تېخىمۇ تىنىلداپ.

— ھەجەپ كۆزىمىزگە چىرىۋالدىڭلىيا پالتاخۇن، — دېدى سوپۇراخۇن بېشىنى شاققىدە كۆتۈرۈپ، — خۇددى تاشقارىينى تىرىلدۇرۇۋالدىغاندەك!

— سىلە بىلمەمسىلە، — دېدى نامەت شوپۇرمۇ سۆز قىستۇرۇپ، — بىزگە تۇزۇم با. ماشىننى توختۇتۇپ قويساق بومىمايدا.

— ھازىرچۇ؟ ھازىرمۇ توختاغلىق تۇمامدا مانا. ئۇنىڭدىن كۆرە ما ئىدەملىنى بىر ماشىنىغا ژىغىپ بىرسىڭلا ماڭغاچ تۇساڭلا، قاغىنىڭلا توختاپ تۇساڭلىمۇ بولاۋېرىدىغۇ.

— بىر تاشقارىي ئۆلەپ كەتكەن بىلەن ھەممە ئىش تۈگەپ كەتمەيدا. يانا شۇ تىرىكچىلىك لازىم بولىدا، قايلاڭلا.

— بۇگەن يېرىم كۈن تىرىكچىلىك قىپقاسا دېۋانە بولاپ كېتەسلىما؟ سىلى-بىزمۇ ئۆلمىزغۇ بىر كۈن. ئۆلگەندە جىنازىنىڭ بىر پۈتىغا ئېسىلىپ ماڭامىغان ئادەمىنمۇ يولداش، قان-قېرىنداش دېگىلى بولامدا؟ نەچچە يىل بىر يولدا قىستىلىشىپ مېڭىشىپ، كۆلاچ-ئامبۇر سورۇشۇپ، بۇزۇلغاننى سۆرۈشۈپ يولداش بولاپ، بۇگۈن بىر كۈنلۈك قىژامەتلىك پەرزنى ئادا قىلامىساق خەخلە نېمە دە؟ بۇ بىژملە يول تالىشىپ، پۇل تالىشىپ ئەپ ئۆتمەپتىكە، بىزسى ئۆلسە قاغىنى خوش بولىشاپ ئۆلۈمگىمۇ كەممەپتۇ دەپقالماسىما؟ تۆت كۈنلۈك ئالەمدە بىر-بىرىمىزنىڭ قەدرىگە يېتەلمەي ئۆتىدىكەنمىز.ئۆلگەندە بوسىمۇ ئۆلەمنىڭ يارىشىغنى قىپ، ئۇۋۇ مېيىت ئىگىلىرىگە سەۋر-تاقەت تىلەپ، ئۇزۇن چاپانلىرىمىزنى كىيىپ ھازىدارلارنىڭ قاتارىدا تاشقارىينىڭ ياخشى بۇرادەرلىرىدىن بولاپ ئابروينى قىپ، رەھمەتلىكنى ئىززىتى بىلەن ئۇزاتساق، ھە — بىز قاسمىزنىڭ ئۆلۈمگىمۇ خەخلە ئىشۇنداغ كېيەممەمدا؟

— سىلى بىژمۇنچە كوتۇلدىغان بىلەن، — قوش كىشلىك ئورۇنغا سىڭار يانپاش بولۇپ گەپكە قېتىلماي جىمجىت ئولتۇرغان نۇراخۇن شوپۇر گەۋدىسىنى سەل-پەل قىمىرلىتىپ سۆزگە ئارىلاشتى، — بىز ئىدەمنىڭ ئۆلۈمنى دەپ بىر ژۇتنىڭ قاتنىشى بىرە سائەت توختاپ قالسا بولامدا؟

— بولىدا! - پالتاخۇننىڭ ئىمدى راستىنلا جۇدۇنى ئۆرلىگەندى، — مەنمۇ بىر ئىدەمنى سوقۇۋېتىپ، ئۇنى داۋالىتمە، تۆلەم تۆلەيمە دەپ ھەممە نېمەمدىن ئايرىلىپ، مۇشۇ توكلۇق ھارۋا بىلەن قالدىم. ھەقاسىڭلا كىچىكنى چوڭغا ئالماشتۇرۇپ يوغان-يوغان جوڭبالارغا مىنىپ، ئوقتىڭلا ئۈستۈن بولاپ قاغاندا چوڭ ماشىننى ئۆششاق يول، ئۆششاق ئىشلارغا ساماي ئىدەم ياراتمىغىدەك بولاپ كەتتىڭلا. قاسىڭلا يېرىم كېچە بوغاندا تاتلىق ئۇيقاڭلىنى بۇزۇپ ، يوغان جوڭبانى كاتاڭلىق مەلە يوللىرىدا جاقىلدىتىپ ھەيدەپ تۇغۇتلۇق بىماردىن بىرەسنى جىددىي قۇتقۇزۇشقا ئاپىرىپ باقتىڭلا؟ مانا، رەھمەتلىك تاشقارىي سىلە ياراتمايدىغان ئىشۇ ئالتە كىشلىك قوڭغاز ماشىنىدا قانچە-قانچە تاتلىق-شېرىن ئۇيقۇسىنى بۇزۇپ، يېرىم كېچىدە داۋازا تاقىلداتقان ھاجەتمەنلىنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلغان. مۇشۇ تاشقارىي بولغاچقا يېزىمىزدىكى نەچچە يۈزلىگەن بوۋاق، نەچچە يۈزلىگەن ئايال ۋاقتى-قەرەلىدە دوختۇرغا يەتكۈزۈلۈپ تىنىچ-ئامان قاغان. قېنى قاسى يوغان جوڭبا ھەيدىگەن نوچى تاشقارىيدەك ساۋاپلىق ئىشتىن بىژنى قىلالىدۇق؟! بىر پۈتۈن ژۇتنىڭ ژىغىسىغا ژىغا، غېمىگە غەمداش بولالىغان تاشقارىيدەك ئوغالبالىنىڭ ئۆلۈمنى ئۇزۇتۇش ئۈچۈن مۇشۇ ژۇتنىڭ قاتنىشى بىر سائەت توختاپ تۇرۇشقا ئەرزىيدا!... مۇشۇنداغ ئوغالبالىنىڭ جىنازىسىنى بولسىمۇ كۆتۈرەپ تۇپراق بېشىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن بىر سائەت قاتناش توختىسا يامان بولامدىكە؟ ھاياتلىقتا شۇرەمەتلىككە ئەڭ ئاخىرقى قولدىن كەلگەن ئادىمەتچىلىك پەرزنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ، يولداش-قېرىنداشلىق مېھرىنى ئاخىرقى سەپەرە بولسىمۇ يەتكۈزۈش ئۈچۈن مۇشۇ ژۇتنىڭ قاتنىشى بىژدەم توختاپ قالسا چىم خاپولاپ كېتە! ھېچكىم خاپومايدا. تېخى— ژۇتنىڭ بېشىغا كۈن چۈشۈپتا، خۇپتەندە، يېرىم كېچىدە، تاڭغا يېقىن بىمەھەل باشقا كۈن چۈشسە نەدىن دېسە شۇ يەدىن ھەدەپ جانغا ئەسقاتىدىغان بىزنىڭ تاشقارىي شوپۇ تۈگەپ كېتىپتا. شۇسەۋەبلىك ئۇنىڭ يولداش-كەسپداشلىرى، ئاداش-ئاياشلىرى ھازىدار بولاپ قاپتۇ. ژۇتنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىر يوقتىشقا چىدىيالماي، بۇرادىرىنى يوسۇن-يارىشىقى بىلەن ئۇزۇتۇش ئۈچۈن مېيىتقا ھەمراھ بولاپ قاپتا. شۇڭا ژۇتنىڭ قاتنىشى توختاپتا دەپ سىلى-بىزدىن سۆيۈنۈشىدا. دۇئا قىلىشىدا!...

پالتاخۇن سۆزلەۋېتىپ كۆزلىرىدىن تارامالاپ ياش تۆكۈلدى. قارىغاندا تاشقارىينىڭ ئۆلۈمىدىنمۇ بەكرەك ماۋۇ يولداشلىرىنىڭ بىپەرۋا-ۋاپاسىزلىقىدىن ئاغرىنغىنى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ، قىيىدىغان، خاپا بولغان، ئازابلانغان، ئاچچىقلانغان ھالدا

ھارۋىسنى تارتىپ ئارقىغا بۇرۇلدى.

پالتاخۇن ھايالدىمىدىكى پۇتلاشقان بازارنى ئاۋايلاپ ئارىلاپ ئۆتۈپ تۆت كوچا دوقمۇشىدىن غەرب تەرەپكە ــ تاشقارىيىنىڭ ئۆيى تەرەپكە بۇرۇلۇۋىدى، ئالدىدىن قىزىل رەڭلىك ئالىي پىكاپ چىقىپ قالدى. پىكاپ ھەيدىگەن ياش بالا پالتاخۇنغا قارىتىپ سىگنال بېرىپ پىكاپنىڭ تۇمشۇقىنى يېقىن ئەگىتىپ چاقچاق قىلىپ قويۇپ ئۆتۈۋىدى، پالتاخۇن ئالدىراپ ـ تىنەپ شوپۇر بالىنى شەرەتلىدى. شوپۇر بالا پالتاخۇننىڭ ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە شوپۇرلۇقتا بىرگە ئوقۇغان ساۋاقدىشى ئىدى. ھازىر قايسىبىر باشلىقنىڭ پىكاپىنى ھەيدەيتتى.

ياش بالا پىكاپنى تورمۇزلاپ توختىتىپ، ئەينەكتىن بېشىنى چىقاردى:

ــ پالتىكا، ئەۋال قايداغراق؟ ــ ئۇ دايىم چاقچاق قىلىپ پالتاخۇننى پالتىكا دەپ ئاتايتتى.

ــ مېنىڭ ئەۋالىمنى سوما، ئاداش، ــ دېدى پالتاخۇن توكلۇق ھارۋىسنى بىر چەتكە توختىتىپ قويۇپ ئاغىنىسى بىلەن كۆرۈشۈپ، ــ يامان خەۋە با. تاشقارىي تۈگەپ كېتىپتا!

ــ ماگەۋا، ئابايام دوختۇرخانىغا چىركىتىپ بارىتىغۇ تېخى؟

ــ شۇ. دوختۇرخانىغا بىر تۇغۇتلۇق ئايالنى ئەكەپ قوياپ چىقىپ ئانگىياغى بوغان ئىش بۇ.

ــ ۋۇيي! ــ شوپۇر بالا چىرايىنى ئۆزگەرتىپ ياقىسىنى چىشلىدى، ــ توۋا خۇدايىم، قايداغ زامان بولاۋاتىدا؟ ھېلى كۆگەن ئىدەم ھېلى يوق!...

ــ شۇنى دەگلا، ــ پالتاخۇن مەڭزىگە دومىلىغان بىر تامچە يېشىنى رېمونتچىلىق قىلىپ قاپقارا بوپكەتكەن قوپال بارماقلىرى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ ساۋاقدىشىغا ئىلتىجا بىلەن قارىدى:

ــ نامىزىغا بېرىپ كېلەمدۇق؟

ــ ئەستا! ــ ساۋاقدىشى خىجىل بولغاندەك كۈلۈمسىرىدى، ــ مەن بارامايدىغان ئوخشايمە.

ــ نېمشقا؟ ــ ئەندىكىپ سورىدى پالتاخۇن.

ــ باشلىقىم ھېچيانغا مىدىلىما دېگەنتى.

ــ بىژيەگە تامەششىگە ئەمەس، نامازغا بارىسەنغۇ.

ــ شۇنداغ بوسىمۇ...

ــ جېنىم ئاداش، ــ پالتاخۇن يىلىنغاندەك ئاھاڭدا ئېيتتى، ــ رەھمەتلىك تاشقارىي بىلەن سەن ـ بىز ئۇزاق يىل بىزىنىڭ ماشىنىنى تالىشىپ ھەيدەپ چوڭ بوغان. بىرسى ـ بىرسىمىزدە ئىدىمەتچىلىك ھەققىمىز كۆپ. تىرىكلىكتە بىر ـ بىرسىمىزگە بۇ ھەقنى قايتۇرالمىغان بوساقمۇ، ئەمدىلىكتە بوسىمۇ مېيىتنىڭ يېنىدا قول باغلاپ تۇرۇپ، جىنازىسىنى كۆتۈرۈشۈپ، يەرلىكىگە ئېچچىرىشىپ دۇئا قىلىپ قايتساق رەھمەتلىكنىڭ روھى خوش بولاپ قالىتى. بىز يولدا ماڭغان، يېقىن ساناشقان كىشىلە بامىساق رەھمەتلىكنىڭ روھى بىزنى ئىزدەپ قالىدا. خەلقئالەممۇ بىزنى ئەيىپلەيدا. ئاداش، ئۇنداغ قىمماي خەلقئالەمنىڭ ئالدىدا رەھمەتلىكنىڭ روھىنى قورۇندۇرۇپ قويمايلى. رەھمەتلىكنىڭ ياشىنىپ قاغان دادىسى با. شۇكەمدە ئاقساقال نېمىلەر بولاپ كەتتى دېگىنە. ئوغلىنىڭ ئورنىدا يېنىدا بىژدەم ـ يېرىمدەم تۇرۇپ بەمسەك بولامدا؟!...

ــ ئۇ دېگىنىڭغۇ توغرا، ئاداش، ــ شوپۇر بالا بېشىنى چايقاپ قويدى، ــ لېكىن باشلىقىمنىڭ ئىشى چىقىپ قاسا قايداغ قىلىمە؟

ــ بۇ ئاسانغۇ، ــ پالتاخۇن ساۋاقدىشىغا ئەقىل كۆرسەتكەندەك قوللىرىنى يېنىك شىلتىپ قويدى، ــ تېلېفون قىلىپ مانداغ ـ مانداغ ئىش دەپ قويساڭ بولىدىغۇ؟

ــ ئەگەر باشلىقنىڭ ئاچچىغى كېپقېلىپ بىراقلا كۆتۈمگە تەپسە قايداغ قىلىمە؟

پالتاخۇن ساۋاقدىشىنىڭ ئاغزىغا قاراپلا قالدى. ئارتۇقچە گەپ ـ سۆز قىلىشنىڭ ئورنى قالمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئارقىغا بۇرۇلۇپ توكلۇق ھارۋىسىغا پۇتىنى ئارتقاچ غودۇڭشىدى:

ــ ئەسلى كۆتۈڭ ئۇچۇن ياشاپ كېپسەن ـ دە!

پالتاخۇن يەنە نېمىلەرنىدۇر غودۇڭشۇپ توكلۇق ھارۋىسنى قوزغاتتى. بىراق ئەبجەق توكلۇق ھارۋىسىنىڭ غوڭۇلدىشى ئۇنىڭ يەنە نېمە دەپ غودۇڭشىغىنىنى بېسىپ كېتىپ ئاستا ـ ئاستا يىراقلاپ كەتتى...

2008 ـ يىل دېكابىر، سەھرايى ئەرمۇدۇن

---

ئاپتور: قىرغىز، يېڭىشەھەر ناھىيە ئەرمۇدۇن يېزىسى قىرغىز مەھەللىسىدە دېھقان(M1)

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە «ئىزچىلار» كىتابخانىسى تەرىپىدىن توپ تارقىتىلىدۇ. كىتاب ـ ژۇرنال تىجارەتچىلىرىنىڭ «ئىزچىلار» كىتابخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىشىنى سورايمىز.

كىتابخانا ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھەر «غالىبىيەت» يولى 100 ـ نومۇر، ئالاقىلىشىش تېلېفونى: 2850601 ـ 0991، ئالاقىلەشكۈچى: نۇرشاد ھاكىم



# بوۋاينىڭ پاقلىرى

(ھېكايە)

بۇۋىسارەم يۇسۇپ

كىشىگە بەرسەم ئىسسىق ئېشىم،
ئۆيدە تۇرۇپ سەپەر ئېشىم.
— ئۇيغۇر خەلق ماقالى (مەسئول مۇھەررىردىن)

چېكە تومۇرلىرى ئېپتاپتا كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن مەستەك تېرىلىرىنى قاپارتىپ چىققان، خېلىدىن بېرى بازارغا بارالمىغانلىقتىن ياستۇۋېلىشقا ئىمكان بولمىغان ساقاللىرى ئۆسۈپ چاڭگىلىشىپ كەتكەن ھېيت بوۋاي دائىملا يېتىلىۋالىدىغان پاقلىنى ئېتىزنىڭ بىر بۇلۇڭىدىكى يۇمران چۆپكە قويۇپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇسسۇزلۇقتىن سولاشقان قوناقلىرىنىڭ تۈۋىدىكى ياۋا چۆپلەرنى ئوتىغۇچ بىلەن قىرىپ، تۈۋىگە توپا يۆلەشكە باشلىدى.

بوۋاي ھەر بىر تۈپ قوناقنىڭ تۈۋىگە توپا يۆلىگەندە، قوناقلىرىغا قاراپ ئىچى سىيرىلەتتى. ئۇنىڭ پەقەت مۇشۇ بىرلا ئېتىز قونىقى بار ئىدى. باشقا ئېتىزلىرى سۇ يېتىشمەي ئوسا قىلالمىغانلىقتىن شۇدىگەر تاشلىنىپ قالدى. ئەمدى مۇشۇ بىرلا ئېتىز قونىقى ئۈچۈن ۋاقتى-قەرەلىدە سۇ كېلىپ بەرگەن بولسا بەكمۇ ياخشى بولغان بولاتتى. لېكىنزە، سۇدىن ھېچبىر خەۋەر يوق ئىدى. ئۆستەڭدىغۇ خېلى جىق سۇ ئېقىۋاتاتتى. لېكىن مۇشۇ مەھەللىگە سۇ بېرىلمىگىلى خېلى ئۇزۇن بوپكەتسىمۇ يەنىلا سۇ ئېلىنمايۋاتاتتى.

«ھەي ي...—دەپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى ھېيت بوۋاي چۆپنى يۇلغاچ، —ھېچبولمىسا ئاسماندىن بولسىمۇ يامغۇر چۈشسە خېلى پايدىسى بوپقالاتتى. زېمىندا قۇرغاقچىلىق بولسا ئاسماندىمۇ تەڭ بولىدىغان ئوخشايدۇ. بۇ يىل، سۇ قىس بولغانسېرى ھاۋامۇ شۇنچە قۇرغاقلىشىپ، ھەممە جاھان توپا-تەرەتنىڭ ئىچىدە قالدى. ھەي ي...»

ھېيت بوۋاي يەكتىز بولۇپ ھە دەپ چۆپلەرنى يۇلاتتى. چۆپلەرنى يۇلغاچ ئويلىناتتى. «تۇۋا، يە-جاھان قۇرۇپ، زېمىن قۇرغاقچىلىقتا قاسا زىرائەتلە قۇرۇپ كەتسىمۇ ماۋۇ چۆپلە قۇرىمايدىكىنا. چۈجگۈن ئوتىنىڭ بويى قوناق بىلەن تەڭلەشكىلى تۇرۇپتا...» بوۋاي خىيال ئىچىدە چۆپنى يۇلۇۋېتىپ قۇلىقىغا سۇنىڭ شىرقىرىغىنى ئاڭلانغاندەك بولدى. ئۇ ئۆز تۇيغۇسىدىن ئۆزى كۈلۈپ كەتتى: «توخۇ داڭگال چۈشەيدا، ئەچكۈ جاڭگال دەپ، قوناقلىرىم ئۇسساپ كەتكەندە قۇلاقلىرىممۇ سۇنىڭ شاقىرىغىنىنى ئاڭلايدىغان بولاپ قاپتۇ. تۇۋا...»

لېكىن ھېيت بوۋاينىڭ ئارقىسىدىكى قۇرۇپ چاك-چاك يېرىلغان ئېرىقتا راستىنلا سۇنىڭ شارقىرىغىنى ئاڭلىنىۋاتاتتى. بوۋاي ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەي ئاغرىغان بېلىنى رۇسلاپ ئۆرە بولدى. ياشاڭغىراپ، كۈن نۇرىدا قىسىلىپ كەتكەن كۆزلىرى بىردىنلا چاقناپ كەتتى. ئېرىقتا لىق سۇ كېلىۋاتاتتى.

— خۇداغا شۈكۈر،—دەۋەتتى بوۋاي ئۈنلۈك ئاۋازدا، — راستىنلا سۇ كەپتۇ-دە، مانا.

بوۋاي قىر بېشىغا چىقىپ يۇقىرى تەرەپكە قارىدى. باشتا ھېچ ئادەم كۆرۈنمەيتتى. ئېرىقتا قاپقارا لاي سۇ ئەخلەت-چاۋارلارنى قوشۇپ ئېقىپ كېلىۋاتاتتى. بوۋاي ئالدىراپ قالدى. بوۋاينىڭ ئېتىزى سالانىڭ ئەڭ ئاخىرى بولغاچقا، بۇ سۇ يەنە سەل-پەل ئاقسا سالانىڭ ئايىغىدىكى زەيكەشكە چۈشۈپ كېتەتتى.

« باشتىكىلە سۇنى نېمىشقا توسمىدىكىنا؟ بۇمۇ بىر ھېساپتا بەلەن بولدى. دائىما يەنىڭ ئايىغى دەپ ئاخىرىدا سۇ چىقمىدىغان بىچارە ئېتىزىم بىر نۆۋەت باشتا سۇ ئىچىدىغان بولدى!»

بوۋاي بۇنداق تاسادىپىي سۇ كېلىشىدىن خەۋىرى بولمىغاچقا كەتمەن ئېلىۋالمىغانىدى. يەنە بىردەم بىخەستەلىك قىلسا قاندىن ئەزىز بولۇۋاتقان سۇ زەيكەشكە زايە بولاتتى. بوۋاي يېشىغا ماس كەلمىگەن چاققانلىق بىلەن ئازراق ئەخلەت-چاۋار يىغدى. نېرىراقتىكى قىر بېشىدا سېرىقتال بولغان جىگدىنىڭ بىر تال

شىخنى قىينىلىپ يۈرۈپ سۇندۇرۇۋېلىپ ئۇيرىققا توغرىسىغا قويدى. ئاندىن ئەخلەت ـ چاۋارلارنى ئالدىغا تاشلىۋىدى، ئەخلەت ئاز كېلىپ سۇ قايمىدى. بوۋاي يۈگۈرۈپ يۈرۈپ قوناقلىرىدىن بىر قۇچاق يۇلۇپ كېلىپ تاشلىدى. سۇ ئاستا ـ ئاستا قوناقلىققا قېيىشقا باشلىدى.

ئىچىق نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئوچۇق ئىدى. قايغان سۇ تېزلا ئېتىزغا كىرىشكە باشلىدى. سۇ كىرگەن جاي بولدۇق ـ بولدۇق قىلىپ كۆپۈك چىقىپ قاينايتتى. بۇ، يەرنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چەككە يەتكەنلىكىنىڭ بەلگىسى ئىدى. سۇ كىرگەن جاينىڭ قوناقلىرى شۇ زاماتلا ياشىرىۋاتقاندەك بولۇپ، قۇلاقلىرى تىكلىنىشكە باشلىدى.

بوۋاي شاخ باسقان توغاننىڭ ئاستىدىن قېچىپ كېتىۋاتقان سۇغا قىيالمىدى. گەرچە ئازلا سىزىندى سۇ بولسىمۇ زەيكەشكە زايە بولغاندىن كۆرە بىر پۇڭ يەرگە كىرگىنى ئەۋزەل ئەمەسمۇ دەپ ئويلاپ، يەكتىكىنىڭ ئېتىكىگە توپا ئۇسۇپ ئەكېلىپ شاخ توغاننىڭ ئالدىغا تۆكۈشكە باشلىدى. قۇرۇتەك مەدرىلاپ يۈرۈپ ئالاھازەل يېرىم سائەتلەردە توغاننى تولۇق كۆمۈۋالدى. ئەمدى سۇ ئىسراپ بولمايتتى. بوۋاينىڭمۇ كۆڭلى تىندى. تەرلەپ دۈمبىسىگە چاپلىشىپ كەتكەن يەكتىكىنى يېشىپ مەيدىسىنى ئېچىۋەتتى. مەستەك قورساق تېرىلىرى ئارىسىدىن قوۋۇرغىلىرى سانىۋالغۇدەك كۆرۈنەتتى.

بوۋاي پاقلىننى باشقا جايغا يۆتكەپ قويدى. ئېتىزغا پورۇقلاپ سىڭىۋاتقان سۇ خۇددى ئۆزىنىڭ تومۇرلىرىغا، بەدىنىگە سىڭىۋاتقاندەك راھەتلىنىپ قالدى. ئۆزىچىلا قايسىدۇر بىر ناخشىغا غىڭشىشقا باشلىدى.

بوۋاينىڭ ئېتىزى ئەمدىلا يۈزىنى ئېلىپ تۇرۇۋشىغا سۇ پەسلەپ كەتتى. بوۋاي ئېتىزنىڭ سۈيى چىقىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئېچقنى بايىقىدەك ئېتىكىدە توپا ئەكېلىپ كۆمۈۋالدى. «سەل كېمى باتى. مۇشۇنىڭغىمۇ شۈكۈر. قاغانلىمۇ پايدىلانسۇن. باشتىكىلە توسقان ئوخشايدا. ئەمدى سۇ سىڭىپ كەتمەستە ئوغۇت ئېككىلىپ چېچىۋالاي...»

بوۋاي يۈگۈرۈپ ـ مۇدۇرۇپ ئۆيىدىن بىر چارەك ئورىيا ئوغۇتنى يۆدۈپ كەلدى. ئۇ، تامبىلنى يوتىغىچە تارتىپ تۈرۈۋالغاندىن كېيىن ئوغۇتنى پاقلىنغا سۇ بىرىدىغان كىچىك داسقا بۇلۇپ قوناقلىققا چېچىشقا باشلىدى. كىچىك بالىنىڭ بىلىكىدەك كېلىدىغان تۈكلۈك پاقالچاقلىرى سۇدا لۆمۈلدەپ كەتكەن پاتقاققا پېتىپ سەنتۈرۈلەتتى. ھەر قېتىم پۇتىنى يۆتكىگەندە كېينىكى پۇتنى لايدىن تارتالماي قىينىلاتتى. ھەتتا بىر قانچە قېتىم لايغا زوڭ ئولتۇرۇپمۇ قالدى. پۈتۈن ئەزايى ـ بەدىنى چىلىق ـ چىلىق تەرلەپ، لايغا مىلىنىپ كەتتى. لېكىن قىلچە چارچاش ھېس قىلمىغان ھېيت بوۋاي ئېتىزغا سۇ كىرگىنىگە خۇش ئىدى.

بوۋاي دەلدۈگۈنۈپ يۈرۈپ ئوغۇتنى چېچىۋېتىپ، ئېتىز بېشىغا كېپقالغان بەش ـ ئالتە كىشىنى بايقىماي قالدى.

ـ مارەك بوسۇن، ما ئەدەمنىڭ خىيالىدا يوق ئوغۇت چېچىپ كەتكىنىنى، ـ دېدى ئارىسىدىكى بىرەيلەن تاماكا تۇتاشتۇرۇۋېتىپ.

بوۋاي بۇرۇلۇپ قاراپ كەنتنىڭ سۇ كادىرىنى، چوڭ ئۆستەڭنىڭ سۈيىنى ياقىلايدىغان يېزىنىڭ سۇ كادىرى باشلىق بىر نەچچەيلەننى كۆردى.

ـ ھە، نېمىش قىۋاتىمىز؟ ـ سورىدى ھېلىقى كىشى بوۋايغا ھومىيىپ.

ـ ئوغۇت چېچىۋاتىمە شۇ.

ـ ئوبدان بولاپتا. مەكەسلە.

ـ مانا ئاز قالدى، ئۇكام. بىژدەمدىلا تۈگەيدا. ھېلى يەننىڭ سۈيى سىڭىپ كەتسە...

ـ قايداغ ئىدەم سىلى ئاكاۋا. ئاكامدىن بىر نېمەم چوڭ دەپ، بىژ ئىدەم قىچىرىۋاتسا خىيالىدا يوق ژۇرۈيدا.

بوۋاي ئامالسىز قايتىپ چىقتى. داسنى قويۇپ بايىقىلار بىلەن بىر ـ بىرلەپ كۆرۈشۈپ چىقتى.

ـ سۇنى چەمدىن سوراپ ئاچتىلا؟

بوۋاي مەڭدەپ قالدى.

ـ ئۆزىلا كېپقاپتىكەن.

ـ ئوھ! ھەجەپ خەخنىڭ يېرىگە كېپقاماي سىلىنىڭ يەگە چىرىپ قاپتىيا سۇ.

ـ شۇ. قوناق ئوتاۋاتاتتىم. قايلىسام سۇ كېپقالدى.

ـ نەدە ئۆزى سۇ كېپقالىدىغان ئىش با؟

ـ بىلمىدىم، ئۇكام. مەن تېخى ھە قاسلىرىنىڭ خەۋىرى با ئوخشايدۇ دەپتىمە.

ـ قايداغ قىلىمىز ئەمدى؟

ـ نېمىنى دەيلا، ئۇكام؟

ـ يەگە ئاچقان سۇنى. جەرىمانە تۆلەملا.

ـ ئۇكام، مەن ئاچمىدىم. ئۆزى كېپقالدى شۇ.

ـ ئەمىسە ئاۋۇ توغانمۇ ئۆزى سىلىنىپ قالدى؟ ما ئوغۇتمۇ ئۆزى چېچىلىپ قالدى؟ شۇندامىا؟

بوۋاي ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ تۇرۇپلا قالدى. بىر دەمدىلا نېمە ئىش بوپكەتتى دەپ تەمتىرىگىنىدىن پۇت ـ قولىدا جان قالمىدى. رەڭگىمۇ ئۆڭدى.

ـ ئۇكام، ماڭا قايلىسىلا. مەن قوناق ئوتاۋاتاتتىم. سۇ كېپقالدى. قايلىسام ھېچبىر ئىدەم يوق. ئاينا ـ ئۇۋۇ زەيكەشنى كۆردىلىما؟ بۇ سۇ ئېقىۋەسە ئىشۇ زەيكەشكە چۈشۈپ كېتىدا. باكا ئىسراپ بومىسۇن دەپ، كەتمەنمۇ يوق ئاينا...

ـ بولدى ـ بولدى. تاققا ـ تۇققا گەپ قىلىدىغان ئىدەمكەنلا. سىلىمۇ ئۆزى كېپتۇ دەپ ئاچسىلا، ئاندىن ما قوشنىلىرىمۇ ئۆزى كېپتۇ دەپ ئاچقىلى تۇسا، ما سۇنى بىز باشقۇرامدۇق ـ يوق؟

ـ لېكىن ئۇكام...

ـ لېكىن جىق گەپ بىلەن خوشام يوق ئاكا مېنىڭ. يە چېمىنىڭ؟

ـ مېنىڭ.

ـ سۇ چەدىما؟

ـ چەدى.

ـ ئەمىسە ئىشككى يۈز كوينى ئاسلا شاققىدە.

ـ ھوي ـ ھوي، ئۇكام، مۇشۇ قوناقلىقتىن ئىشككى يۈز كويلۇق قوناق چىقامىا؟ ھەللىدىرەك گەپ قىسىلا بى.

ـ ئىشككى يۈز كويلۇق قوناق چىقمىسا نېمىدەپ سۇ ئاچىلا، تاشلىۋەتمەي؟!

www.uygurkitap.com

— ئەمىسە زەيكەشكە چىرىپ كەتسە بولاپتىكەن-ھە؟— بوۋاي ئىختىيارسىزلا تەئەددىي قىلىپ سالدى ئۇلارغا.

— زەيكەشكە چىسمۇ، يەگە چىسمۇ بومىمايدا.

— ئەمىسە نەگە چىرىدا؟ - دېدى بوۋا چىدىماي.

— چىرىدىغان يەنى دەپپەسەم سەت تۇرىدا. دادام قاتالىق ئەدەمكەنلا. پۇل ئاسلا، مېنى سوراق ئەتمەي.

بوۋاي ئامالسىز قېلىۋاتاتتى. بۇ كادىرلار بىلەن تەڭ تۇرۇشسا كېيىن زىيان تارتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. پۇلنى بېرەي دېسە بىكاردىن-بىكارلا پۇل تۆلەشكە ۋىجدانى قويمايتتى. ئۇ، كەنتنىڭ سۇ كادىرى يىگىتكە يېلىنىش نەزىرى بىلەن قارىدى:

— ئۇكام، ئىككىمىز بىر مەللىلىك بوغاندىكىن، سەن بىر گەپ قىپ قويە.

— مەن نېمە دەيمە؟

— مەن نېمە دەيمە دەيسەنغۇ؟ بۇمۇ ھۆكمەتنىڭ بەگەن يېرى. سۇ ئاچىدىغانغا ھەققى با يە ئىدى. قەستەن ئوغۇلماپتۇ، ئۆزى كېپقاغان سۇنى ئىچىپتۇ دېمەمسە مانداغ،— دېدى بوۋاي جۇدۇنى ئۆرلەپ.

— قايلىغاندا، بۇ ئىدەم گەپ يېمەيدىغان ئوخشايدا، ئەمتاخۇن، — دېدى ھېلىقى كىشى كەنتنىڭ سۇ كادىرىغا قاراپ،— بولدى، كېتەيلى. سىلە ئەمدى شودىيگە[1] ئالدىغان سۇنى بىز بەگۈمىز كەلگەندە ئالاسلە. سىلىنىڭ ئىدەملە بىز بەمىسەكمۇ ئاچالايدىكە ئەمەسما.

كەنتنىڭ سۇ كادىرى ئەمدى بوۋاينىڭ ئالدىغا توغرا ئۆتتى:

— نېمداغ جايىللىق قىلسە-ھە؟ سېنى دەپ بىر شودىينىڭ سۇيى پەشۋا يېسە خەخلە قايداغ قىلىدا. ئۇنىڭدىن كۆرە غاچچىدە بەسەڭ بومامدا؟

— ئۇكام، سىلە غاچچىدە خەجلىيەلىگەن بىلەن، مەن غاچچىدە خەجلەيدىغان جىق پۇلام يوق.

— ئەمسە مۇشۇ نەچچە سالا يەنىڭ سۇيى پەشۋا يەپكەتسە قايداغ قىلىمىز. خەخلە ئالدى-ئاقاڭدىن تىللىماسمۇ سېنى. بىر-ئىككى كۈن چىداپ تۇساڭ بومامتى سەنمۇ.

بوۋاينىڭ بېشى ئايلىنىپلا كەتتى. يەنە دېسە يەنە شۇ گەپ. يەنە چۈشەندۈرسە يەنە شۇ گەپ.

— مانداغ قىللى، — دېدى كەنتنىڭ سۇ كادىرى سالا قىلىپ، — يېنىڭدا پۇل بومىسا مەن بېرىپ تۇراي. كېيىن بېرەسە.

— كېيىن ساڭا نەدىن تېپىپ بېرىمە.

— تاپامىساڭ بىر ئىش قىلاسە. يا ماۋۇ چىشقاق پاقلىنىڭنى بېقىپ قويامە بومىسا.

— ياق، ئۇكام، پاقلىنىمنى سورىما. مەن تىنغ جان بوغاچقا ئۇنىڭ مەرىشى بىلەن كۆڭلۈمنى ئاۋۇندۇرۇپ كېۋاتىمەن. شۇڭا...

تېخى گەپنىڭ ئايىغى چىقماستا كەنتنىڭ سۇ كادىرى يېنىدىن ئىككى يۈز يۈەننى ھېلىقى كىشىگە ئۇزاتتى:

— سىلىمۇ خاپومىسىلا، بىزنىڭ ئىدەملە سەل ئالدىراپ قاغان ئوخشايدۇ. بۇنداق ئۇششاق ئىشلىنى دەپ بىر شودىينىڭ سۇيى تەسىرگە ئۇچرىسا بوماس. مانى سېپقويسىلا، شودىيگە سۇ ئالغاندا يانا بىر ئىش بولاپ قالا.

— بولدى-بولدى، مەن ئانداغ خىدخ رازى بولاپ بەمىگەن پۇلنى ئاممايمەن. سىلە سۇ لازىم بوسا سوجاڭنى[2] ئىزدەڭلا. مەن كەتتىم، — دېدى ھېلىقى كىشى ناز قىلىپ قېيداپ.

— ئۇنداغ قىممىسىلا. خاپومىسىلا. بۇ ئىدەم مۇشۇنداق كاژ ئىدەم، مانى ساسلا دەيمەن، — دېگىنىچە كەنتنىڭ سۇ كادىرى زورلاپ يۇرۇپ پۇلنى ھېلىقى كىشىنىڭ تۆش يانچۇقىغا پۇرلەپ تىقتى.

بوۋاي قىر ئۈستىگە لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى. بايىقى خۇشلۇقى بىردەملىك بولغاندى. ئۇ ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ يولدا توپا تۇزۇتقىنىچە يىراقلاپ كېتىۋاتقانلارغا، ئاندىن سۇيى سىڭىپ بولغان ئېتىزىغا، تېخى چېچىلىپ بولمىغان ئوغۇتىغا ئەلەملىك قاراپ قويدى. خىيال سۇرۇپ ئولتۇرۇپ كۈننىڭ كەچلەپ قالغىنىنى سەزمەيلا قالغاندى.

بوۋاي ئاستاغىنە ئورنىدىن تۇرۇپ پاقلىنىنى باغلاقتىن يەشتى. ئېغىر قەدەملەر بىلەن يېتىلەپ ئۆيىگە كەلگەندە، دەرۋازا ئالدىدا تۇرغان ئايالنى كۆرۈپ توختىدى.

— ئىنىم سىلىدىن بىر پاقلان ئاغانلىقنى دېگەنتى. ئىككەتەي دېۋىدىم ... مۇشۇما؟

بوۋاي چىش يېرىپ بىرنېمە دېگۈچە قولىدىكى تانا ئايالنىڭ قولىغا چىقىپ بولغانىدى. ئۇ، چىرايىنى پۈرۈشتۈرگىنىچە غۇدۇرىدى:

— نېمدېگەن ئورۇق پاقلان بۇ؟ ئىشككى يۈز كويغا يارىمىغۇدەك...

بوۋاي داڭقېتىپ ئولتۇراتتى. ئۆيىدىن يىراقلاپ كەتكەن پاقلاننىڭ مەرىشى بەكمۇ يىراقتىن ئاڭلانغاندەك قىلاتتى.

---

[1] شودىي - شياۋدۈي(小队) - ئەسلىي خەلق كوممۇنىسى دەۋرىدىكى ئەڭ كىچىك تەشكىلىي بىرلىك — ئىشلەپچىقىرىش كىچىك ئەترىتىنىڭ ئاتىلىشى ئىدى. خەلق كوممۇنىسى ئەمەلدىن قالغاندىن كېيىن «گوڭشې— 公社» (كوممۇنا) يېزىغا، «دادۈي« (大队— ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتى) كەنتكە، «شياۋدۈي» ئاھالىلەر گورۇپپىسى(بۇرۇنقى مەھەللە)غا ئۆزگەرتىلگەن. گەرچە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى يەر - جاي ناملىرى تاختىلىرىغا ئەسلىي نامى بىلەن ئېنىق قىلىپ «پالانى يېزا»(ياكى بازار)، «پوكۈنى كەنت» دەپ يېزىپ كېلىۋاتقان — كوممۇنا تۈزۈمى بىكار قىلىنغىنىغا 30يىلغا يېقىن ۋاقىت بولغان بولسىمۇ، ھازىرغىچە جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى خېلى كۆپ قىسىم دېھقان ۋە بەزى كادىرلاردا ھېلىھەم يېزا، كەنت، مەھەللىلەرنى «ئانچىنچى گوڭشې»، «ئانچىنچى دادۈي»، «مانچىنچى شياۋدۈي»، ھەم ئۇنىڭ يېگىمچە راۋاجى بولغان «ئانچىنچى يېزا»، «مانچىنچى كەنت»دەپ ئاتاش داۋاملىشىپ كەلمەكتە. ھەتتا بۇ ھالنى «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 2009-يىل 7-مارت سانى 2-بېتىدىكى «ئادەم ئىزدەش ئېلانى»دا «يېڭىسار ناھىيە شەھەر گوڭشې 13-دادۈي، 1-كەنتتىكى...»دېگەن سۆزدىنمۇ كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز. بىزدىن باشقا، جۇڭگونىڭ ھېچ يېرىدە بولمىغان بۇ خىل ئاتاش دىيارىمىزدىكى تارىختىن بۇيان كېلىۋاتقان، ئاتا - ئەجداد، ئاتا-بوۋىلىرىمىز ياشاپ ئاۋۇغان زېمىنلاردىكى يەر-جاي ناملىرىغا نىسبەتەن تۈزەتمىسە بولمايدىغان مەسئۇلىيەتسىزلىك ۋە نومۇسلۇق غەيرىي نورمال ئادەت، ئەلۋەتتە. — مەسئۇل مۇھەررىردىن.

[2]. سوجاڭ — يېزىلىق سۇ باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ باشلىقىنى دېمەكچى.

ئاپتور: كوناشەھەر ناھىيە باغچى يېزا باش بۇچى كەنتىدە دېھقان(M1)



# دۆڭكۆۋرۈكتىكى پاراڭلار

(ھېكايە)

**ئابدۇلئەزىز ئىسمائىل**

«ئەل ئاغزى مايغۇن»

— ئۇيغۇر خەلق ماقالى (مەسئۇل مۇھەررىردىن)

تاغ قاپتىلىدىكى ئەللىك نەچچە تۈتۈنلۈك بۇ پىنھان مەھەللىنىڭ تۆت كوچا دوقمۇشىدا تاش-بېتون بىلەن قوپۇرۇلغان بىر كونا كۆۋرۈك بار. دېھقانلار ئۇ يەرنى «دۆڭكۆۋرۈك» دەپ ئاتىشىدۇ.

ھەر كۈنى قاش قارىيىشىغىلا كۆۋرۈكنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى سېمونت پەشتاقتا — ئۇششاق شېغىل تەكشى چېچىلغان يايسىمان سەينادا 20-30چە ئادەم بىكارچىلىقتا ئۆي-ئۆيدىن يىغىلىپ خەلقئارا ۋەزىيەتتىن ئېلىمىز ۋەزىيىتىگىچە، بەزى پارىخور، خىيانەتچى ئەمەلدارلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن مەھەللىدە يۈز بەرگەن ئۇششاق-چۈششەك ئىشلارغىچە قىزغىن بەس-مۇنازىرە قىلىشىدۇ... ھەققانىي گەپ قىلامدۇ، يالغان سۆزلەمدۇ، قۇرۇق لاپ ئۇرامدۇ، غەيۋەت قىلامدۇ... قىسقىسى، كىمنىڭ نېمە دېگۈسى كەلسە شۇنى دېيىشىدۇ.

بۈگۈن كۈن ئولتۇرماستىلا كۆۋرۈك ئۈستى قايناپ كەتتى. بىر توپ ئادەم روبىرو ئولتۇرۇشۇپ، پۇرقىرىتىپ موخۇركا چېكىپ، كاراسلىتىپ گازىر چېقىشقاچ يەنە گەپ خالتىسىنىڭ ئاغزىنى ئېچىشتى:

— يېزا باشلىقى مەتروزى كالۋاشنىڭ ئىشىنى ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ — شەمشىت ئۈزۈن قولاق بىرىنچى بولۇپ چىش ياردى.

— ئۇ باداڭ قورساق كالۋاش نېمىش قىپتۇ؟

— قۇدۇقتىكى چارپاقىدەك جاھاندىكى ئىشلاردىن بىخەۋەر يۈرۈيدىغان تازا بىر ھاماقەت خەق جۇمۇ سىلە. ئۇ نائەھلى يەرتەۋرەشكە چىدامىلىق ئۆي سېلىش دولقۇنىدىن پايدىلىنىپ، ھۆكۈمەت بىز دېھقانلارغا ھەقسىز ئەكېلىپ بەرگەن خىش، پولات چىۋىق، ياغاچ، سېمونتلارنى كانتىلاپ 100نەچچە مىڭ كويغا خىيانەت قىپتىكەن، قىلمىشى ئاخىرى ئاشكارىلىنىپ ئەملىدىن ئېلىپ تاشلىنىپتۇ.

— خوپ بوپتۇ! «ئەل قىساسى مىنھەلھەق» دېگەن مانا

شۇ.

— دېمىسمۇ ئۇ نائەھلى ھەددىدىن بەكلا ئېشىۋالغاندى. تېخى ئۆتكەن يىلى 280مىڭ كويغا پىكاپ ئېلىپ مىنىپتىكەن...

— 280مىڭ كوي دېدىڭىزما؟! ... يارەببىم!... بارى-يوقى ئون نەچچە مىڭ نوپۇسلۇق كىچىككىنە بىر نامرات يېزىنىڭ باشلىقى شۇنچە قىممەت باھالىق ئېسىل پىكاپتا ئولتۇرسا، ناھىيە باشلىقلىرى ئالتۇن پىكاپتا ئولتۇرىدىغان ئوخشىمامدۇ؟...

— بەلكىم ناھىيىمىزدە ھاكىم، رايون دەرىجىلىك باشلىقلاردىن كېمىدە ئىككى -ئۈچ يۈزى بار. ھۆكۈمەت ھەر بىرىگە ئاشۇنداق قىممەت باھالىق پىكاپ ئېلىپ بەرسە، مىڭ تاغار پۇل كەتتى دېگەن گەپ. مەملىكەت بويىچە ھېسابلىغاندا...

— ھۆكۈمەتنىڭ خەزىنىسىنى مەتروزىدەك مەلئۇنلار قۇرۇتىدۇ!

— مەتروزىغا ئوخشاش ئۆزىنىڭ راھەت-پاراغىتىنىلا ئويلايدىغان ئاچ كۆز ئەمەلدارلارنىڭ كاساپىتىدىن بىز دېھقان خەق نامراتلىق ئاسارىتىدىن قۇتۇلالمايدىغان ئوخشايمىز. مىنگەن پىكاپىغا تۇشلۇق بىزنى باي بولۇشقا يېتەكلىيەلىسە، ئايروپىلاندا ئولتۇرسىمۇ مەيلىتى.

— مەركەز، ئاپتونوم رايوننىڭ سىياسىتى شۇنداق ياخشى. شۇڭا مەتروزىغا ئوخشاش بەتبەخلەرنىڭ قىلمىشىنى بىر-بىرلەپ يۇرىندىن بۇلاق چىقىرىۋاتىدۇ.

— «كىچىك پىت چوڭ پىتتىن بەك چاقىدۇ» دېگەن راستكەن. كەنت باشلىقى ئىسراپىل توڭگۇزمۇ شىرەم تۇغقىنى مەتروزىنىڭ سايىسىدا كەنتنىڭ 200مولۇق نەشپۈتلۈق بېغىنى ئەرزان باھادا كۆتۈرە ئېلىۋالغاندى. بۇنى ئاز دەپ تۆت ئوغلى، تۇغماس تۇل قىزى، ھەتتا ئۇرۇغ-تۇغقانلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئۆيلۈك يەر كېسىپ بەردى. لېكىن مەن ئۈچ بالىغا ئاتا بولغان چوڭ ئوغلۇم بىلەن توخۇ كاتىكىچىلىك قورۇدا قىستىلىشىپ ئۆتۈۋاتىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىدىن يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بىر نەچچە قېتىم داد ئېيتىپ بېرىپ، مەتروزىدىن بولۇشىغا تىل-دەشنام ئىشىتكەنىدىم. مەتروزى تەختتىن غۇلاپتۇ. ئەمدى ئارزۇيۇممۇ روياپقا چىقىدىغان بوپتۇ.

— بۇ جاھاننىڭ ئىگىسى بار، قادىركا. تىيەنچۆكسىز قالغان ئىسراپىل توڭگۇزمۇ ئۇزاققا قالماي قىلمىشىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ.

— شۇنداق بولغاي، ئىلاھىم!...

— يېزىلىق ھۆكۈمەتتە ئىشلەيدىغان ھوشۇر قارىينىڭ ئىپلاسلىقىدىن خەۋەر تاپتىڭلارمۇ؟

ماموت بەگگى بىردىن يوتىسىغا مۇشتلاپ ، تازا ئەۋجىگە چىققان ھەققانىي غۇلغۇلىنىڭ بېلىگە تەپتى.

— ھوي ماموتاخۇن، تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەك گەپ قىلىپ كەيپىمىزنى ئۇچۇردىڭلىغۇ. سىلىنى مۇنچە غەزەپلەندۈرگۈدەك ئۇ سولتەك كادىر زادى نېمىش قىپتۇ؟

— كۆرگەن كۈنىگە شۈكۈر قىلمايدىغان ئۇ مۇناپىق ئون نەچچە يىلدىن بۇيان خۇپپىيانە قىمار ئويناپ كەپتىكەن دەڭلار. «قىمار نەس، قىلار ئىتتىن پەس» دېگەندەك، ھېلىقى غېنى جوداغا ئۆيىۋاقىنى دوغا تىكىپ ئۇتتۇرۇۋەتكەندىن سىرت، يەنە 30مىڭ كويغا پاتاڭلىنىپ قاپتىكەن. ئۇ خۇنپەر پۇتۇن قەرزىنى ئالماسلىق شەرتى بىلەن ئانىسىز نارەسىدە يېتىم قىزىنى غېنى جوداغا تۇتۇپ بېرىپتۇ. تېخى ئەمدىلەتىن 15ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان مەسۇمە بۇ ئازاب-خورلۇققا چىدىماي شۇ كېچىسى غېنى جودانىڭ گۆرەن تومۇرىنى چىشلەپ ئۈزۈۋېتىپتۇ. ئۇ نائەھلى دوختۇرخانىغا بارغۇچە قانسىراپ ئۆلۈپتۇ. بىچارە قىزچاقمۇ ئېسىلىپ ئۆلۈۋاپتۇ. ھوشۇر دېگەن نىجىس ھەزىلەك ھازىر تۈرمىگە سولاقلىقمىش.

— كۆتۈڭگە ئۇرۇپلا بۇ ھېكايىنى توقۇپ چىقتىڭ-ھە، ماموتكا.

— ئۇنىڭ كۆتى يالغان گەپنىڭ ئۇۋىسى ئوخشىمامدۇ؟!...

— ھا، ھا، ھا!...

— ئەزبىرايى خۇدا، دېگىنىم بەرھەق! يالغان بولسا ئىت بوپكېتەي.

— توۋا قىلدىم، توۋا!... كادىر تۇرۇپ ما پەسكەش ئەبلەخنىڭ ئىشىنى، ئۇنىڭغا ئۆلۈممۇ ئازلىق قىلغۇدەك.

— بەزى كادىرلار قىمار ئوينايدۇ، خېرۇئىن، نەشە چېكىدۇ، كۈندە ھاراق ئىچىپ، مەست يۈرۈيدۇ، ھەتتا خوتۇن-قىزلىرنى سولاپ بېرىپ، ئۇنىڭ شاپائىتىدە مەقسىتىگە يېتىدۇ... دېسە ئىشەنمەيتىكەنمەن. بۇ راست ئوخشىمامدۇ. كادىرلارمۇ تاپتىن چىقىپ كېتىۋاتقان يەردە قاراتۇرۇك — ئىلمىسىز دېھقانلار نېمە بولماقچىدى؟!...

— ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدىمەيلى، ئوبدان كادىرلارمۇ تولا، ئاغىنىلەر. لېكىنزە «بىرنىڭ پوقى مىڭغا» دەپ، ياخشىلارنىمۇ يامان كۆرسىتىپ قويىدۇ-دە ئۇنداق نائەھلى گۇيلار.

— شۇ.

— قاراڭلار ئاۋۇ ھېيتەم كاسكىغا . نەچچە كۈن ئاچ قالغان مولۇن مۇشۈكتەك شۇمشىيىپ كېتىپتىغۇ.

— چاشقانغا كېپەك ئالدۇرمايدىغان ئۇ زىدىپەس ھاپپازوپنىڭ رەسۋاچىلىقىنى ئاڭلىماپسىلەر-دە!

— بۇ... بۇ ئەمدى قانداق گەپ، مۆيدۇنكا؟

— ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشسە تېگىدە مانتا يەيدىغان تازا بىر ھاڭۋاقتى جۇمۇ سەن. جىمى مەھەللىگە پۇر كەتكەن ئىشنى

www.uyghurkitap.com

بىلمىگىنىڭ نېمىسى. سىقىپ ئالغىنىدىن چىققانىنى يالايدىغان ئۇ پىخسىق يەر مەدىكى ئون كۈن ئاۋۋال خوتۇنى بىلەن 20كويىنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى سۈرۈشتۈرۈپ راسا جاڭجاللىشىپ، ئاچچىقىدا مەرەمخاننى تالاق قىلىۋېتىپتىكەن. مەرەمخان بۇ ئەلەمگە چىدىماي چوڭ قىزىنىڭ ئۆيىگە يامانلاپ بېرىۋاپتۇ. ھېيتەم يالغۇزلۇق ئازابىغا چىدىماي قىزىنىڭ ئۆيىگە نەچچە رەت بېرىپ، مەرەمخاندىن گۇناھىنى تىلەپ دېمىگىنى قالماپتۇ. لېكىن مەرەمخان ئەمدى مېنى بىراۋ بىلەن بىر كېچە بىللە بولدۇرۇپ، شەرئەتنىڭ قائىدىسىنى قىلمىساڭ ياراشمايمەن، دەپ جاھىللىق قىلىپ تۇرۇۋاپتۇ. ئۇ، نائىلاج مەرەمخاننى باسىت ساراڭنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بېرىپتۇ. شۇندىن بۇيان باسىت ساراڭ مەرەمخاننى مېنىڭ خوتۇنۇم، دەپ ھېيتەمگە قايتۇرۇپ بەرگىلى ئۇنىماپتۇ. ھېيتەم ئۇنىڭ ئۆيىگە نەچچە بېرىپ، بولۇشىغا تاياق يەپ، جېنىدىن ئايرىلغىلى تاس قاپتۇ. مەرەمخانغا ئۇ كۆچتۈگگۈر ساراڭنىڭ... تېتىپ قالدىمۇ، ھېيتەم كەلسە كۆز قىرىنىمۇ سالماپتۇ...

— ما ئىشنى كۆرۈڭ. تالاق قىلىش دېگەن قايسى زاماندىكى گەپ ئۇ. ھېيتەم پاپا 20كويىنى دەپ خوتۇننى تالاق قىلغانغا تويۇپتۇ ـ دە!

— باسىت ئەسلي خوتۇنسىزلىق دەستىدىن جاھان سارىڭى بولۇۋالغان بىرنېمىكەن دەڭلار. ئۇ ھازىر ساقال ـ بۇرۇتلىرىنى كۈندە قىرىپ، پاكىز، رەتلىك كىيىنىپ، يېڭى توي قىلغان يىگىتتەك مەستخۇش يۈرۈيدۇ. ئۇ، مەرەمخاننى قېچىپ كەتمىسۇن دەپ بىريەرگە بارسىلا ئىشكنى سىرتتىن قۇلۇپلاپ قويىدىكەن.

— مەرەمخاننى ئىمانى كامىل مەزلۇم دېسەم، تازا بىر ئەرسىرەپ كەتكەن ھاياسىز ئىشرەتخوركەن دېسە. شەرئەتنىڭ قائىدىسىنى قىلغاندىن كېيىن چىرايلىقچە ئۆيىنى تۇتۇۋالسا بولمامدۇ. ھېيتەم بىلەن ئۇچ قىزىغا نېمە دەرد، نېمە سەتچىلىك؟!

— ماڭەۋا، خەق بىلەن ياتقان خوتۇننى قانداق خوتۇن قىلغىلى بولىدۇ، خۇددى چىۋىن چۈشكەن ئاشنى ئىچكەندەك...

— ئوغۇل بالا گەپنى چاغلاپ، دەڭسەپ قىلمىسا، «كىيىنكى پۇشايمان، ئۆزىگە دۈشمەن» دېگەندەك خەلقئالەم ئالدىدا ئاشۇنداق شەرمەندە بولىدىغان گەپ.

— ئۇ بىچارىنى مازاق قىلماي، توۋا دەيلى، جامائەت.

— ...

— ئىككى تاغ ئارىسىدىكى ھېلىقى 400مو ئۆرۈكلۈك باغنى بۇزدۇرۇپ، ئورنىغا چىلان تىككۈزىدىغان گەپ بارمىش، ھېلىمكا. ئوغلۇڭ ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىدە ئىشلەيدۇ. ئوغلۇڭ مىجىت قارىي بۇ ئىش توغرۇلۇق ساڭا بىر نەرسە دېمىدىمۇ؟

— دېدى، ئۇكام. بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ ئاچچىقتىن ئۆتۈم يېرىلىپ كەتكىلى تاس قالدى. تېخى سەن باشلامچى بولۇپ كۆچەتلەرنى كەسمىسەڭ بولمايدۇ دەيدۇ.

— شۇ گەپنى قىلغان باشلىقلارنىڭ مېڭىسىلى تار چوقۇۋالدىمۇ نېمە؟... بىر يىلى ئۆرۈك تىككۈزگەن، بىر يىلى چىلان تىكسەن، دېگەن. دېھقان بوپقالغانغا تويغۇزىدىغان بولدىغۇ، ئۇ دىتسىز بەتبەخلەر.

— بەلكىم بىزنى ئىنتىكرەك باي قىلىش كويىدا شۇنداق قىلىۋاتقاندۇ.

— تىكىپ ـ سۆكۈپ ئىش قىلسا ئانا ـ مانىسى باي بولامدۇ.

— قىل دېسە قىلماسلىققا نېمە ھەددىمىز.

— ...

— تۈنۈگۈن گېزىتتىن مۇنداق بىر ماقالىنى ئوقۇدۇم.

— ھە، ماركسنىڭ نەۋرىسى، ماقالىدا نېمە دەپتۇ؟

— قايسىبىر تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ئۆز سىنىپىدىكى بىر نارەسىدە قىزنى ئاياغ ئاستى قىپتىكەن، ئۇزاققا بارماي ئىپلاس قىلمىشى ئاشكارىلىنىپ، قانۇننىڭ تېگىشلىك جازاسىغا ئۇچراپتۇ.

— يارەببىم، بۇ... بۇ... نېمە سەتچىلىك ئەمدى؟!... ئوقۇتقۇچىنى دۇنيانىڭ دانىشمىنى ، پەزىلەت ئىگىسى دېسەم، ئۇلار ئارىسىدىمۇ تاپتىن چىققان نىجىس مۇناپىقلار باركەن ئەمەسمۇ؟!... ئەمدى قىزلىرىمىزنى ئوقۇتمىز دېمەي ۋاقتىدا ياتلىق قىلىۋەتسەك بولغۇدەك.

— ئاشۇ بىر ئىشنى دەستەك قىلىپ قىزلىرىمىزنى ئوقۇتمىساق توغرا بولمايدۇ، غوپۇر قارىي. ئەگەر قىزىڭلاردىن ئەنسىرىسەڭلار ئوغلۇمغا بېرىۋېتەمسىلەر ـ يا.

— ئادەمنىڭ زىتىغا تېگىپ، ئېشەك ئوسۇرغاندەك گەپ قىلىدىكەنسەن، مەمتىلىكا.

— ھا، ھا، ھا...

— بولدى قىلىڭلار، چاقچاقتىن جاقجاق چىقمىسۇن. ھۆكۈمەت باللىرىمىزغا ھەر يىلى نەچچە يۈز كويلۇق دەرسلىك كىتابلارنى ھەقسىز بېرىپ، ئوقۇش بەدەل پۇللىرىنىمۇ ئالمايۋاتسا، تۈزنى يەپ تۇزلۇقنى چاققاندەك ئىش قىلساق بولماس.

— ھېكىمجاننىڭ دېگىنى توغرا. ئىلىمسىزلىك، نادانلىق بىز بىلەن كەتسۇن.

— ئېغىر ياتقۇ ۋاقتى بوپقاپتۇ. ھېلى خوتۇنلىرىمىز نەگە باردىڭ، دەپ ياقىمىزغا ئېسىلمىسۇن. قايتايلى خالايىق.

— ئەتە كەچكە گەپ قالمىسىمۇ بولماس، تارىساق تارايلى.

— ...

رەسسام: مۇساجان ۋاھاپ

---

ئاپتور: كەلپىن ناھىيە گەزلىك يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىدە مۇئەللىم(M1)




## توغرۇل تىنىقلىرى

▲ قىز تاللىساڭ ئاكىسى كۆپنى، ئوغۇل تاللىساڭ ئاچىسى كۆپنى تاللا.

▲ يولۋاس بار تاغ(يەر)نىڭ مەنزىرىسى گۈزەل بولىدۇ.

▲ چۈشىنىش ــ تۇمان تارىغان سەھەر.

▲ بۇرۇن كىشىلەر بىر ـ بىرىدىن كىيىم ـ كېچەكلىرى ئارقىلىق پەرقلەنسە، هازىرقى ئادەملەر بىر ـ بىرىدىن تىل سەۋىيىسى ئارقىلىق پەرقلىنىدۇ.

▲ «كۆزدىن يىراق، كۆڭۈلدىن يىراق» دېگەن گەپنىڭ بۈگۈنكى مەنىسى ــ تەرەققىياتتىن يىراق، كۆڭۈلدىن يىراق.

▲ دوستى كۆپنىڭ خەرجى كۆپ، دۈشمىنى كۆپنىڭ پەمى.

▲ ۋىجدانىغا خىلاپ ئىش قىلىپ كۆنۈپ قالغان ئادەم يا قۇلدار بولىدۇ ياكى قۇل.

▲ ساڭا بولۇپ ئۆزىگە بولمىسا خاپا بولغان دوستۇڭدىن ھەرگىز ۋاپا كۈتمە.

▲ گىرىمخۇمار قىزلار بالدۇر چىرايدىن، كىتابخۇمار قىزلار كۆزدىن كېتىدۇ.

▲ شەھەرلىكلەر هاجەتمەنگە، سەھرالىقلار بىكارچىغا ئۆچ.

▲ بىر مىللەتنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنىڭ هاياتىي كۈچى، بىرى، سەنئەتكارغا، بىرى، ئوقۇتقۇچىغا، يەنە بىرى، ئانىلارغا باغلىقتۇر.

### ئەپەككۇر كۆزى

▲ ئادەم ئۈچۈن بايلىق ــ كۈچ، ئەقىل ــ غەلىبە.

▲ نان نەدە قىممەت بولسا هايات شۇ يەردە قىممەت.

▲ ئايال كىشى يۈزىدىن، ئەر كىشى بېلىدىن قېرىيدۇ.

▲ مەغلۇبىيەت ــ ئوچۇق دەرس.

▲ مەغلۇبىيەت ــ مەن كىم؟

مۇۋەپپەقىيەت ــ سەن كىم؟نىڭ جاۋابى.

▲ ئائىلىنىڭ تىنچلىقى قوشنا بىلەن، دۆلەتنىڭ تىنچلىقى قوشنا بىلەن.

▲ بىز ناخشىچىلارنىڭ ئاغزىغا ئازراق، كارخانىچىلارنىڭ ئاغزىغا كۆپرەك قارىغان چاغدا دۇنيا بىزگە كۆپرەك باقىدۇ.

ــ ئابدۇغەنى توختى توغرۇل

---

ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھىرى «توغرۇل»كىتابخانىسىنىڭ خادىمى

* * *

▲ قىلالماسلىقتىن نومۇس قىلما، قىلىشقا جۈرئەت قىلالماسلىقتىن نومۇس قىل.

▲ كىتابقا قىزىقمايدىغان ئوقۇغۇچى ــ قورال تۇتۇشنى خالىمايدىغان جەڭچى.

▲ كىتابنى ئىچ ـ پۇشۇقنى چىقىرىش ئۈچۈن ئوقۇغىنىڭ ــ قاشتېشىدا ياڭاق چاققىنىڭ.

ــ مەخسۇم مۇھەممەتئېلى

---

ئاپتور: بېيجىڭ لۇخې ئوتتۇرا مەكتىپى تولۇق 2 ـ يىللىق 14 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ چوڭ ئىشلارنى قىلغان ئادەملەرگە ھەيران قالماڭ. ئۇلار

www.uyghurkitap.com

ھەر بىر كىچىك ئىشنى ئۆز ئارزۇسىغا بويسۇندۇرغان.

ــ مەدىنە كېرەم

---

ئاپتور: نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇچۇر باشقۇرۇش فاكۇلتېتى 2008 ـ يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ تەجرىبە توپلىماي نەتىجە توپلىيالمايسەن.

▲ ئادەمنىڭ ھايۋاندىن يەنە بىر پەرقى شۇكى ــ «ئوخشاش جىنسلىقلار مۇھەببەتلىشىشى»

ــ قۇربانجان تەۋەككۇل

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى 2007 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ مائاش ــ «مۇشۇ ئايلىق ئاش»نىڭ قىسقارتىلمىسى.

▲ باشقىلارنىڭ يېڭى سېتىۋالغان نەرسىسىنى كۆرگەندە باھاسىنى سوراشتىن بۇرۇن رولىنى سورا.

ــ مەريەمگۈل تۇرەك

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى 2007 ـ يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تۇرمۇش ھاسىلاتلىرى

▲ ھاياتلىق سەپىرىدە «يىقىلغان چېلىشقا تويماپتۇ» دېگەن سۆزنى ئەمەلىي ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرالىغان ئادەملەرلا مەنزىلگە يېتەلەيدۇ.

▲ باللىق ئامەت، ياشلىق پۇرسەت، قېرىلىق غەنىيمەت.

▲ بالىنى مەيلىگە قويۇۋەتسە لۈكچەك بولۇر، زىرائەتنى مەيلىگە قويۇۋەتسە پوچەك .

▲ غەيۋەت ـ شىكايەت ــ مالىمانچىلىق يېرىگە تېرىش ئۈچۈن تەييارلانغان ئۇرۇق.

▲ مەستلىكتىكى خۇشاللىق ـ سۇ يۈزىدىكى كۆپۈك.

▲ كۆيۈش ئۈچۈن بىر قېتىملا، كۆنۈش ئۈچۈن بىر قېتىم ياكى بىر ئۆمۈر ۋاقىت كېتىشى مۇمكىن.

▲ بىر ئىشتىن ئىبرەت ئېلىشنى بىلمىگەن ئادەم بەھرىلىنىشنىمۇ بىلمەيدۇ.

▲ قولىنى بەرسىلا دوست ئەمەس، كۆڭلىنى بەرسىلا مۇھەببەت.

ــ ئوبۇلقاسىم ئەخەت

---

ئاپتور: يوپۇرغا ناھىيە يەكشەنبەبازار يېزا چاقىلىق كەنت يېڭى ھويلا مەھەللىسىدە ناۋاي

* * *

▲ يەھۇدىيلاردا مەيلى مېھماندارچىلىق ۋەياكى ئۇرۇغ ـ تۇغقان، دوست ـ يارانلىرىنى يوقلاشقا بارغاندا ئەڭ ئاۋۋال دىققىتىنى تارتىدىغىنى شۇ ئائىلىدىكى كىتاب ئىشكاپى، كىتابلارنىڭ تۈرى، سانى بولسا، بىزدە دىققىتىنى تارتىدىغىنى ئۆي بېزىشى، ئائىلە سايمانلىرى، كۆركەم گىلەم ۋە مودا بولۇۋاتقان چىنە ـ قاچا، قەندەل ـ لوڭقىلار.

ــ پاتەمنىسا توختى

---

ئاپتور: قەشقەر شەھەر 6 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ـ يىللىق 9 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنتىگە «كىتابنى ئەتە ئېلىپ بېرەي» دېگىنى، «بىلىم ئېلىشنى بىر يىل ساقلا» دېگىنىدۇر. چۈنكى ئاتىلار ئېيتقانكى: «كۈندىن قالدىڭ، يىلدىن قالدىڭ.» (مەسئۇل مۇھەررىردىن )

▲ ئۆز مەدەنىيىتىنى چۈشەنمىگەن ئادەم قوشنىسىنىڭ داچىسىدا ئۇخلاپ قالغان يېتىم بالىغا ئوخشايدۇ.

ــ مۇھەممەتئىمىن ياسىن

---

ئاپتور: خوتەن ناھىيە لاگرۇ يېزا ئەگرىساي كەنتىدە

## تەپەككۇر سەپىرىدە ...

▲ باشقىلار يىتتىپ كەتسە ئىزدەشكە كۆپ بولسا بىرياكى بىر قانچە يىل يېتەر؛
ئۆزۈڭنى يىتتىرىپ قويما، ئىزدەشكە بىر ئۆمۈر كېتەر.

▲ مەن ھاياتتىن ئۈمىد ئۈزەلمەي ، ھايات ماڭا يېقىن كېلەلمەي تەڭقىسلىقتا سوئاللارغا كۆمۈلدى دۇنيا.

▲ سىز ياخشى بىلەنمۇ، يامان بىلەنمۇ ئەھۋاللىشىسىز، مۇناسىۋەت قىلىسىز. لېكىن ياخشى ـ يامانىنى كۆزلەر ۋە سۆزلەر ئايرىيدۇ.

▲ ھاياتتا ئۆيلىمىغان ئىشلار جىق يۈزبەرگەنلىكى ئۈچۈن «ئويلىنىشىپ» ياشايسەن.

▲ سىغىنىشقا ھېچ كىشى گۇۋاھ بولمايدۇ،
تەقدىرىڭگە ھېچ كىشى پال ئاچالمايدۇ.

▲ شائىرلىقىڭنى كىشىلەر بىلسە شائىر ئاتىلىسەن، بىلمىسە «ساراڭ».

▲ ھاياتنىڭ تەمى تاتلىق، ھېكمىتى ئاچچىق. شۇڭا بىز ھاياتقا گەپ قىلالمايمىز.

ــ شەمسىقەمەر ئەبەيدۇللام

---

ئاپتور: موڭغۇلكۈرە ناھىيە ئاھالىلەر 3 ـ رايونى ئورگىنىنىڭ ۋاقىتلىق خادىمەسى

* * *

▲ ھاراق سورۇنى ــ پىتنە ـ پاساتنى نەسىللەندۈرۈش ئورنى.

▲ قىز - ئاياللار قىممەت بازىرىنى كۆپرەك ئايلانسىكەن دەيمەن. چۈنكى ھېچكىم ئۇستى ئوچۇق قاپىدىكى قىممەتقا كۆز قىرىنى سېلىپمۇ قويماي، يېپىلغان قاپىدىكى قىممەتنى تالىشىپ سېتىۋالىدىكەن ئەمەسمۇ!

— ئابدۇقدىيۇم ئوبۇلقاسىم

---

ئاپتور: خوتەن ناھىيە خانئېرىق يېزا باشلانغۇچ مەكتەپتە مۇئەللىم

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ ئايالنىڭ ئەخلاقسىزلىقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ يەنە بىرگە ئۆتۈش، بىرى، ۋىجدانسىزلىقتىن، يەنە بىرى، ئامالسىزلىقتىن.

▲ ئۆزى ماڭمىغاننى سۆرىسەڭ ئۇسىدۇ، ھەيدىسەڭ تېپىدۇ.

▲ تاماقنىڭ لەززىتى چىشتا، ھاياتنىڭ لەززىتى ئىشتا.

▲ كىيىمنى سېپىستىقان كىر، ئادەمنى سېپىستىقان كىبىر.

▲ كېسەل — ئىنسانلارغا سېلىنغان يۇگەندۇر.

▲ پۇل تاپقان ئەرلەرنىڭ بەزىلىرى شەھۋەتكە يېقىن، ئۆتۈق قازانغان ئاياللار تۆھمەتكە.

▲ نامراتلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى، بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويۇشتۇر.

▲ مال-دۇنيايىڭغا ئىشىنىپ كەتمە، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشقا دەقىقىمۇ كەتمەيدۇ.

▲ بازار ئايلانساڭ بۇ دۇنيانى، مازار ئايلانساڭ ئۇ دۇنيانى چۈشىنىسەن.

▲ ئۆگزەڭگە چالما چۈشسە قىزىڭغا باق.

▲ ۋاقىت قانۇنىيەتلىك، ئۇنى تېز ياكى ئاستا قىلىۋەتكەن ئۆزىمىز.

▲ مالسىز قالساڭمۇ، ئامالسىز قالما.

▲ بىلىمنىڭ چېكى يوق، ئالتۇننىڭ دېتى.

▲ ھېسسىيات ئەھلى شەيتانغا يېقىن.

▲ ئۆزۈڭنى بىلسەڭ ھەممىنى بىلىسەن.

▲ مەنپەئەت ئېزىقتۇ، غەم قېرىتقۇ.

▲ بۈگۈنكى زامان ئىنسانلىرىدىكى ئالداش-ئالدىنىش ئانىنىڭ بالىغا ئېمىزگۈ سېلىشىدىن باشلىنىدۇ.

▲ دوست تويۇڭدا مېھمان، دۈشمەن ئۆلۈمىڭدە.

▲ ئوسال قوشنا بۆرىگىدىن يامان.

— ئابلىز روزى

---

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە بارىن يېزىسىدا

## ئەقلىيە چېچەكلىرى

▲ بىز ھازىر ئىشلەپچىقىرىش ماشىنىلىشىش، تۇرمۇشىمىز ئېلېكترلىشىش، تەرەققىياتىمىز سىجىللىشىش، روھىيىتىمىز بۇلغىنىش دەۋرىدە ياشاۋاتىمىز.

▲ پار-پۇر كىيىپ، ۋال-ۋۇل زىنىنەتلىنىپ، ئۇچرىغانغا ھىجىيىپ يۈرگەن ئايالنى ئېسىلكەن دەپ ئالدانما. يىلانىڭمۇ تېشى گۈلدار، ئىچى زەھەرغۇ؟!

▲ نادان ساخاۋەتچى كۆپ يۇرتتا تادان تىلەمچى كۆپىيىدۇ.

▲ يالغانچىنىڭ ئىناۋىتى، بىكارچىنىڭ قىممىتى بولمايدۇ.

▲ بوران ئېگىزگە بەك سوقىدۇ، قار ئويمانغا كۆپ چۈشىدۇ. ئاپەت ئاجىز-ئورۇقتا بەك تېگىدۇ.

▲ قىزلىرى ناخشا-ئۇسسۇلغا، ئوغۇللىرى رېستوران-بوتكىغا ئامراق مىللەتنىڭ بۈگۈنى سوئال، ئەتىسى ئۈندەش.

▲ ئالىمى يوق مىللەتنىڭ نامىمۇ يوق.

▲ مەنپەئەتنى ۋىجدان تارازىسىدا، قابىلىيەتنى ئەقىل مىزانىدا ئۆلچە.

▲ ساياھەت قىلساڭ كۆڭۈل ئاچىسەن، زىيارەت قىلساڭ ئەقىل، ھەرىكەت قىلساڭ ساغلاملىق، ئوقەت قىلساڭ بايلىق تاپىسەن.

▲ سۆيۈلۈشتىن ئىلگىرى مۇھەببەتنى ، نىكاھلىنىشتىن ئىلگىرى ساداقەتنى ئوبدان سىنا.

▲ نەپسىڭ — ئاچ بۆرە، پايدا - مەنپەئەت — قاپقان.

▲ ئاتا-ئانىسى باشقۇرالمىغان تەنتەك يىگىتنى، زېرەك كېلىن يىكتەك تۈزۈۋېتىدۇ.

▲ تەلەيىنى تەڭرىدىن سورىغىچە، تەدبىرىدىن سورا؛ ئەقلىنى ئاقىلدىن سورىغىچە ئەمەلىيەتتىن ئىزدە.

▲ چىرايلىق، دەبدەبىلىك سۆزلەرنى مىسراغا تىزسىلا شېئىر بولمايدۇ؛ زەرباب، ئەتلەسنىڭ پۇرۇچلىرىنى يىغسا كىيىم بولمىغاندەك.

▲ پۇل — ئۇنۇملۇك روھلاندۇرۇش دورىسى.

▲ ئەينەك ئەيىنىڭنى كۆرسىتىدۇ، ئەمەلىيەت ئەيىبىڭنى.

▲ قولۇڭ، كۈچۈڭ يەتمىگەن ئىشقا ئەقلىڭ، تەدبىرىڭنى ئىشلەت.

▲ شەھەرگە كىرسەڭ كۆزۈڭ ئېچىلىدۇ، سەھراغا چىقساڭ كۆڭلۈڭ.

▲ ئۆلۈمنىڭ دەھشىتىنى چۈشەنگەن ئادەم ھاياتنىڭ قىممىتىنى چۈشىنىدۇ.

▲ ئادەمنىڭ ھۆسنى-جامالى كۆزنى قايىل قىلسا، ئەدەپ-ئەخلاقى كۆڭۈلنى قايىل قىلىدۇ.

▲ سۆيگەننى كۆز تاللايدۇ، كۆڭۈل شاللايدۇ.

▲ تونۇشماي كۈلمە، سىرداشماي يۈرمە، چۈشەنمەي سۆيمە.

▲ ئايالىڭ پىشۇرغان مەززىلىك تائامنى يېگۈچە جۇپ پۇت-قولنى تۆت قىلغان ھەرىكىتىڭگە، ئوماق بالاڭنىڭ كۈلكىسىدىن ھوزۇرلانغىنىڭدا، ئايالىڭنىڭ قىزارغان كۆزىگە قارا.

www.uyghurkitap.com

▲ خەلقنىڭ كۆڭلىدىكىنى تاپقان ئەسەر ــ ھەسەل، ئۆزىنىڭلا گېپىنى قىلغان ئەسەر بىمەسەل.

▲ تىل ھەم تەپەككۇر ــ شائىرنىڭ قانىتى، پەلسەپە ــ جېنى، ئىدىيە ــ قېنى.

▲ ياشاش ــ مەخلۇقنىڭ خۇسۇسىيىتى، يېڭىلىق يارىتىش ــ ئادەمنىڭ خىسلىتى.

▲ ئەخلاق ــ غايىب روھىي ئۇستاز.

▲ ۋاقىت ــ ئۆمۈر دەرىخىگە تىرەلگەن ھەرە.

▲ بالىڭنى ئېسىل تەربىيىلەپ ، ياخشى ئوقۇتقىنىڭ ــ نەسەب بىناسىغا ھۇل قويغىنىڭ.

▲ باشقىلار يىقىلغاندا قوشۇلۇپ يىقىلغىنىڭ ئاجىزلىقىڭ، كۈلگىنىڭ رەزىللىكىڭ، توختاتقىنىڭ پەزىلىتىڭ.

▲ ئالا كۆڭۈل تۇغقان، ساختا دوست ـ يارانلەر موھتاج بولساڭ يوق، باي بولساڭ ئىزدەپ كېلىدۇ؛ ئاغرىغاندا يوق، ئۆلگەندە يىغلاپ كېلىدۇ.

▲ تۇنجى خوتۇنۇڭنى خارلىساڭ، كېيىنكى خوتۇنۇڭدىن خارلىنىسەن. چۈنكى بۇ «ئۆتنىگە لايىقەت ئالەم.»(مەسئۇل ۋھەررىردىن)

▲ شەھەر قىزلىرى باغ گۈلى، سەھرا قىزلىرى تاغ گۈلى.

▲ تاۋار سېتىۋالساق سۈپىتىنى ئىنچىكە تەكشۈرىمىز ـ يۇ، بالا تاپساق سۈپەتلىك تەربىيىلەشكە سەل قارايمىز. بۇ بىزنىڭ نادانلىقىمىز.

▲ قىممەتسىز ئەمگەك ــ ياڭاقتۇر پۇچەك.

▲ ئەدەپتىن قەددى پۈكۈلگەننىڭ يۈزى يورۇق، خۇشامەتتىن قەددى پۈكۈلگەننىڭ يۈزى خۇنۇك، كۆڭلى شۇملۇق.

▲ داداڭدىن ۋەسىيەت، ئاناڭدىن نەسىھەت، ئاكاڭدىن تەربىيەت، ياماندىن نەپرەت، ياخشىدىن مەسلىھەت، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى ژۇرنىلى»دىن ھېكمەت ئۆگەنسەڭ ھايات يولىغا ئوزۇق يىغقان بولىسەن.

▲ ھۈرۈن يەتتە ھۈنەر بىلسىمۇ ئاچ ياتىدۇ؛ نادان يەتتە پۈشتىغىچە كەتمەن چاپسىمۇ نامرات يۈرىدۇ.

▲ ھۈرۈنغا دوست بولساڭ ئاچ قالىسەن، ياسانچۇققا دوست بولساڭ يالىڭاچ.

▲ ئەخلاق بىلگەن ئادەم خاتىرجەم يۈرىدۇ، قانۇن بىلگەن تىنچ ـ ئامان.

▲ بەزىدە سېنى كۈلدۈرگەن ئادەمدىن يىغلاتقان ئادەم سۆيۈملۈك بىلىنىدۇ.

▲ قىزىڭنى كۆز قارىچۇقۇڭدەك ئاسرا، ئوغلۇڭغا تۆت كۆز بىلەن دىققەتتە قارا.

ــ ياقۇپ ھەمدۇللا

ئاپتور: مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە پېنسىيىدىكى مۇئەللىم

## تۈن تىۋىشلىرى

▲ سۆيىدۇرمەي قاچقان پەرىشتىگە، سۆيدۈرۈپ قاچقان شەيتانغا ئوخشايدۇ.

▲ كېسەل يۈزدىن، مۇھەببەت كۆزدىن بىلىنىدۇ.

▲ زىيادە كۆڭۈل بەرمە، ئەقلىدىن ئادىشىسەن.

▲ ھۈرۈن يازغا ئامراق، چۈنكى تازغا.

▲ خورىزنى تۇتاي دېسەڭ مېكىيىنىنى قوغلا.

▲ ئەقلى يىلمانلاردا ۋاز كېچىش ۋە تەۋەككۈل قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى نەرسە بولمايدۇ.

▲ قانۇن جېنىڭدىن، سىياسەت تىلىڭدىن تۇتىدۇ.

▲ ئىگىسىنى تونۇمىغان ئىت بەك قاۋايدۇ.

ــ قاسىمجان ئەمەت

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە بارىن يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىدە مۇئەللىم

## تەپەككۇر تېز سىزمىلىرى

▲ كۆڭۈل بىلەن كۆزنىڭ تىزگىنى يوق.

▲ ئادەم مەكتەپتە ۋاقتى ئۆتكەن نەرسىنى، تەبىئەت ۋە جەمئىيەتتە دۇچ كېلىدىغان نەرسىنى ئۆگىنىدۇ.

▲ ئادەم مەكتەپتە مەجبۇرىي، تەبىئەت ۋە جەمئىيەتتە ئىختىيارىي ئۆگىنىدۇ.

▲ زېمىندىكى بايلىق چەكلىك، زېھىندىكى بايلىق چەكسىز.

▲ ئاجىزلارنىڭ قولىدىن كېلىدىغىنى، باشقىلاردىن ئاغرىنىش.

▲ كۈچلۈكلەر جاسارىتى، ئاجىزلار باھانىسى بىلەن.

▲ رىقابەتتىكى بوشۇش ــ ئورنۇڭدىكى ئۆسۈش.

▲ غالىبلارنىڭ كۆزلەيدىغىنى كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتلا ئەمەس، كەلگۈسىدىكى نەتىجە.

▲ ياشاشقا زېمىن، بىلىشكە زېھىن كېرەك.

▲ مەكتەپ نەزەرىيىنى، تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ئەمەلىيەتنى سۆزلەيدۇ.

▲ پۇرسەت ــ ئۆزىمىزدە بار ئەمەلىي قۇدرەت.

▲ سەنئەت ــ دىل جۇلاسى، شېئىر ــ تىل ناۋاسى.

▲ ئېتىقاد ــ ئويغاق ھايات.

▲ مەسئۇلىيەتچان كىشى ئىشەنچلىك كېلىدۇ.

▲ غاپىل بىھۇدە ئىشنى قىلىدۇ، ئاقىل نەتىجىلىك ئىشنى.

▲ كىشىلىك ھاياتتا يىقىلغانلار ئاجىز ئەمەس، ئورنىدىن تۇرمىغانلار ئاجىز.

▲ تەدبىركار ـ تۆھپىكار.

▲ دەۋرنىڭ ئىككى يۈزى بار: بىرى، خىرىس، بىرى، پۇرسەت.

▲ ياراملىق ئىزباسارلار ۋە ئىزسالارلار بولمىسا، شانلىق ئۆتمۈش چۈشكە ئايلىنىدۇ.

▲ بىلىم ئېلىشتا «ئالدىرىغان يولدا قالمايدۇ».

▲ پۇلنى ئايساڭ باي بولىسەن، ئەقىلنى ئايساڭ گاداي.

## ماقال - تەمسىللەر ئىزىدىن...

▲ ناتىق سۆزىدىن، ئاشىق كۆزىدىن.

▲ بازاردا پۇرسەت، مازاردا ئىبرەت.

▲ غاپىل غەيۋەتتە، ئاقىل ھەرىكەتتە.

▲ سۆز تاش، مەنا قاشتاش.

▲ ئۆلگەن قەبرىسىز، تىرىشقان ئەجىرسىز قالماس.

▲ بويىغا قارىماي، ئويىغا قارا.

▲ بىلىم كىتابتا، دوستلۇق ھېسابتا.

▲ ئۆلۈمنىڭ رۇخستى، ھۇرۇننىڭ پۇرسىتى يوق.

▲ گاداي نان غېمىدە، باي جان غېمىدە.

▲ ئەرگە يەر كېرەك، يەرگە تەر.

— ئابلەت روزى

ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيە «بابۇر» كومپيۇتېرخانىسىنىڭ خادىمى

## تەپەككۇر تۆرەلمىلىرى

▲ ھاكىمىيەت ئادىل بولسا، پۇقرا دادىل بولۇر.

▲ ئادالەت يوق جايدا ساداقەت بولمايدۇ.

▲ ئەڭ قانائەتسىز كىشى، باشقىلارنىڭ ياردىمىگە ئەڭ كۆپ ئېرىشىدىغانلار ۋە پارىخور مەنسەپدارلارنىڭ خانىملىرىدۇر.

▲ باشقىلارغا ئىشەنمەيدىغان كىشى جاھىل، چېپىلغاق كېلىدۇ.

▲ ئۆز پىكرىنىلا قۇۋۋەتلەپ، ئىرادىسىنى باشقىلارغا تاڭىدىغان كىشى، ھالاك بولغىنىنى سەزمەي قالىدۇ.

▲ تەتۈر كەلگەن يەلدىن، تۈيۈقسىز كەلگەن سەلدىن، توپىلىشۋالغان ئەلدىن ئېھتىيات قىلماق لازىم.

— مۇختار سەئىد ئۆمەر پاك

ئاپتور: چىرا ناھىيە قورولۇش ئىدارىسىنىڭ خادىمى

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ دۇنياغا بولىدىغان تىنچ - ئامانلىقمۇ، بالايىئاپەتلەرمۇ ئالىملاردىن كېلىدۇ.

▲ ئەرلەر ئاياللارغا تولۇق مەسئۇل بولغان ئەلدە جەمئىيەت، ئالىملار جەمئىيەتكە تولۇق مەسئۇل بولغان ئەلدە مىللەت تۈزۈلىدۇ.

▲ بىزدە قانۇن ئىجرا قىلىدىغان ساقچىلار كۆپ بولغان بىلەن، ئەدەپ - ئەخلاق قانۇنىنى ئىجرا قىلىدىغان ساقچىلار كەم.

▲ تەقدىرىڭنى ئۆزگەرتىشتىن بۇرۇن ئۆزۈڭنى ئۆزگەرت.

▲ ھەسەتخورلۇق ئادەمنىڭ قورسىقىغا پاتمىغاندا پىتنە - پاساتقا ئايلىنىدۇ.

▲ مېنىڭچە، ئۈچ خىل ئادەم ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىكەن: 1. ھەسەتخورلۇقتىن يىراق ئادەم؛ 2. ھېچقانداق كەيپ قىلمايدىغان ئادەم؛ 3. بىكارچىلىقتىن يىراق، ئەمگەككە يېقىن ئادەم.

▲ خىيالپەرەسلىكتىن پايدا چىقماس، ئەمەلىي ھەرىكەتتىن زىيان.

▲ ئاياللار نورمال كۆلسە، چىرايلىقلىشىپ پەرىشتىگە، چېكىدىن ئېشىپ كەتسە سەتلىشىپ ئالۋاستىغا ئوخشاپ قالىدۇ.

▲ باشقىلارنىڭ بايلىقىغا بەك قىزىقىدىغانلار ، بىر بولسا، ھەسەت قىلغۇچىلار، بىر بولسا، ئۇلاردىن باي بولۇشنى ئۆگەنگۈچىلەردۇر.

▲ ھەرقانداق ئادەمنىڭ ھاياتى ئۆز خەلقىگە تەۋە بولغاندىلا ، ئۆلۈممۇ ئاندىن ئۆز خەلقىگە تەۋە بولىدۇ.

▲ ياش چېغىڭدا تۈزەلمەسلىكىڭ ئەتراپىڭدىكى ناتوغرا يولدىكى ئادەملەرنىڭ تەسىرىدىن بولسا، قېرىغاندا تۈزەلمەسلىكىڭ ئۆزۈڭدىن بولىدۇ.

▲ دېھقاندىن پاكىزلىق ئىزدىسەڭ، تېنىدىن ئەمەس، روھىدىن ئىزدە.

▲ قەھرىمانلار قانداق ۋاقىتتا يول قويۇشنى، قانداق ۋاقىتتا قەتئىي بولۇشنى بىلگەن كىشىلەردۇر.

▲ ئىككى خىل خىزمەتچى دەم ئېلىش يېشى توشسىمۇ پېنسىيەگە چىقىشنى خالىمايدۇ. بىرى، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلغانلار، يەنە بىرى، خىزمەت جەريانىدا ئاۋامنى شىلىپ يەپ كۆنۈپ كەتكەنلەر.

▲ ئادەم ئاۋۋال يارىتىلغۇچىدۇر، ئاندىن ياراتقۇچىدۇر.

▲ خەلق ياراتقۇچىلا بولماستىن ئۆز نۆۋىتىدە ھەم يوقىتالىغۇچىلاردۇر.

▲ باللارنى تاشلىۋەتكۈچىلەر بىلەن بېقىۋالغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق باي - نامراتلىق پەرقى ئەمەس، بەلكى ئادىمىيلىك پەرقىدۇر.

▲ خەلق ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى ھەقىقىي يۈرگۈزگەندىلا ئاندىن ئەركىنلىكتىن سۆز ئاچقىلى بولىدۇ.

▲ مەنسەپدارنىڭ تەقدىرىنى ئايال ئۆزگەرتىدۇ.

▲ ئىنتىپاقلاشساڭ سورايسەن، ئەكسىچە بولسا سورىلىسەن.

▲ ستۇدېنتلارنى بىر تۇتاش تەقسىم قىلماسلىق سىياسىتى بىلىملىك بىلەن بىلىمسىزنى، پۇلى بار بىلەن پۇلى يوقنى، يولى بار بىلەن يولى يوقنى ئايرىدى.

▲ ئائىلە تەربىيىسى بىلەن مەكتەپ تەربىيىسىگە ئەھمىيەت بېرىلىپ جەمئىيەت تەربىيىسىگە سەل قارالسا، پەرزەنتلىرىمىز جىنايەت كوچىسىدا تەمتىرەپ يۈرگەن بولىدۇ.

▲ ئادەمنىڭ قاملىسىغا قاراپ ئاتىسىنى بىلگىلى بولىدۇ، ئەخلاقىغا قاراپ ئانىسىنى.

www.uyghurkitap.com

▲ ئاۋامنىڭ مېلى بىلەن مال ـ دۇنيا كۆپەيتىشنى ئويلىغۇچىلار ئوت ئۈستىدە مېڭىۋاتقان كارۋانغا ئوخشايدۇ.

▲ هاراق ۋە قىمارغا خەجلەنگەن پۇل ئادەمنى هايۋان، ئائىلىنى ۋەيران، باللارنى سەرگەردان قىلىدۇ.

▲ ئۆزۈڭگە قارىساڭ پەرزەنتىڭنىڭ كېيىنلىكىگە تەبىر بېرەلەيسەن.

ــ تۇرامەت مۇهەممەتئىمىن

ئاپتور: گۇما ناهىيە كۆكتېرەك يېزا تۇغېيشى كەنتىدە دېهقان

* * *

▲ ئوغۇللار مىللەتنى تۈزەيدۇ، قىزلار بېزەيدۇ.

ــ ئابدۇناسىرجان ئابلىكىم ۋولقان

ئاپتور: كوناشەهەر ناهىيە 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲ تولا خىيال سۈرىدىغان ئادەم، بىر بولسا ئۆيقۇچان بوپقالىدۇ، بىر بولسا، ئۇخلىيالماس.

ــ مۇهەممەتجان مۇهەممەتئىمىن

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى شىمالىي مەكتەپ رايونى ئىجتىمائىي پەن 2008 ـ يىللىق 7 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇرۇمدىن تامچىلار

▲ كۆپ ئىشلىگەن قازار، كۆپ سۆزلىگەن ئازار.

▲ قېرىش ئازابتىن، ياشىرىش ساۋابتىن.

▲ كۆرگەننى تەلقىن قىل، يېشىلىسەن، بولمىسا چېگىلىسەن.

▲ ساۋاتسىزدا كىر تولا، ساۋاتلىقتا سىر.

▲ بالىسىنى ئۆي ئىشىغا سالمايدىغانلار ــ كەلگۈسىدە تۇرمۇشقا سېلىش ئۈچۈن يول راسلاۋاتقانلاردۇر.

ــ ئابدۇۋەلى ئابدۇغەنى خاتىپ

ئاپتور: كېرىيە ناهىيە لەڭگەر بوزيەر دېهقانچىلىق مەيدانى باشتېرىم كەنتىدە دېهقان

* * *

▲ پۇلنىڭ گېپى چىققاندا نۇرغۇن ئادەم يۈزسىزلىشىدۇ.

ــ ئەكرەم غوپۇر

ئاپتور: پېچان ناهىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ (تولۇق)تەبىئىي پەن 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## چاڭقىغان دىلدىن...

▲ تەڭرىدىن رەهىم ـ شەپقەت تىلەش ــ خاتالىقنى تونۇغانلىقتىن، ئەمما دۈشمەندىن رەهىم ـ شەپقەت تىلەش بولسا قۇللۇققا رازى بولغانلىقتىندۇر.

▲ هەسەت ــ غەيۋەتنىڭ ئانىسىدۇر.

▲ قېيناتا ـ قېيناناڭغا قىلغىنىڭ، ئايالىڭ ئارقىلىق ئاتا ـ ئاناڭغا يانىدۇ.

▲ نومۇستىن چىققان تەر خاتالىقىڭنى يۇيىدۇ.

▲ باللىرىڭغا ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولغاندا باها بەر.

▲ شۈكۈر ـ قانائەت ــ نەپس ھاڭىنى تولدۇرغۇچىدۇر.

▲ دانانىڭ دەردىنى نادان سالغان.

▲ ساراڭ بىلەن نادانىڭ دۈشمىنى بولماس.

▲ باي ـ نامراتلىقىڭنى نەپسىڭ بەلگىلەيدۇ.

▲ ئاۋۋال ئۆزۈڭنى تۈزە، ئاندىن باشقىلارنى .

▲ ئوغلۇم، ئەل ـ ۋەتەن ئىشىغا كەلگەندە سەۋر ـ تاقەت قاچاڭنى چېقىپ تاشلا.

▲ ئاتا ـ ئاناڭ ئۈچۈن پەرۋانە بول، پەرزەنتىڭ ئۈچۈن دىۋانە.

▲ ئاجىزلارنىڭ كۆز يېشى ياشلىرىڭنى تۆكسە، زالىملارنىڭ كۆز يېشى كۈلگۈڭنى كەلتۈرەر.

▲ نامرات ئۈچۈن ئەڭ رەهىمسىز پەسىل ــ قىش.

▲ ئەخلاقسىز ئۇستازدىن هاياسىز شاگىرت يېتىشىپ چىقار.

▲ دەل جايىدا قوزغالغان ۋىجداننى غەزەپ قەهرىمانلىققا باشلاپ، هۆرمەت تاپقۇزىدۇ.

▲ بىرەر قېتىم ئاغزى ـ بۇرنىغا سۇ كىرمىگەن ئوغلۇڭنى كۆزى ئېچىلدى دېمە.

▲ گۇمان قىلماي، سىناپ باق.

▲ سۈلهىسىز ئۇرۇش ــ ئاداققى ئۇرۇش.

▲ پارىخورنىڭ ئايالى ئەجدىها، باللىرى يىلان.

▲ ئىنساندىكى نەپسى بالالىق مەۋجۇد بولىدىكەن، ئۇ تۈزگەن هەرقانداق قانۇن مۇكەممەل بولمايدۇ.

▲ هاقارەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلمىگەن، قۇللۇقنىڭ نېمىلىكنى بىلمەيدۇ.

▲ نومۇستىن تەرلىمەيدىغان يەر ــ ئادەمنىڭ كۆتىدۇر.

▲ نادانىڭ تىللىغىنىدىن، دانانىڭ نەپرەتلىك بېقىشى يامان.

▲ هۆسن تۈزەش ئوپېراتسىيىسى ــ تەڭرى بەرگەنگە رازى بولمىغانلىقنىڭ بەلگىسى.

▲ قىزنىڭ دەردىنى ئانا، ئوغۇلنىڭ دەردىنى ئاتا بىلۇر.

▲ دوستۇڭنى چۈشەنسەڭ، ئەپۇ قىل، دانا بولىسەن؛
دۈشمىنىڭنى چۈشەنسەڭ، غەزەپ قىل، باتۇر بولىسەن.

▲ ئېسىل پەزىلەتلىك ئايال ئەرنىڭ قانىتى؛ ئىقتىسادچىل ئايال ئۆينىڭ بەرىكىتى.

▲ ئاچچىقلانغاندا ئەقلىڭگە، ئاچ قالغاندا نەپسىڭگە باها بەر.

▲ دۈشمىنىڭ ماختىغاندىن هەزەر قىل.

▲ نەپسىگە قۇل ــ بارچىگە قۇل.

▲ ياخشىلارغا ھۆرمەت قىل، ئەمما سەجدە قىلما.

▲ ئەي قىز، تۇل ياشىساڭمۇ ياشا، قۇل بولۇپ ياشىما.

▲ ئەي قىز، يات تېنىڭگە، ئۆز ئۇچاڭغا قارار.

▲ ئەي ئايال، چىنە-قاچاڭغا قاراپ چېچىڭنى تارا.

▲ مېھمان كەلمىگەن ھەشەمەتلىك ئۆيلەرنىڭ، تىرىك چېغىڭدىكى قەبرىگاھىڭدۇر.

▲ ئۆينىڭ بەرىكىتى — مېھمان، مالنىڭ بەرىكىتى — ئېھسان.

▲ ھەرقانداق كىشىنى سىنا، پەقەت ئاتا-ئاناڭنى سىنىما.

▲ ھەرقانداق نەرسىنى سىنا، پەقەت ئۆلۈمنى سىنىما.

▲ ۋاپاسىز دوست — يەنە بىر دۈشمىنىڭدۇر.

▲ قېرىغىنىڭدا باشقىلارنىڭ ساڭا بەرگەن سالىمىغا قاراپ، يۈز-ئابرۇيۇڭ، تۆھپەڭنى بىلۋال.

▲ ھاكاۋۇرغا سالام قىلما، ئاجىزغا ئەلەم.

▲ جاپا تېنىڭگە، غەم روھىڭغا مۇھۇر باسقۇچى.

▲ ئىشچان ئات قامچىدىن قۇتۇلالىغىنى بىلەن ئىشتىن قۇتۇلالمايدۇ.

▲ خۇشال بولغان ياكى ئاچچىقلانغىنىڭدا ئۆزۈڭنىڭ ۋە ئۆزگىنىڭ سىرىنى ئېيتقۇچى بولما.

▲ سىنالمىغانغا سىر ئېيتما.

▲ تەگرى مۇنداق دەرمىش: بېرىپمۇ سىنايمەن، ئېلىپمۇ سىنايمەن.

▲ قوشناڭ توخۇ باقسا، ئىت باقما.

▲ شەھۋەت كۆزۈڭ بىلەن بىراۋغا قاراۋاتقىنىڭدا، تەگرىنىڭ غەزەپ بىلەن قاراۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇما.

— ئەسقەر ھوشۇر

---

ئاپتور: بورتالا شەھىرى چىندىل يېزا رادىئو-تېلېۋىزىيە پونكىتىنىڭ مەسئۇلى

* * *

▲ ئادەمنىڭ مىجەز -خاراكتېرى — ئادەم سەرگۈزەشتىسىنىڭ بەش ئەزاسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىشى.

— ئابدۇغاپپار ئابدۇقادىر

---

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە ئۈرچى يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىدە مۇئەللىم

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ ئۆيلەر چىرايلىق، جاھازلار تولۇق، كىتاب ئىشكاپىغا پەقەت ئورۇن يوق.

▲ نادان ئويۇنغا، بەتخەج قويۇنغا ئامراق.

▲ ئەخلاقسىز ھايات — چۈشكۈن ھايات، مەنىسىز ھايات — ئۆچكەن ھايات.

▲ «ئېسىلساڭ ئېگىزگە ئېسىل» — قەيسەر ۋە تەۋەككۈلچىلەرنىڭ ھايات فورمۇلىسى.

▲ ئىنسانلاردىكى ئېسىل خىسلەت — سەۋرچانلىق. چۈنكى ئۇ ھايات باياۋىنىدىكى توغراق.

▲ ۋاقىت بەزىلەر ئۈچۈن پۇل، بەزىلەر ئۈچۈن ئازاب، ۋە يەنە بەزىلەر ئۈچۈن ساۋاق ئېلىپ كېلىدۇ.

▲ ھەرقانداق ئىنساننىڭ ئىسمى ئارقىسىغا ئاتىسىنىڭ ئىسمى يېزىلىشى، ئاۋۋال ئىنسانلىقىنى، ئاندىن كېيىن نەسەبىنى ئۇنتۇماسلىق ئۈچۈندۇر.

▲ ئەمەلگە ئاشمىغان سۆيگۈ-مۇھەببەت بىر بولسا ھەسرەت، يەنە بىر بولسا قەبىھلىك بىلەن ئاياغلىشىدۇ.

▲ ھەققىي ئۇيغۇر قىزلىرىغا خاس كىيىنگەنلەرنى كۆرسەم، يېرىم يالىڭاچ قىزلار كۆز ئالدىمغا كېلىپ، خۇددى ئەجدادلىرىمىزدىن مىراس قالغان تەۋەررۇك بۇيۇمغا ئۇچراپ قالغاندەك سۆيۈنۈپ كېتىمەن.

▲ غەزەپ بەدىنى تاشقىن، كەڭ قورساقلىق توسما.

▲ ئەپ ئۆتمىگەن قوشىنىدارچىلىق خۇددى قەرەلسىز پارتلايدىغان يانار تاغقا ئوخشايدۇ.

— ئابدۇرەھمجان مۇھەممەت تىرەن

---

ئاپتور: ئاتۇش شەھەر سۇنتاغ يېزا شورۇق كەنتىدە

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ قۇياش جاھاننى يورۇتالىغان بىلەن، ناداننىڭ دىلىنى يورۇتالمايدۇ.

▲ يولنىڭ كەڭ-تارلىقى مېڭىشىمىزغا باغلىق.

▲ قولدىن كەتكەن نەرسە ئەڭ قەدىرلىك.

▲ دۇنيادىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسە — ئانا سۈتى.

▲ يىراقتىكى گۈل چىرايلىق كۆرۈنىدۇ.

▲ تارىختىن مەلۇمكى، جەمئىيەت رەزىللەشكەندە يەككە-يېگانە قالىدىغىنى ھەقىقەت.

▲ ئىت مۇنداق ئىككى خىل ئەھۋالدا ئىگىسىدىن يۈز ئۆرۈيدۇ: بىرى، باشقىلارنىڭ يۇندىسىنى يالىغاندا، يەنە بىرى، ئىگىسى خورلىغاندا.

▲ پاشا كىچىك بولسىمۇ نەشتىرى ياماندۇر.

▲ دېھقاننى ھۆرمەت قىلغىنىڭ ئاناڭنى ھۆرمەتلىگەنگە ئوخشاشتۇر. ئاناڭ ساڭا پاك سۈتى بىلەن ھاياتلىق بېغىشلىغان بولسا، دېھقان كەتمىنى بىلەن دۇنيانى باقىدۇ.

▲ قىزلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تېخنىكىسى — قىزلارنىڭ راس-يالغانلىقىنىڭ مەيدانغا كېلىشى.

— ئۆمەر رەھمان

---

ئاپتور: باي ناھىيە سۇ ئىدارىسى ئويباش يېزا سۇ باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ خادىمى

www.uyghurkitap.com

## كۆرگەندىن بىلگەنلىرىم

▲ ئانا سۆزىنى ئاڭلىمىغان قىز ئەر ئالدىدا خار؛
ئاتا سۆزىنى ئاڭلىمىغان ئوغۇل ئەل ئالدىدا خار.

▲ تۈنۈگۈن قىلغان ئىشىڭدىن بۈگۈن پۇشايمان قىلىشىڭ ــ تېخى يېتىلىۋاتقىنىڭنى كۆرسىتىدۇ.

▲ گىرىم ــ قارغا، كۆزياش ــ يامغۇرغا ئوخشايدۇ.

▲ غاپىللار ھەممە نەرسىگە كۆنۈپ كېتىدۇ؛
ئاقىللار ئۇنىڭ توغرا ـ خاتالىقى ئۈستىدە ئويلىنىدۇ.

▲ پۇرسەت ــ قىممەت يارىتىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى.

▲ ئامانەتكە خىيانەت قىلىش ماددىي نەرسىگە، ئىلىمگە خىيانەت قىلىش ئەلنىڭ قىيامىتىگە بېرىپ تاقىلىدۇ.

▲ سەۋەنلىككە سەۋەب كۆرسىتىش ئاجىزلىقتىن،
تەقدىرگە سەۋەب كۆرسىتىش ئاقىلانىلىكتىن.

▲ ۋاقىتنىڭ قىممىتىنى ھېس قىلمىساڭ، بېشىڭدىكى چاچلار ساقالڭ ھېس قىلدۇرىدۇ.

▲ دۇنيادا ئىككى خىل ئادەم ئارمان بىلەن كېتىدۇ: بىرى، بىرەر نەرسىگە قانائەت قىلمايدىغان، يەنە بىرى، قۇرۇق خىيالنى كۆپ قىلىدىغان ئادەم.

▲ ئادەم ئۆزىنى ئۆزگىلەرنىڭ مۇئامىلىسىدىن بەكرەك چۈشىنىدۇ.

▲ ياخشى بىلەن قوشنا بولساڭ جاھاندارچىلىق،
ئەسكى بىلەن قوشنا بولساڭ جاھان تارچىلىق.

ــ تۇرسۇن ھەسەن

---

ئاپتور: مەكىت ناھىيە قورما يېزا تېرىممەھەللە كەنتىدە دېھقان

## ئويغاق غەليانلىرى

▲ ئۆز قولۇڭدىكى نەرسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ياكى ئېرىشىشىڭ ئالدىدا ئاندىن ئۇنىڭ قەدرىگە يېتىسەن.

▲ داۋراڭنى كۆپ سالغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى قەغەز يولۋاستۇر.

▲ ھەرقانچە مۇستەھكەم ـ كۆركەم ئۆيلەرگىمۇ ئۆمۈچۈك تور توقۇيدۇ.

▲ چاپىنىڭنى كىيدۈرگۈچىدىن ھەزەر ئەيلە، ئايىغىڭنى ئوڭشىغۇچىلار بىلەن بىرگە بول.

▲ دۈشمىنىڭنىڭ كىملىكىنى بىلگىنىڭ ــ ئۆزۈڭگە يېڭى بىر يول تاپقىنىڭ.

▲ بالاڭ يىغلىغاندا يىغىدىن قانداق پەس قىلىشنى ئەمەس، قانداق دەس قىلىشنى ئويلا.

▲ سۆيۈق ئوغۇل بالا ــ تەنھا كېپىنەك.

▲ سۆيگۈ ـ مۇھەببەت ناتونۇش دەپ ئايرىمايدىغان تەنھا جاھان كەزگۈچى.

▲ يىراقتىكى تىغ كۆتۈرگەن دۈشمىنىڭدىن، ئەتراپىڭدىكى تونۇش دۈشمىنىڭنىڭ زىيانكەشلىكى زور بولىدۇ.

▲ جاھاندىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى سەن ئويلىغاندەك بولىدىغان بولسا، بۇ دۇنيادا خۇشاللىق ۋە خاپىلىق دېگەنلەر بولمىغان بولاتتى.

▲ تېلېفون ــ ھازىرقى جەمئىيەتتىكى راست ـ يالغاننى يوشۇرۇشتىكى ئۈنۈملۈك قورال.

▲ بۇ دۇنيا قانداق ياشاشنى بىلمىگەنلەر ئۈچۈن ئۆز ـ ئۆزىنى ئالداشتىنلا ئىبارەت.

▲ كىشىلىك تۇرمۇشتا ھەممىنى قىلىمەن دەپ ئېسىلىۋېلىپ بىر باشقا ئېلىپ چىقالمىغانلار دورامچىلار، ھېچقانداق ئىشنى قىلالماي ئولتۇرغانلار نادانلار، بىر ئىشنى بولسىمۇ قىلىشقا ئىنتىلىدىغانلار جۈرئەتلىكلەر، ئۇنى باشقا ئېلىپ چىقالىغانلار غالىبلاردۇر.

ــ ئابابەكرى ئوبۇل ئويغاق

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ھاياتلىق ـ مۇھىت ئىلمى فاكۇلتېتى قوللىنىشچان خىمىيە 2006 ـ يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ كىتابىنىڭ باش بېتىگە «بۇ كىتابىمنى ئاپام...غا بېغىشلايمەن؛ دادام...غا بېغىشلايمەن؛ ئايالىم...غا بېغىشلايمەن»دەپ كىتاب چىقارغان يازغۇچى ـ شائىرلارغا پىكىر:

▲ ئوقۇرمەنلەرگە بېغىشلىمىغان ئۇنداق كىتابتىن بىرلا نۇسخا باستۇرۇپ، ئۇنى شۇلارغا سوۋغا قىلىۋېلىڭ!

ــ مۆمىنجان ئابدۇۋاھىد ئەرتىل

---

ئاپتور: غۇلجا شەھەر بايانداي بازىرى يېڭى كۆۋرۈك ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ خادىمى

▲ ئادەمنى چۈشەنمەك تەس ئەمەس، چۈشىنىش يولىنى تاپماق تەس.

▲ قۇلاق نېمە ئۈچۈن ئالدىغا قاراقلىق؟ چۈنكى كەينىمىزدىن قىلغان غەيۋەتنى ئاڭلىمىسۇن دەپ.

ــ مۇھەممەتتۇرسۇن توختى

---

ئاپتور:پەيزاۋات ناھىيە جانباز يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىدە تارىخ مۇئەللىمى

▲ يامغۇر ــ كائىناتنىڭ مۇنچىسى.

▲ چىقىمچى ــ ئۇرۇش ـ تالاشنىڭ ئەلچىسى.

ــ مۇھەممەتتوختى مۇھەممەتنىياز

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى 2006 ـ يىللىق 15 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## ئەتراپىتىكى نەق گەپلەر

▲ ئانىسىنى خارلىغان دەيۈزنىڭ، ئايالىنى خارلىغان دىلى كورنىڭ، بالىسىنى ئۇرغان مەغلۇبىيەتچىنىڭ ئىشى.

▲ تىلى تۇتۇقنىڭ دىلى تۇتۇق.

▲ خەنزۇ تىلىنى بىلمىسەڭ نۇرغۇن پۇرسەتتىن، ئانا تىلىڭنى بىلمىسەڭ، ئۆزۈڭدىن مەھرۇمسەن.

▲ مىنۇتلارنىڭ يىغىندىسى ئۆمۈر، يۈرەكنىڭ سوقۇشى كۆرەش دېمەكتۇر.

▲ بالىسىنى ياخشى تەربىيىلىگەن — دۈشمىنىنى بويسۇندۇرغان كىشىدۇر.

▲ پاكىز قېرىغان مويسىپىت ۋە ئادىل پادىشاھنى ھۆرمەتلەش تەڭرىنى ئۇلۇغلىغانلىقتۇر.

▲ ئەر ـ ئايال تۈزەلسە ئائىلە، ئائىلە تۈزەلسە دۇنيا تۈزىلىدۇ.

— ئۆمەر قادىر

---

ئاپتور: پىچان ناھىيە پىچان بازىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خادىمى

## تەپەككۇر چەشمىلىرى

▲ ئاجىزلارنىڭ ئەڭ چوڭ ئاجىزلىقى، ئۆزىدىن باشقىلارنى كۈچلۈك ھېسابلىغانلىقىدا.

▲ ئوغۇللار بىردەملىك ھېسسىياتنىڭ قۇلىغا ئايلانغاندا، قىزلار مەڭگۈلۈك ئازابنىڭ قۇربانلىرىغا ئايلىنىپ بولغان بولىدۇ.

▲ كۆرەڭ ئات ھەمىشە ئېشەكنىڭ كەينىدىن غەيۋەت قىلىدۇ.

▲ غەلىبە قىلساڭ شېرىك بولغۇچىلار چىقىدۇ، ئەمما يېڭىلگەندە ھېچكىممۇ شېرىك بولالمايدۇ.

▲ تۇرمۇش ئۇچىقىدا تاۋلانمىغاننى، تۈرمە ئوچىقى تاۋلايدۇ.

▲ ئاتا نەسىھىتىنى قانۇن، ئانا نەسىھىتىنى ئەخلاق دەپ بىل.

▲ شەھەرلەر زامانىۋىلىق ئىچىدە ئەنئەنىنى سېغىنىپ ھالسىرايدۇ، سەھرالار ئەنئەنە ئىچىدە زامانىۋىلىقنى سېغىنىپ ئۇھسىنىدۇ.

▲ قولۇڭغا چۈشكەننىڭ ھەممىسى سېنىڭ بولۇشى ناتايىن، شۇڭا ئالدى بىلەن ئۆزۈڭدىن سوراپ باق، ۋىجدانىڭ نېمە دەيدىكىن؟

▲ ئەخلاقتا مۇكەممەل يېتىلمىگەن ئادەم، كاتتا نەتىجىلىرى ئالدىدا بويۇن قىسىپ قالغۇچىدۇر.

— غولام تۇرسۇن

---

ئاپتور: يەكەن ناھىيە بەشكەنت بازار ساڭ كەنتىدە دېھقان

* * *

▲ ئىلگىرى كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە قاراپ ئىش قىلساق، ھازىر كۆزىگە قارايدىغان بولدۇق.

— ئايگۈل تۇرسۇن

---

ئاپتور: ئاتۇش شەھەر 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ چېچى يوقلار چاچ چىقىرالماي ئاۋارە، چېچى بارلار كېسىپ.

— پەرىدىگۈل روزى

---

ئاپتور: ئاتۇش شەھەر 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ پۇشايمان ئىككى ئىشتىن كېيىن بولىدۇ: بىرى، ئۆزىمىز توغرا دەپ قارىغان خاتا ئىشتىن، يەنە بىرى، ئۆزىمىز خاتا دەپ قارىغان توغرا ئىشتىن.

— ئىلھامجان ئېرپان

---

ئاپتور: ئاتۇش شەھىرىدە ئوقۇغۇچى

▲ ئەگەر شاتۇتى ئۆزىنى «ناخشىچى» دەپ جاكارلايدىغان بولسا، تۇگمەن: «مەن پاتېفون، مەندىن ياڭرايدىغىنى ھاياتلىقنىڭ مەڭگۈلۈك سىمفونىيىسى» دەۋېلىشتىن يانمايدۇ.

— ئابدۇروسۇل مۇھەممەت ئەلتۇغ

---

ئاپتور: يەكەن ناھىيە مىرشاھ يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئىلمىي مۇدىر

▲ يازغۇچى قولىدىكى قەلەمنىڭ تۇيۇقسىز سىلكىنىشى — شېرىن ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغىنىش ئەمەس، بەلكى غەپلەت ئۇيقۇسىدىكىلەرنى چۆچۈتۈپ ئويغىتىش.

— ئابدۇلئەزىز ئىسكەندەر

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ماشىنىسازلىق — قۇرۇلۇش ئىنستىتۇتى 2007 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر تەرمەچىلىرى

▲ باشقىلارنىڭ ياردىمىگىلا تايىنىپ بېيىغاننى ، خەير ـ ساخاۋەت قىلىپ نامراتلىشىپ كەتكەننى كۆرۈپ باقمىدىم.

▲ «نېمىشقا بىلمەيسەن؟» دەپ سورىغۇچە، «نېمىشقا ئۆگەنمىدىڭ؟» دەپ سورىغىن؛ «بىلمەيمەن» دەپ جاۋاب بەرگۈچە، «ئۆگەنمەيمەن» دەپ جاۋاپ بەر.

▲ تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىش، يولۇڭدىكى پۇتلىكاشاڭلارنى ئېلىۋېتىش دېمەكتۇر.

▲ مۇناپىق ئادەم بېشىدا يېقىنچىلىق قىلىپ، ئاخىرىدا

www.uyghurkitap.com

چېقمچىلىق قىلىدۇ.

▲ ياخشى گەپ تەسىر قىلمىسا، ئەقىل ـ ھوشۇم جايىدا ئەمەسكەن دېگىن.

▲ ساختىپەزنىڭ سۆزى ــ شېرىن زەھەر.

▲ ئەڭ بەختلىك چېغىڭ ــ ھاياتىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى تونۇپ يەتكەن ۋاقتىڭدۇر.

▲ دانا كىشى دۈشمىنىنىڭ قورققان يېرىدىن چىقسا، نادان كىشى كۈتكەن يېرىدىن چىقىدۇ.

▲ ئادەمدىن ئادەمگە ياخشىلىق يەتمىسە، ئادەملەرنىڭ قىممىتى قالمايدۇ.

▲ ئىش قىلغان بىلەن قىلمىغاننىڭ پەرقى يوق يەردە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن كەسىپچانلىقنىڭ ئاستا ـ ئاستا جېنى چىقىشقا باشلايدۇ.

▲ كېيىپ جىق ئادەمنىڭ تېنىدە زەئىپ جىق، روھىدا ئەيىب.

▲ يامان ئىش، ئىللەتلەرنى ئاز سۆزلە، سۆزلىگەنچە ئاۋۇپ كېتىۋاتىدۇ. چۈنكى، جاراھەتنى ئېچىپ قويۇپ ئەمەس، بەلكى تېڭىپ ساقايتقىلى بولىدۇ.

▲ ئۆز خاتالىقىنى باشقىلاردىن كۆرۈش، شۇ خاتالىقنىڭ ئىككىنچىسى.

▲ ئادەم جاھاننىڭ كەڭلىكىنى قانچە ھېس قىلسا، ئىش ـ ئوقىتىنى شۇنچە تەرەققىي قىلدۇرىدۇ.

▲ ئۆزى خالىي بولمىغان ئىللەتلەرنى سۆكۈش ــ ئۆزىنى پاش قىلىش ھەم مات قىلىش دېمەكتۇر. سۆزى مات بولغاننىڭ ئۆزى بىر ئىبرەت.

▲ خوراپىي ئادەملەر ھەقىقەتكە ئەمەس، رىۋايەتكە ئىشىنىدۇ.

▲ شۇنى ھېس قىلدىمكى، جاھاننىڭ ئىشلىرىنى ئۆزىنىڭ بىلمەيدىغانلىقىنى بىلمەيدىغان ئادەملەر بۇزۇپ قويىدىكەن.

▲ دۈشمەننىڭ ئوي ـ خىيالى، سېنى قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭدا خاتا تونۇشقا كەلتۈرۈش. چۈنكى خاتا تونۇشتىن خاتا ھەرىكەت، خاتا ھەرىكەتتىن مەغلۇبىيەت كېلىپ چىقىدۇ. سەن مەغلۇپ بولساڭ، دۈشمەن غەلىبە قىلغان بولىدۇ.

▲ خاتالىقتىن تەجرىبە ـ ساۋاق ئالماسلىق ــ ئىككىنچى خاتالىق.

▲ تىلەمچىنى باي قىلماق، نەپسى يامانىنى ھاي قىلماق تەس.

▲ ئىشتىن قالغۇچە گەپتىن قال.

▲ تەجرىبە ـ ساۋاقلىرى خۇلاسىلەنمىگەن ئىش، ئۆگزىسى يېپىلمىغان ئۆيگە ئوخشايدۇ.

▲ يامانغا تىل، ياخشىغا دىل يېقىن تۇرىدۇ.

▲ پۇشايمان ــ قۇرۇپ كەتكەن دەرەخ.

▲ «ئىست، ئۆتكەن ۋاقتىم» دەپ مىڭ ئېغىز دېگىنىڭدىن، «ئەمدى قانداق قىلاي» دەپ بىر ئېغىز دېگىنىڭ ئېشىپ كېتىدۇ.

▲ تولا ئىككىلىنىدىغانلار ئوتتۇرىغا كىرىۋالىدۇ.

▲ ھەسەتخورلۇق ــ يامرىغان ئوت، ئۇ ئۆزگىنى كۆيدۈرمىگۈچە بولدى قىلمايدۇ.

▲ ئادەم جەمئىيەتتىن قانچە بېكىنمە قالغانسېرى، ئۆزىنىڭ قىلغىنىنى شۇنچە توغرا دەپ ، ئۆز سەنىمگە دەسسەپ كېتىۋېرىدۇ.

▲ ئىشچانلار نېنىنى زېمىندىن تەرلەپ ـ پىشىپ ئېلىپ يەيدۇ، ھۇرۇنلار باشقىلارنىڭ قولىدىن تاتىرىپ ـ سارغىيىپ .

▲ قائىدە ـ قانۇنىيەتكە خىلاپلىق قىلىپ ئۇۋالچىلىققا قالساڭ، بۇنداق ئۇۋالچىلىقنى سورايدىغان ئادەم تاپالمايسەن.

▲ مېلىڭغا دوست بولغان ئادەم قولۇڭدا بولسا خوش، بولمىسا پوش، ئېلىۋالغۇچە ساڭا رەھمەت، ئېلىپ بولسا سېنى ئەخمەق دەيدۇ.

▲ ئۆيدىكى كۈتۈپخانا ــ ئائىلىدىكى مەكتەپ.

▲ ئانىنىڭ كۆزى تارازا، باھاسى قىممەتلىك.

▲ مەسىلىنى يۈزەكى كۆزىتىدىغانلار تەقدىرچى، ماھىيىتىدىن كۆزىتىدىغانلار تەدبىرچى بولۇپ يېتىلىدۇ.

▲ نادان سۆزىنى، بېغەم ئىزىنى، شەرمەندە يۈزىنى، ئەسكى ئۆزىنى بىلمەس.

▲ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان بالا ياخشى بالا، ئاتا ـ ئانىسىغا گېپىنى ئاڭلاتقان بالا ئەركە بالا؛ ياخشى بالىنى ئاتا ـ ئانىسى باشقۇرسا، ئەركە بالا ئاتا ـ ئانىسىنى باشقۇرىدۇ.

▲ ھەركىم ئۆزىنىڭكىنى يېگەندە ئىسراپ قىلمايدۇ.

▲ ئازغانلارغا تەربىيە قىل، لېكىن ئۇلارنى دوست تۇتما.

▲ يامان ئاقىۋەتكە قالغانلارنىڭ كۆپىنچىسى تاماكا دوقمۇشلىرىدا ئولتۇرۇپ، ھاراق كوچىلىرىدا قانلىرى قىزىپ، غەزەپ ـ ئاچچىق يوللىرىدا يۈگۈرۈپ، پۇشايمان تاملىرىغا ئۈسۈپ توختاپ قالغانلاردۇر.

▲ توغرا ـ خاتانى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىش ھىدايەتكە يېتەكلەش؛ خاتانى توغرا، توغرىنى خاتا قىلىپ كۆرسىتىپ بېرىش، جاھالەتكە يېتەكلەش دېمەكتۇر.

▲ يالغان گەپ كۆپ ھالدا چىرايلىق سۆز ـ ئىبارىلەرنىڭ ئارىسىغا كىرىۋېلىپ ھايات كەچۈرىدۇ.

▲ بېشى خام ئىشنىڭ ئوتتۇرىسى چالا، ئاخىرسى بالا بولىدۇ.

▲ غەلىبە بىر ـ بىرىنى قوغدىغان ، مەغلۇبىيەت بىر ـ بىرىنى قوغلىغان يەردە بولىدۇ.

▲ مەسئۇلىيەتتىن قېچىش ــ ئىشنى يەپ، تاۋىقىنى چېقىش.

▲ مەسئۇلىيىتى ئېنىق ئايرىلمىغان ئىش، ھارامدىن

تۇغۇلغان بالا.

▲ ئىختىلاپتىن تەپرىقچىلىك، تەپرىقچىلىكتىن ئىناقسىزلىق، ئىناقسىزلىقتىن ھالاكەت تۇغۇلىدۇ.

▲ ئالدىڭدا ماڭغانلارنى قوغدىمىساڭ، ئارقىسىدىن سەن ھالاكەتكە ئۇچرايسەن.

▲ بايلىق بىلەن بىلىم ئادەملەرنىڭ ئىككى قانىتى.

▲ ياشلىق دەۋرىڭنى ئۆگىنىش، قىرانلىق دەۋرىڭنى ئۆگىنىش ھەم ئۆگىتىش بىلەن ئۆتكۈزسەڭ، قېرىلىق دەۋرىڭنى پۇشايمان ۋە ئۆكۈنۈشتە ئۆتكۈزمەيسەن.

— مۇھەممەتجان ئابدۇغېنى

ئاپتور: كېرىيە ناھىيە خەلق قوراللىق بۆلۈمىدە ئوفىتسېر

* * *

▲ ساۋاتسىز تۇرۇپ دۇنيانىڭ ئىشىدىن كۆپ سۆزلىگەن ئادەم، بىر بولسا«قۇلاق موللىسى»، يەنە بىر بولسا، دەردنى كۆپ تارتقان.

— مۇختار ھاجى

ئاپتور: كونا شەھەر ناھىيە يېڭىئۆستەڭ يېزا سەيپۇڭبىرىق كەنتىدە دېھقان

▲ «كۆيدۈم - پىشتىم» دەپ ناخشا ئېيتىپ يۈرگىچە، يامغۇرلۇق كېچىدە يار ئىشىكىدە بىر كېچە ساقلاشنى بىل.

— خاسىيەت ساملاق

ئاپتور: كۇچا ناھىيە چىمەن بازار بازار كەنتىدە دېھقان

▲ ھايالىق قىز — بۇ ئالەمدىكى پەرىشتە.

— رەھمىتۇللا مامۇت

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىزىكا فاكۇلتېتى 2007-يىللىق 1-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ بىر-ئىككى ئادەمنى ئۆلتۈرگەن قاتىل ئاتالسا، ئوقۇتۇشقا سەل قاراپ تالاي ئوقۇغۇچىنىڭ روھىيىتى ۋە ئەقلىنى نابۇت قىلغان ئوقۇتقۇچىنى قاتىلنىڭ ئەڭ ئەشەددىيسى دېيىش كېرەك.

—ئابلىمىت ياسىن

ئاپتور: كۇچا ناھىيە ئىشخىلا بازار ئوتتۇرا مەكتىپىدە مۇئەللىم

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ ئوردا شائىرلىرىنىڭ نەزمىسىدىن ھاراقكەشنىڭ بەزمىسى ياخشى.

▲ پارىخور ئەلدە قانۇن پۇچەكلىشىدۇ، زىناخور ئەلدە ئېتىقاد سۇسلىشىدۇ.

▲ گىرىم بۇيۇملىرى كۆپىيىپ كەتكەچكە چىراي گۈزەللىكىنى، يالغانچىلىق كۆپىيىپ كەتكەچكە قەلب گۈزەللىكىنى سەزمەك تەس.

▲ ھەسەتخور يۇرتتا ئىناقلىق، پارىخور ئەلدە دىيانەت بولماس.

▲ نادان بىلەن شەھەر كەزگىچە، دانا بىلەن زىنداندا يات.

▲ ساپ ھەسەلدىن ھەرىنىڭ ئۆلۈكىنى تاپالايمىز؛
ئىناق ئەلدىن جۇلالانغان كەلگۈسىنى كۆرەلەيمىز.

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە ھۈنەر-كەسىپ تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىدە مۇئەللىم

* * *

▲ ئالىملىرى يوق مىللەت قانداق كۈنگە قالىدۇ؟

— «ئالىمىدىن ئايرىلغان مىللەت، زالىمنىڭ قولىغا قالىدۇ»دەپتىكەن ئاتا-بوۋىلار...

— توختىنىياز ئىسلام

ئاپتور: بۈگۈر ناھىيە چۇمباق يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىدە مۇئەللىم

## تەپەككۇر تەرمەچىلىرى

▲ خاسلىق — قىممەت،
ئۆزلۈك — شاھلىق.

▲ كالىنىڭ مۈڭگۈزىنى سىلسا ئۇسكۈسى كېلىدۇ.

▲ قىزلار كۆپ سۆزلەپ، ئوغۇللار كۆپ كۆزلەپ ئىزدىگىنىنى يىتتۈرۈپ قويىدۇ.

▲ روھىڭدا قالقان بولغىنىدا، جىسمىڭدىكى ئىللەتلەر مىخقا ئۇسسۇۋالىدۇ.

— يۈسۈپجان مۇھەممەت

ئاپتور: قەشقەر ۋىلايەت6- ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3- يىللىق 4- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ ئۆز تارىخىڭنى قايتىدىن يازماقچى بولساڭ، ياشاش يولۇڭنى ئۆزگەرت.

— ئابدۇناسىرجان ئابلىكىم

ئاپتور: كوناشەھەر ناھىيە 1-ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى

## توغراق چېقىنلىرى

▲ يولباشچى بىر بولسا داھىي بولىدۇ، بىر بولسا ھالاك.

▲ راھەتپەرەس ئەلدىن قەھرىمان ئاز چىقىدۇ.

▲ مەنپەئەت— بارلىق مۇناسىۋەتنىڭ ئېنېرگىيە مەنبەسى.

▲ ساۋاقداشلار — زاماندىشلار.

▲ شامال— دەل-دەرەخلەرنىڭ تەبىئەت ئانىغا ئەركىلىشى.

www.uyghurkitap.com

▲ نادانلار سەپسەتىدىن تەسەللى تاپىدۇ، ئاقىللار ھەقىقەتتىن.

— مۇھەممەتجان قۇربان (شەررارىي)

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى 2006 ـ يىللىق 9 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر تامچىلىرى

▲ ئەگەر ھاياتتىن بىزار بولساڭ، مېيىتقا كولانغان يەرلىككە كۈن چىقىشتىن بۇرۇن بىر قېتىم كىرىپ باق.

▲ ۋىسالغا يېتەلمىگەن مۇھەببەت — يۈرەكتىكى قالدۇق ئوق پارچىسى.

▲ ھەسەت — يۈرەككە ئورنىتىلغان قەرەلسىز بومبا.

▲ ئادەمنىڭ بەختلىك كۈنلىرىدە تەپەككۇرىغا داتلاشقان قۇلۇپ سېلىنغان بولىدۇ.

▲ ئوقۇتقۇچىنىڭ نەقەدەر ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىنسان ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەكچى بولساڭ، 40 ياشتىن ئاشقاندا باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 1 ـ سىنىپىغا كىرىپ بىر سائەت دەرس تىڭشاپ باق.

▲ دۇنيادىكى ھەرقانداق ئىشنىڭ بېشى خۇددى تەمتىلەپ مېڭىۋاتقان بوۋاقنىڭ مېڭىشىغا ئوخشايدۇ.

— ئابلىكىمجان مۇھەممەت

ئاپتور: يەكەن ناھىيە ئازادباغ يېزا دۆڭئۆستەڭ كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىدە تەنتەربىيە مۇئەللىمى

* * *

▲ بىر ئادەمنىڭ ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىشى، ئۇنىڭ مەغلۇبىيەتكە ئەمەس، بەلكى رېئاللىققا قانداق پوزىتسىيە تۇتۇشىغا مۇناسىۋەتلىك.

▲ باشقىلارنىڭ ئاجىزلىقلىرىغا ئەمەس، بەلكى سەن ئۆگىنىشكە تېگىشلىك تەرەپلىرىگە كۆپرەك نەزەر سالساڭ ئىدىڭ، بۇنچىلىك قوسۇرچى بولمايتتىڭ.

— بەھرىنىسا قىز ئادىل دىلەفكار

ئاپتور: يەكەن ناھىيە «ياشلار» ماي زاۋۇتى يېنىدىكى كادىرلار مەھەللىسى 3 ـ كوچىدا

▲ بالاڭنى سەن يىغلاتمىساڭ، بالاڭ سېنى يىغلىتار بىر كۈن.

— تۇردىرەھىم ئابدۇرەھىم

ئاپتور: تاجىك، شىنجاڭ ئۇچۇر قۇرۇلۇشى مەكتىپى 2007 ـ يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## يۈرەك سوقۇشلىرىدىن...

▲ سەن ئىسراپ بولۇۋاتقان تامچە ـ تامچە سۇنى قارايمۇ قويماي ئۆتۈپ كەتكىنىڭدە، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاشۇ بىر تامچە سۇنىڭ تۇرۇبا جۈمىكىدىن ئەمەس، بەلكى كۆزۈڭدىن ئېقىشىنى ئويلاپ باقتىڭمۇ؟

▲ مەن ئۆزۈمدە مۇشۇنداق بىر تۇيغۇنىڭ بولۇشىنى شۇنچىلىك خالايمەن: ئۇ بولسىمۇ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى ئوقۇغاندىن كېيىنكى يېڭى باشلىنىش.

— ئارزۇگۈل ھەبىبۇللا (جىمجىت)

ئاپتور: قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2 ـ يىللىق 11 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ ئۆزگىنى ئالداش خاتالىق، ئۆزىنى ئالداش پاجىئەدۇر.

▲ دوستىنىڭ سىرىنى ئېيتىپ بەرگۈچىگە ھەرگىز سىر ئېيتماڭ.

— مەرىيەمگۈل غولام

ئاپتور: كوناشەھەر ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ 1 ـ يىللىق 3 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ قىلغان ئىشىنى باشقىلار ئەمەس، ئۆزى ماختىغاندىنمۇ ئۆتە تېتىقسىز — لاۋزا ئادەم بولمىسا كېرەك.

▲ تاللىماي ئىستېمال قىلىۋەرگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئادەمگە قۇۋۋەت بولمىغىنىدەك، تاللىماي ئوقۇغان كىتابىڭمۇ ئادەمنىڭ بىلىم سەۋىيىسىنى ئاشۇرۇشى ناتايىن.

— ئەكبەر جاپپار دەردى

ئاپتور: قەشقەر ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنىنىڭ ساقچىسى

▲ ئىنسان ھاياتى ئۈچ تەملىك بولۇر: باللىق ۋە ياشلىق دەۋرى — شېرىن، قىرانلىق (ئوتتۇرا ياشلىق) دەۋرى — چۈچۈمەل، قېرىلىق دەۋرى — ئاچچىق، قىرتاق تەملىك.

— پولات ۋىلاخۇن ئىلى

ئاپتور: چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيە قوغۇنچى يېزا يالغۇز ياغاچ كەنتىدە دېھقان

▲ ئىدىيىدىكى قاتماللىق، ئىرادىدىكى بوشاڭلىق، روھىيەتتىكى گادايلىق، ئەقلىدىكى كەمتۈكلۈك تۈپەيلى، زامان بىزگە تار كۆرۈنۈۋاتىدۇ.

— تۇرسۇنجان مۇھەممەت

ئاپتور: كورلا شەھەر 6 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تەبىئىي پەن تولۇق 3 ـ يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ قول كەينىگە ئېگىلىشى مۇمكىن، لېكىن ئالدىغا ئېگىلگەندەك ئېگىلىشى مۇمكىن ئەمەس.

— گۈلباھار مۇھەممەت

---

ئاپتور: كوناشەھەر ناھىيە پاختەكلى يېزا تۆۋەن قاقوللا كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىدە مۇئەللىمە

## باللىقتىكى تەپەككۇر

▲ قىزىل تاغ، ئاق تاغ، قارا تاغ، ھەممىسى تاغ. ئەمما قىممەت نەدە ؟ ئوخشىماسلىقتا.

▲ ئىنسان ھامان ئىككى سۈرەتلىك.

▲ ياخشىلىق — ئوغۇلبالىنىڭ قىممىتى، قىز بالىنىڭ گۈزەللىكى، ئەرلەرنىڭ سالاپىتى، ئاياللارنىڭ لاتاپىتى، ئاتىلارنىڭ ھېكمىتى، ئانىلارنىڭ ئىبرىتى، بوۋايلارنىڭ نەسىھىتى، مومايلارنىڭ تەربىيىتى، ھاياتنىڭ سىنىقى، ياشاشنىڭ زىننىتى.

▲ جاپا ھامان ئۆتكۈنچى. بىراق ئۇ ئاجىزلارغا ئۆمۈرلۈك.

▲ ئەجدادىنى چۈشەنمەسىڭ، ئەۋلادىنى چۈشەنمەك تەس ئەمەس.

▲ يازغۇچى ئالدى بىلەن يېزىلغۇچى، ئاندىن كېيىن يازغۇچى.

▲ ھايات ھامان بىلىشتىن كېيىن ھايات.

— داۋۇت تۇرسۇن

---

ئاپتور: كېرىيە ناھىيە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 1-يىللىق 1-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ ئىنسان بەزىدە بىلىپ-بىلمەي رەقىبلىرىدىن ياردەم سورايدۇ.

— مەمتىمىن ئوسمان

---

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە 1-ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3-يىللىق 1-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر ئۇچقۇنلىرى

▲ جۈرئەت بولمىسا يۈرەك، خاتالىق بولمىسا ئىبرەت بولمايدۇ.

▲ ياش — بىر بولسا ئەڭ دەردمەنلەرنىڭ، بىر بولسا ئالدامچىلارنىڭ، بىر بولسا يىغلاڭغۇلارنىڭ كۆزىدىن تېز چىقىدۇ.

▲ ئاياللار پۇلنىڭ قولىغا ئايلانسا جالاپ، ئەرلەر پۇلنىڭ قولىغا ئايلانسا كاززاپ بولۇر.

— ئەزىمەت مەشرەپ

---

ئاپتور: تاجىك، ئاقتو ناھىيە تار تاجىك مىللىي يېزىسىدا مۇئەللىم

## تەپەككۇر جەۋھەرلىرى

▲ ھەربىر دەۋردە زاماننىڭ بۈيۈك دانالىرى، بىر بولسا دىنني ئىلىمدە، بىر بولسا پەننىي بىلىمدە يېتىشكەن كىشىلەر بولغان.

▲ تارىخ ئارقىلىق بىر مىللەت بىر بولسا ئۆزىنى تونۇيدۇ، بىر بولسا ئۆزگىگە تونۇتىدۇ.

▲ نەپ چىقمايدىغان جايدىن گەپمۇ چىقمايدۇ.

▲ ئۆزۈڭدىن چوڭلارغا، ئۆزىنى چوڭ چاغلايدىغانلارغا ، سېنى كىچىك كۆرىدىغانلارغا مەسلىھەتكە موھتاج بولمىغان ئەھۋالدا مەسلىھەت بەرمە.

▲ قىزىقىش قوزغىيالمىغان ئىش بىر بولسا بىزارلىقنى، بىر بولسا قارشىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

▲ ئەجداد ئەۋلادقا بىر بولسا ئۈلگە بولىدۇ، بىر بولسا ئىبرەت.

▲ ئىنسانلارنىڭ بىلىنمىگەن شەيئىلەر ئۈستىدىكى ئىزدىنىشى قانچە چوڭقۇرلاشقانسېرى، بىلىنگەن شەيئىلەر ئۈستىدىكى خاتا يەكۈنلەر شۇنچە تۈزىتىلىپ بارىدۇ.

▲ ئىقتىساد بېسىمى، خىزمەت بېسىمى ۋە ئائىلە بېسىمى بۈگۈنكى زامان كىشىلىرىنى روھىي قۇللۇققا گىرىپتار قىلغان ئۈچ چوڭ ئامىلدۇر.

▲ ئادەمنىڭ ئەقىللىقى كۆپ سۆزلەيدىغىنى ئەمەس، كۆپ ئاڭلايدىغىنى.

▲ دۇنيادا ئىلىم پايدا بەرمەيدىغان ئۈچ خىل كىشى بار: بىرىنچىسى، ئۆزى ئۆگىنىدۇ ئەمما باشقىلارغا ئۆگەتمەيدۇ؛ ئىككىنچىسى، ئۆزى ئۆگىنىدۇ ئەمما ئۆگەنگىنىگە ئەمەل قىلمايدۇ؛ ئۈچىنچىسى، ئۆگەنمەيدۇ، ئۆگەتمەيدۇ ھەم ئەمەلمۇ قىلمايدۇ.

▲ تۈزىتىش ۋە ئۆگىنىشنى مەقسەت قىلماي سۆكۈش ياكى كۆپتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان ئەدەبىيات تەنقىدىنىڭ غەيۋەتتىن پەرقى يوق.

▲ ئازازۇل ئايالنىڭ ئېرىگە سالغان زۇلۇمى ھەرقانداق زالىم پادىشاھنىڭ ئەلگە سالغان زۇلۇمىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ.

▲ ئىشتىن بۇرۇن غالىبىيەتچىلەرنىڭ كۆرىدىغىنى پۇرسەت، مەغلۇبىيەتچىلەرنىڭ كۆرىدىغىنى مۇشەققەت.

▲ ئۆزىنى بىلگەن ئادەم بولۇر، ئۆزگىنى بىلگەن ئالىم.

▲ غالىبىيەتچىلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن بىر تۈرلۈك پىلانى بولسا، مەغلۇبىيەتچىلەرنىڭ مىڭ تۈرلۈك باھانىسى بولىدۇ.

▲ غالىبىيەتچىلەرنىڭ نەزىرىدە دۇنيادا قىلغىلى بولمايدىغان ئىش يوق؛ مەغلۇبىيەتچىلەرنىڭ نەزىرىدە دۇنيادا قىلغىلى

بولىدىغان ئىش يوق.

▲ دەبدەبىلىك شوئار ـ چاقىرىقلاردىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان بىر ھەرىكەت ئەۋزەل.

▲ دۇنيادا كىشىنىڭ كۆلۈپ تۇرۇپ جاننى ئالىدىغان دۈشمىنى، يىغلاپ تۇرۇپ تەلىم بېرىدىغان دوستى بولىدۇ.

▲ تارىختىن مەلۇمكى، بىر مىللەتنىڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقى، مەھكۇملۇق دەۋرىنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

▲ بىر كىشىنىڭ تېنىدە ئېقىۋاتقىنى ئاتىنىڭ ، روھىدا ئېقىۋاتقىنى مىللەتنىڭ قېنى.

▲ ئاتاڭ بەرمىگەننى ئاۋام بېرىدۇ.

▲ يەپ ـ ئىچىش جانلىققا خاس ئادەت، يېگەن ـ ئىچكەنگە جاۋاب قايتۇرۇش ئادەمگە خاس پەزىلەت.

▲ بىراۋغا قايىللىق بولماي تۇرۇپ مايىللىق بولمايدۇ.

▲ ئۆز خەلقىگە ئاسىيلىق قىلغان ئالىمنىڭ زالىمدىن پەرقى يوق.

▲ بۈگۈن تەر تۆكمىگەنلەر ئەتە ياش تۆكىدۇ.

▲ نادانغا يالۋۇرۇشتىن، زالىمغا قەرزدار بولۇشتىن ساقلان.

▲ ئىللەتكە تولغان جەمئىيەتتە غەيۋەت بازار تاپىدۇ.

▲ دوستۇڭنىڭ ساداقىتىنى، دۈشمىنىڭنىڭ خىيانىتىنى ئۇنتۇما.

▲ دۇنيا ئەرلەرنىڭ پاراستى، ئاياللارنىڭ دىيانىتى ئارقىلىق گۈزەل بولىدۇ.

▲ تائام يېيىش ئاسان، سىڭدۈرۈش تەس؛ سۆز قىلىش ئاسان، ھۆددىسىدىن چىقىش تەس.

▲ ئۆرۈش بىر مىللەتنى بىر بولسا قەيسەرلەشتۈرىدۇ، بىر بولسا زەئىپلەشتۈرىدۇ.

▲ پەرزەنتلىك قايىل بولىدىغان ئۇستاز ئىزدەشتىن بۇرۇن پەرزەنتلىك قايىل بولىدىغان ئاتا ـ ئانا بول.

▲ كىشى مىللىتىگە بولغان مۇھەببەتتىن ھەق سۆزلەيدۇ، ئاسىيلىقتىن سەپسەتە ساتىدۇ.

▲ دۇنيادا بەدەلسىز ئېرىشىش، سەۋەبسىز يوقىتىش بولمايدۇ.

▲ تاللاش ۋە شاللاش بولمىغان جەمئىيەتتە ئىلگىرىلەش بولمايدۇ.

▲ ئىنسان ھەمىشە توغرىلىقىنى ئۆزىدىن ، خاتالىقىنى ئۆزگىدىن كۆرگۈچىدۇر.

▲ مەغلۇبىيەتنى ئاقىللار تەدبىردىن، نادانلار تەقدىردىن كۆرىدۇ.

▲ دۇرۇس سۆز بىر ئېغىزدىن چىقسا، غەيۋەت سۆز مىڭ ئېغىزدىن چىقىدۇ.

▲ نېمەتكە تۇزكورلۇق قىلغۇچىنىڭ سۆپىتى شۇكى ، ئۇ نېمەتنى تونۇيدۇ، نېمەت بەرگۈچىنى ئۇنتۇيدۇ.

▲ تەربىيىنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى تەربىيىلەنگۈچى رازىمەنلىك بىلەن قوبۇل قىلىدىغان تەربىيىدۇر.

▲ بىر قوۋمنىڭ بۇزۇلۇشىغا بىر يىل، تۈزۈلۈشىگە مىڭ يىل كېتىدۇ.

▲ ئاقىللار سورۇنىدا ھېكمەت تولا، نادانلار سورۇنىدا غەيۋەت.

— ئەھمەتجان قاسىم

ئاپتور: مەكىت ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە تارىخ مۇئەللىمى

## ئازۇك تۇيغۇلار

▲ ياردەم سېغىنىمۇ، بېخىلىمۇ سېنى چۈشىنىشكە ئۇندەيدىغان بىردىنبىر ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ.

▲ بۈگۈننى چىڭ تۇتۇپ يېڭىلىق يارىتىۋاتقانلارغا ئەتە ھەققىدە دەرس سۆزلەش ئارتۇقچە.

▲ دۇنيادا ئەڭ غېمى تۈگىمەيدىغان ئادەم ئاتا ـ ئانا. چۈنكى ئۇلار ئۆلگۈچە سېنىڭ غېمىڭنى يەپ تۈگىتەلمەي ئارماندا كېتىدۇ.

▲ ئەجىر — يۈزۈك، ئەخلاق — ئۈزۈك.

▲ تولا كۆلگەندە ئەيىب بار، ھاياجاندا كەيىپ.

▲ ئۆز تەزكىرىسىنى يېزىپ قالدۇرۇش — كېيىنكى ئەۋلادلىرىغا قالدۇرۇلغان ئەڭ ياخشى نەسىھەت.

▲ ئەجرىم دېگەن نەرقىڭنى، خاسلىقىم دە پەرقىڭنى.

▲ كۆز كۆرۈپ ئازدۇرىدۇ، لەۋ سۆيۈپ، قولاق كۆنۈپ.

▲ باھانە ـ سەۋەب شۇ ئىشتا ئامالسىز قالغانلىقنى، قىسقىسى، يېڭىلگەنلىكنى كۆرسىتىدۇ.

▲ گاسقا ۋارقىرىغىنىڭدىن ھومايىنىڭ بەكرەك ئۆتىدۇ.

▲ ئۆكۈنگىنىڭ — ئەقلىڭنى تاپقىنىڭ، سەۋەب كۆرسەتكىنىڭ — ئېۋىنىڭنى يايقىنىڭ.

▲ غەم ئادەمنى يەيدۇ. لېكىن غەم يېمىگەن ئادەمنىڭ ئەۋلادى كەلگۈسىدە بىچارىلىكتە ئۆتىدۇ.

▲ ئىشىنىش — ساڭا بېرىلگەن ئەڭ چوڭ پۇرسەت ھەم باھا.

▲ ھۆرمەت كۆكلىتىدۇ، تۆھمەت كۆشكۈرتىدۇ، ھىممەت ئۆزگەرتىدۇ، قىممەت سۆزلىتىدۇ.

▲ باشلىقىڭنى ماختاشتىن كۆرە بۇيرۇغان ئىشىنى نۇقسانسىز ، ئويلىغىنىنى مەقسەتسىز قىل.

▲ ئەدەپ ئەخلاقىڭنى قوغدايدۇ، بىلىمىڭ ھۆرمىتىڭنى.

— قۇربانجان توختى ھۆرمىتى

ئاپتور: كوناشەھەر ناھىيە بۇلاقسۇ يېزا ئاشلىق پونكىتىنىڭ خادىمى

# چەرچەن ناھىيە ئوتتۇرا مەكتىپى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تەپەككۇر ھاسىلاتلىرىدىن ...

▲ سەن ھامان ئۆزۈڭنىڭ ئۆمۈرلۈك ئەسلىمە ئامبىرىڭنى ئاختۇرۇپ كۆرۈپ،بۇلارنى تەپسىلىي كۆزدىن كەچۈرىدىغان بىر كۈنگە ئېھتىياجلىق بولىسەن.

— قۇتلۇقجان ئەھمەت

▲ دۇنيادا بەختسىز ئادەم يوق، ئۆزىگە كەلگەن بەختنى تۇتۇۋالالمايدىغانلار بار.

— ئالىمجان غەنى

▲ كىتابكى بىر بۇلاق، بۇ بۇلاقنىڭ سۈيىنى ئىچىپمۇ ئىچىپ تۈگىتەلمەيسەن.

▲ ئانا تىلنى سۆيمەيدىغان كىشى— ئۆزىنى سۆيمەيدىغان كىشى.

▲ ھايات بىر تامچە سۇ. ئۇنى دېڭىزغا ياكى قۇملۇققا تېمىتىش ئۆزۈڭگە باغلىق.

— ماھىرە مۇھەممەتئىمىن

▲ ھەرقانداق نەرسە ئازلىغانسېرى قىممىتى ئېشىپ بارىدۇ، خۇددى مۇشۇكئېيىققا ئوخشاش.

— نادىرە نىجات

▲ تىكەنگە دەسسىۋېلىپ تىكەندىن ئاغرىنما، ئۇ ساڭا ئېھتىياتچانلىقنى ئۆگىتىدۇ.

— ئاينۇرتۇردى

▲ ئانىلارنىڭ مېھرىبانلىقى خۇددى چۆللەردە ئۆسۈپ قالغان گىياھلارنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن تامچىدەك شېرىن.

— گۈزەلنۇر تۇرسۇن

▲ تەۋەككۇلچىلىك سىزنى بىردەمدىلا قەلەندەر ياكى باي قىلىۋېتىشى مۇمكىن.

— مېھرىئاي مۇھەممەت

▲ دوستلۇقنىڭ بىرىنچى شەرتى ئىشەنچ، ئىككىنچى شەرتى سەممىيلىك.

— ئىززەتگۈل ئەزىز

▲ بىراۋغا موھتاج بولغان ۋاقتىڭدىلا ھاجەتمەنىنىڭ ھېسسىياتىنى چۈشىنەلەيسەن.

— مەنزىرە تۇرسۇن

▲ ياشلىق ئۆز ۋاقتىدا قەدرى بولماي، قېرىغاندا ئەسلەيدىغان شېرىن كۈنلەردۇر.

— مەھمۇتجان ئوبۇل

▲ دۇنيادا ھېچقانداق كىشى قۇل بولۇشنى خالىمايدۇ، بىراق ئۇلار ئۆزى ئۈچۈن مەڭگۈ بىر قۇلدۇر.

— تۇرسۇن ئابدۇرەھىم

▲ ئىنساننىڭ تەقدىرى ئۆزى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.

— رىزۋانگۈل نىياز

▲ ھايات مەنزىلى ئۇزۇن، ئەمما مەنىلىك ھايات تولىمۇ قىسقا.

— ئالىمجان ئابدىلىم

▲ بىلىمسىز ئادەمنىڭ ئىچى كاۋاك سۆگەتتۇر،
لازىم بولماس ھېچ كىشىگە ئۇ پەقەت.

— يالقۇنجان ياقۇپ

▲ بەزى ئادەملەرنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن، ئارمانى يوق،
بەزىلەرنىڭ ئۆمرى قىسقا، ئارمانى كۆپ.

— قەمبەرنىسا تۇردى

▲ ئەربولساڭ قورقماس بول،
سۇ بولساڭ چوڭقۇر.

— رەيھانگۈل ئىبراھىم

▲ ۋاپادارلىقنىڭ سىمۋولى — جاپاكەش ئانا.

— ئېلىيارجان ئوبۇل

▲ تۇنجى قېتىم يىقىلغىنىڭ— ئورنۇڭدىن تۇرۇشنى ئۆگىنىشنى باشلىغانلىقىڭ.

— زۆھرەگۈل بەكرى

▲ ئادەم غەمسىز تۇغۇلۇپ، ئارزۇ بىلەن ياشاپ، ئارمان بىلەن كېتىدۇ.

▲ باشقىلارنى كۈلدۈرۈش ئاسان، لېكىن ئۆزىنى خۇشھال قىلىپ كۈلدۈرۈش تەس.

— ھاۋاگۈل ئابدۇۋەلى

---

يېتەكچى ئوقۇتقۇچى: ئەھمەتجان قۇربان

* * *

▲ ئادەمنىڭ ھەجىيىپ كەلگىنى بىلەن ئىتنىڭ ماراپ كەلگىنىدىن قورق.

— ئابلەت ئابلىز

---

ئاپتور: ئونسۇ ناھىيە يېزا ئىگىلىك رادىئو-تېلېۋىزىيە مەكتىپىدە مۇئەللىم

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ پېشانەڭدىكى قورۇقلار، بىرى، ئەجىر قىلغانلىقىڭ، يەنە بىرى، كەمبەغەل — يوقسۇزلۇقنىڭ بەلگىسى.

▲ ۋاقىتنى چىڭ تۇتىدىغانلار ۋاقىتنى تەتۈر ھېسابلايدۇ.

▲ ئاڭسىز ئادەمدىن ئاڭلىق ھايۋان يامان.

▲ ئىمارەت(ئۆي)تېشىدىن، ئادەم ئىچىدىن قېرىيدۇ.

▲ ھەيرانمەن! ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلىرى ئۈچۈن ئۆي سالىدىكەن؛ پەرزەنتلەر ئاتا ـ ئانا ئۈچۈن قەبرە ياسايدىكەن.

ــ ئادىلجان مۇھەممەت

---

ئاپتور: يوپۇغا ناھىيە تېرىم يېزا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ بىلىمسىز خەلق مالچىنىڭ ئالدىدىكى پادىغا ئوخشايدۇ.

▲ ئەرلەرنىڭ ئىنسانىي كامىللىقتا يېتىش يولىدىكى ئۈچ چوڭ سىناق: 1. بايلىق، 2. مەنسەپ، 3. ئايال.

ــ ئابلىكىم مۇھەممەت

---

ئاپتور: يەكەن ناھىيە ئىبلىشقۇ بازىرىدا خۇسۇسىي دوختۇر

▲ قىزلار بىر بولسا ئەخلاقسىزلىقىدىن، بىر بولسا ئەقىلسىزلىقىدىن، ئوغۇللار بىر بولسا ھۈنەرسىزلىكتىن، يەنە بىر بولسا ۋىجدانسىزلىقىدىن ئاسان بەختلىك بولالماس.

ــ ئۆمەر مولتوختى

---

ئاپتور: ئاقسۇ ۋىلايىتى تەجرىبە ئورمانچىلىق مەيدانى سوگەتئېرىق كەنتىدە دېھقان

## زامانداشلىرىمغا دەيدىغانلىرىم...

▲ ئوبدان كۆزەت ــ ئەقلىڭ ئۆتكۈرلىشىدۇ؛ كۆپرەك پىكىر قىل، تەپەككۇرۇڭ ئېچىلىدۇ.

▲ كۇتۇپخانا بىلەن قاۋاقخانىنىڭ ئارىلىقى بىر قەدەم؛ تۈرمە بىلەن ئەركىنلىكنىڭ ئارىلىقى بىر قەدەم؛ ياخشىلىق بىلەن رەزىللىكنىڭ ئارىلىقى بىر قەدەم. ئەمدىكى گەپ قەلبىمىزدىكى بىر قەدەم بىلەن ئاستىمىزدىكى بىر قەدەمنى قانداق بېسىشىمىزدا قالدى.

▲ تىرەپ قويۇلغان نەرسىگە بېسىم كۆپ چۈشىدۇ.

▲ بۇ ئالەمدە بىز يەرنى يەيمىز، ئۇ ئالەمدە يەر بىزنى يەيدۇ.

▲ بەزى نەرسىلەرگە قىزىقىپ ئېرىشىمىز، بەزى نەرسىلەرگە چۈشىنىپ.

ــ ئابلەتجان شۈكۈر خۇشچاقچاق

---

ئاپتور: كۇچا ناھىيە دۆڭقوتان بازىرى لەڭگەر كەنتىدە دېھقان

▲ ئەي قىز! سۆزى، كۈلكىسى، كۆز يېشى «ئەرزان» قىز بوپقېلىشتىن ساقلىنىڭ.

ــ گۈلزار ئەزىز

---

ئاپتور: فۇجيەن ئۆلكىسى شيامېن شەھىرى تۇڭئەن 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىنىڭ 2006 ـ يىللىق ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر تامچىلىرى

▲ ياش ئاجىزلىقنىڭ، مۇشت نادانلىقنىڭ مەھسۇلىدۇر.

▲ تۈرمۇش، ھەممىمىزگە قالغان خىرىتىسىز يول.

▲ بۈگۈنكى مەغلۇبىيەت ــ دۈشمىنىڭنىڭ ئەتىكى داغدام يولى.

▲ پۇرسەت پىشىپ يېتىلگەنسېرى ئادەمنى شۇنچە سۈر باسىدۇ.

▲ رىقابەت ئىچىدە قىلغان ئىشتا ئەيىبىڭ تېپىلىدۇ.

▲ ساپا ــ مىللەتكە بېسىلغان ئورتاق تامغا.

▲ «بىرنىڭ كاساپىتى مىڭغا» دېگەن ھەقىقەتنى بىر تال چىۋىننىڭ پۈتۈن بىر گۆشنى سېسىتقانلىقىغا قاراپ بىلىۋال.

▲ قېرىلىق ئادەمنى مۈكچەيتىدۇ، لېكىن ئىرادىسىنى بولسا تاۋلاپ چىقىدۇ.

ــ ئابدۇللا ناسىر

---

ئاپتور: توقسۇ ناھىيە ئۆگەن يېزا ئورلۇق كەنتىدە دېھقان

* * *

ھەسەتخورنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارىساڭ، ئۇ سېنى تەتۈر كۆرىدۇ، چۈنكى سەن ئېرىشكەن نەرسە ئۇنىڭدا يوق.

ــ ئابلىمىت ئىمىن

---

ئاپتور: قورغاس ناھىيە لوسىگۇڭ بازار 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە مۇئەللىم

▲ ھەقىقىي ئىرادىلىكلەرنىڭ جىسمىدا «توغراق روھى» بولغىنى بىلەن، يەنە كۆپىنچىمىزنىڭ جىسمىدا قۇمغا ئوخشاش كۇندۇزى ئىسسىپ، كېچىسى مۇزلايدىغان «قۇملۇق روھى» يوقالغىنى يوق.

ــ ئابباسجان مۇھەممەت جەۋلانىي

---

ئاپتور: پىچان ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تەبىئىي پەن تولۇق 3 ـ يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى (M1)

بۇ ساننىڭ مەسئۇل كوررېكتورى: قۇربان مامۇت، كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ماشىنىست ۋە بەتچى رىسالەت مۇھەممەت، نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن




## ــ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسىدىكى كۆچۈرمىكەشلىك ۋە ئوخشاشلىقلار

▲ ئۆز ئىشەنچىسىنى يوقاتقان ئادەم باشقىلارنىڭمۇ ئىشەنچىسىگە ئېرىشەلمەيدۇ.

ــ «ئىبراھىم ئالپتېكىن ئەسەرلىرى(3)» 403-بەت

▲ ئۆزىگە ئىشەنمىگەن ئادەمگە ھېچكىممۇ ئىشەنمەيدۇ.

ــ جاھانباي ماشەك

ــ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2006-يىل 6-سان 38-بەت

▲ سىزگە ھېچ كىشى قىزىقمىسا، سىز ئۆزىڭىزنى يارىماس دەۋىرىڭ.

ــ «ئىبراھىم ئالپتېكىن ئەسەرلىرى(3)» 201-بەت

▲ سىزگە ھېچكىشى قىزىقمىسا، ئۆزىڭىزنى يارىماس دەڭ.

ــ خالىدە ئابدۇۋاھىد

ــ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2007-يىل 3-سان 47-بەت

▲ بۇرۇنقىلار ئېتىقاد نامراتلىقىدىن يېرىم-يالىڭاچ يۈرگەن بولسا، ھازىرقىلار ئېتىقاد نامراتلىقىدىن يېرىم-يالىڭاچ يۈرۈۋاتىدۇ.

ــ ئابلىز روزى

ــ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2007-يىل 5-سان 55-بەت

▲ بۇرۇن كىيىم-كېچەكنىڭ بەدەننى ياپالماسلىقى نامراتلىق سەۋەبىدىن بولسا، ھازىر ناپاكلىق سەۋەبىدىندۇر.

ــ ئەخمەتجان ئابلىمىت

ــ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2008-يىل 6-سان 52-بەت

▲ كىبىر - قەلبتىكى كىر.

ــ قەمەرىددىن قادىر

ــ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2007-يىل 5-سان 56-بەت

▲ كىبىردىن يىراق ــ كۆڭۈل كىرىدىن يىراق.

ــ مەھمۇتجان ئابدۇۋەلى داۋۇد ئۇيغۇرزادە

ــ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2008-يىل 6-سان 54-بەت

▲ رىقابەتچىسى يوق ئادەم بىر بولسا ھەممىدىن كۈچلۈك، بىر بولسا ھەممىدىن ئاجىز ئادەمدۇر.

ــ ئابدۇغەنى توختى توغرۇل

ــ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2007-يىل 1-سان 40-بەت

▲ پەقەت رەقىبىڭ يوقمۇ؟ ئۇنداقتا ئۆزۈڭنى ئەڭ ئاجىز دېگىن.

ــ ئابدۇقەييۇم ئىبسا

ــ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2008-يىل 4-سان 67-بەت

▲ قىزلار كۆيۈنۈشكە، ئوغۇللار چۈشىنىشكە موھتاج.

ــ مۇساجان كامىل

ــ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2005-يىل 5-سان 55-بەت

▲ قىزلارنىڭ مۇھەببەتكە ئېرىشىشتە كۆيۈنۈشكە تايان، ئوغۇللارنىڭ مۇھەببەتكە ئېرىشىشتە چۈشىنىشكە.

ــ مەريەمگۈل ئابدۇرېھىم ئايقۇت، ئالىمجان نەسىردىن ئۆزقۇت

ــ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2007-يىل5-سان56-بەت

▲ سەن ئەينەك ئارقىلىق ئۆز چىرايىڭنى، ئەخلاقىڭ ئارقىلىق ئۆز گۈزەللىكىڭنى كۆرەلەيسەن.

ــ ساھىرەم پەيزىرەھمان

ــ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2008-يىل1-سان 45-بەت

▲ چىراي گۈزەللىكىنى ئەينەكتىن، قەلب گۈزەللىكىنى خەلقتىن كۆرۈۋال.

ــ ئەخمەتجان ئابلىمىت

ــ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2008-يىل 6-سان 52-بەت

▲ كۆڭۈلگە سىغمىغان، كۆزگە سىغماس.

ــ ئەھمەتجان جاپپار

ــ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2006-يىل 2-سان 52-بەت

▲ كۆزگە سىغمىغان ، كۆڭۈلگە سىغماس.

ـــ ئابدۇغەنى توختى توغرۇل

ـــ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى 2008 ـ يىل 6 ـ سان 51 ـ بەت

▲ دۇنيادا ئەڭ ئوڭاي ئىش باشقىلاردىن قۇسۇر تېپىش، ئەڭ تەس ئىش ئۆزىنى ئاقلاشتۇر.

ـــ ئەسقەر ئىدرىس

ـــ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى 2005 ـ يىل 5 ـ سان 49 ـ بەت

▲ دۇنيادا ئەڭ تەس ئىش ئۆزىنى ئاقلاش، ئەڭ ئوڭاي ئىش قۇسۇر تېپىشتۇر.

ـــ ئابدۇخالىق ئىمىن (مۇغالىي)

ـــ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى 2008 ـ يىل 1 ـ سان 46 ـ بەت

▲ يىگىت جاسارەتتە، قىز نازاكەتتە چىرايلىق كۆرۈنىدۇ.

ـــ مۇھەممەدئۇن سەمەت ئەلقادىر

ـــ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى 2005 ـ يىل 5 ـ سان 44 ـ بەت

▲ ئەرلىك ـــ جاسارەت ، ئاياللىق نازاكەتتۇر.

ـــ قۇربان ئابلىمىت

ـــ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى 2007 ـ يىل 1 ـ سان 38 ـ بەت

## نېمە تېرىساڭ شۇنى ئالارسەن

### ـــ بالىلار تۇرمۇشتا قانداق نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالىدۇ؟

ئەگەر بالىلار تەنقىدلەش مۇھىتىدا ياشىسا، ئەيىبلەشنى ئۆگىنىۋالىدۇ.

ئەگەر بالىلار دۈشمەنلىشىش مۇھىتىدا ياشىسا، ئۇرۇشۇشنى ئۆگىنىۋالىدۇ.

ئەگەر بالىلار مەسخىرە قىلىش مۇھىتىدا ياشىسا، تەڭقىسلىقتا قېلىشنى ئۆگىنىۋالىدۇ.

ئەگەر بالىلار ئىزا ـ ئاھانەت ئىچىدە ياشىسا، ھەسرەت چېكىشنى ئۆگىنىۋالىدۇ.

ئەگەر بالىلار ئەپۇچانلىق مۇھىتىدا ياشىسا، كەڭ قورساقلىقنى ئۆگىنىۋالىدۇ.

ئەگەر بالىلار مەدھىيىلەش مۇھىتىدا ياشىسا ، ئۆزىنى چوڭ تۇتۇشنى ئۆگىنىۋالىدۇ.

ئەگەر بالىلار باراۋەرلىك مۇھىتىدا ياشىسا ، ھەققانىيەتنى ئۆگىنىۋالىدۇ.

ئەگەر بالىلار بىخەتەر مۇھىتتا ياشىسا ، باشقىلارغا ئىشىنىشنى ئۆگىنىۋالىدۇ.

ئەگەر بالىلار قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەيدىغان مۇھىتتا ياشىسا، ئۆزىنى قەدىرلەشنى ئۆگىنىۋالىدۇ.

ئەگەر بالىلار ئۆزئارا ئىھتىراپ قىلىدىغان ۋە دوستانە مۇھىتتا ياشىسا ، بۇ دۇنيادىن مۇھەببەت ئىزدەشنى ئۆگىنىۋالىدۇ.

---

تەلئەت قادىرىي تۈزگەن«بىز ئىزدەۋاتقان مائارىپ» ،41 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 ـ يىل سېنتەبىر 1 ـ نەشرى

## ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ تەسىرى

ئۆچمەنلىك ئىچىدە چوڭ بولغان بالا مۇشتلىشىشنى ئۆگىنىدۇ.

مەسخىرە ئىچىدە چوڭ بولغان بالا تارتىنچاقلىقنى ئۆگىنىدۇ.

ئىزا ـ ئاھانەت ئىچىدە چوڭ بولغان بالا ئۆزىنى كەمسىتىشنى ئۆگىنىدۇ.

رىغبەتلەندۈرۈش ئىچىدە چوڭ بولغان بالا ئۆزگە ئىشىنىشنى ئۆگىنىدۇ.

ماختاش ئىچىدە چوڭ بولغان بالا ھۇزۇر ـ ھالاۋەتنى ئۆگىنىدۇ.

ھەققانىيەت ئىچىدە چوڭ بولغان بالا ئادىللىقنى ئۆگىنىدۇ.

قوللاش ئىچىدە چوڭ بولغان بالا باشقىلارغا ئىشىنىشنى ئۆگىنىدۇ.

مېھرىبانلىق ئىچىدە چوڭ بولغان بالا غەمخورلۇق قىلىشنى ئۆگىنىدۇ.

ـــ مۇھەممەتجان ھەبىبۇل

ـــ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى 2007 ـ يىل 5 ـ سان 56 ـ بەت

---

سېلىشتۇرۇپ دەللىلىگۈچى: ئۇرۇمچى «توغرۇل»كىتابخانىسىدىن ئابدۇغەنى توختى توغرۇل(M1)

**ژۇرنىلىمىزنىڭ 2009 ـ يىل كېيىنكى يېرىم يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولۇشقا ئالدىراڭ**

ژۇرنىلىمىزنىڭ 2009 ـ يىل كېيىنكى يېرىم يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش بۇ يىل 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى باشلىنىپ 20 ـ كۈنى ئاياغلىشىدۇ. ژۇرنىلىمىزنىڭ يەككە باھاسى6يۈەن، يېرىم يىللىقى 18يۈەن. مۇشتەرىلەرنىڭ بۇ 20كۈنلۈك پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق جايدىكى پوچتىخانىلار ئارقىلىق ژۇرنىلىمىزنىڭ 2009 ـ يىل كېيىنكى يېرىم يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولۇشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز. ژۇرنىلىمىزغا مۇشتەرى بولۇشتا پوچتا ۋاكالەت نومۇرى 22 ـ 58نى ئېيتىپ بەرسىڭىزلا مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقانداق جايىدىكى پوچتىخانىلاردا ئىنتايىن ئاسان مۇشتەرى بولالايسىز. شۇنىمۇ ئالاھىدە ئەسكەرتىمەكچىمىزكى، ژۇرنىلىمىز تەھرىر بۆلۈمى ئارقىلىق بىۋاستە مۇشتەرى قوبۇل قىلمايدۇ. شۇڭا مۇشتەرىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى پوچتىخانا ئارقىلىق مۇشتەرى بولۇشىنى سورايمىز.

ـــ كامالىي ئېھتىرام بىلەن:«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى



# بىز قالدۇرىدىغان ئېسىل مىراس

مۇنەۋۋەر نىزامىددىن

كىتابسىز دۇنيا — ياۋايىلار ئالىمىدۇر.

— بىر دانانىڭ ھېكمىتى

مىراس سۆزى تىلغا ئېلىنسىلا، كۆپىنچە كىشىنىڭ كۆز ئالدىغا يەر - زېمىن، پۇل - مال، ئالتۇن - كۈمۈش دېگەندەك ماددىي نەرسىلەر كېلىدۇ. ئەمما ئىلىم، گۈزەل خۇلق - پەزىلەت، ياخشى نام دېگەنلەر ئېسىمىزگە ئانچە كەلمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە مانا مۇشۇ نەرسىلەرلا ھەقىقىي ئۆلمەس مىراستۇر. پۇل - بايلىق، مال - مۈلۈكلەر دەل گۈزەل خۇلق - خاراكتېرنىڭ ئازغىنە نەتىجىلىرىدۇر، خالاس. بىز ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان تەۋەررۈك مىراسلارغا چىن مەنىسىدىن ۋارىسلىق قىلىمىز دەيدىكەنمىز، مىراسنىڭ تەگ - تەكتىنى ئاڭقىرىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئاتا - بوۋىلىرىمىز «يېتىپ يېسە تاغمۇ توشمايدۇ» دېگەندەك ھېكمەت دۇردانىلىرى ئارقىلىق بايلىقنىڭ ئىنسانغا باقمەندە ئەمەسلىكىنى ئەسكەرتكەنىكەن. ماددىي بايلىق مىراسلىرى ھەقىقەتەن توشمايدۇ. لېكىن تۈگىمەيدىغان، خورىمايدىغان، ھېچكىم تارتىۋالالمايدىغان ۋە ھەتتا سىزنى تېخىمۇ مۆتىۋەر قىلىۋېتىدىغان مىراسمۇ يوق ئەمەس. بىلىم دەل شۇنداق خورىماس بايلىقتۇر. كىتاب ئەنە شۇنداق خورىماس بايلىقنىڭ مەنبە - بۇلىقىدۇر.

كىتاب — بايلىق، بايلىقلار خەزىنىسىدىكى بىباھا گۆھەر. توغرا، ئالەمدە مال - دۇنيا جىق. ۋەھالەنكى، مەيلى ھەر قانچە قىممەتلىك دۇر - جاۋاھىر، ئالتۇن - كۈمۈش، ئالماس - ياقۇتلار بولسۇن، ھەممىسلا كۆرۈنۈش، تاشقى قىياپەت ئۈچۈن رەڭ - بېزەكتۇر. بۇلار بىلەن ئۇستىۋېشىڭىزنى، تۇرالغۇڭىزنى ۋە ياكى ئوردا - خانىلارنى بېزەش مۇمكىن. لېكىن ھېچقايسىسى بىلەن ئىچكى قىياپەتنى — قەلبنى، روھنى بېزەش - بېيىتىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇ بىزنىڭ كۆڭلىمىزنى كۆتۈرۈپ، خۇش قىلغاندەك قىلغان بىلەن، بۇلار ھەقىقىي مەنىدىكى ئادىمىيلىكنىڭ يۈكسىلىشى، مەنىۋى ساپانىڭ ئۆسۈشىگە تەڭداش ئەمەس.

ئالتۇن - كۈمۈش، مال - دۇنيا مەنىۋى ئالىمى سۇزۇك، چىن پەزىلەت - كېرەملىك ئىنساننى تېخىمۇ مەنىلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرگەن بىلەن، قەلبى تېخى غەپلەت ئۇيقۇسىدىكىلەردىن ئويغانمىغان دىلى كور گۇمراھلارنى تېخىمۇ ئىپلاس، قارا نىيەت قىلىۋېتىدۇ، ئۇلارنىڭ تېخىمۇ پەسكەش قىلىقلارنى قىلىشىغا يول، كۆۋرۈك بولۇپ بېرىدۇ. كىتابچۇ؟...

كىتاب ئۇستىۋېشىڭىزغا بەلكىم زىننەت بولالماس، ھەتتا سىزنىڭ ياسىنىپ، تارىنىدىغان پۇل - ئاقچىڭىزنى يەپ كېتەر. ئەمما ئۇ سىزنى ئىنساني سۈپەتكە ئىگە قىلغۇچى قەلبىڭىزگە ئۆمۈرلۈك چىراغ ياقىدۇ. تاشقى زىننەت - بېزەكلەر كونىرار، يىرتىلار، مودىدىن قالار. لېكىن خۇلقىڭىز، ھەرىكىتىڭىز، ھاياتىڭىزغا نۇر تارقاتقۇچى ئىلىمنىڭ يىرتىلغان، مودىدىن قالغانلىقىنى كۆرمەيسىز. ئۇ بەلكىم ئىنكار قىلىنىشى، ئۆزگىرىشى مۇمكىن. لېكىن ئۇنىڭ ئۆزگىرىشى كىيىمنىڭ، گىرىمنىڭ، بويۇمنىڭ ئۆزگىرىشىگە زىنھار ئوخشىمايدۇ. ماددىي نەرسىلەر سىزنى ئۆكسىتىپ، ھەتتا زارلىتىپ، قاقشىتىپ، يىغلىتىپ تۇرۇپ ئۆتىدۇ، سۇكۇلىدۇ. بىلىمنىڭ ئۆزگىرىشى، ئىدىيىنىڭ يېڭىلىنىشى بولسا سىزنى ئالغا باستۇرۇپ بېيىتىدۇ، روھلاندۇرىدۇ...

كىتاب بىلەن خانە - ئوردىڭىزنى ئۈنچىۋالا ھەشەمەتلىك بېزىيەلمەيسىز. ئەمما كۇللى كائىناتنىڭ ئەڭ بۈيۈك سەمەرىسى بولمىش ئىنساننىڭ قەلب خانىسىنىڭ بېزىلىشى ئالدىدا ئالتە كۈنلۈك ئالەمدىكى ئەسكى تاش - توپىنىڭ بېزىلىشى نېمىگە ئەرزىسۇن؟ زور بايلىق بەدىلىگە بېزەلگەن ئەيۋان - سارايلار، خانە - ئوردىلار نەچچە ئون ياكى نەچچە يۈز ئادەمگە راھەت، ھۇزۇر بەخش ئېتەر ۋە ياكى نەچچە مىڭ ئادەمنىڭ كۆزىنى ئالاچەكمەن قىلىپ ھەۋەسلەندۈرەر. ئۇندىن باشقىچۇ؟ بەلكىم كۆپ ھالدا ئۇنىڭ ئاددىي كەپىلەردىن ئۈنچىۋالا چوڭ پەرق، رولى بولماسلىقى مۇمكىن. لېكىن شۇنىڭغا سەرپ قىلىدىغان بايلىق، ئىجتىھات كىتاب، ئىلىمگە سەرپ قىلىنسىچۇ؟ بىر ئىنساننىڭ ئىلىمدىن نۇر ئالغان قەلبى بەلكىم مىليونلىغان قەلبكە

## ئانىلاردىن سۆز

ئىلھام، رىغبەت بېرىشى، ئۇلارنى تېخىمۇ پارلاق يولغا يېتەكلىشى مۇمكىن. ئەلئىھرام دۇنياۋى كاتتا مىراس. ئەمما ئۇنى ياساشقا سەرپ قىلىنغان ئەقىل-بىلىم تېخىمۇ تەۋەررۇك، بىباھادۇر. كىشىلەرنى مەپتۇن قىلىدىغىنىمۇ دەل بۇ غايەت زور قەدىمىي قۇرۇلۇشنىڭ تاش-توپىسى ئەمەس، ئۇنىڭ كەينىگە مۆكۈنگەن تەڭداشسىز پاراسەتتۇر. سوقرات، ئارىستوتېللاردىن تارتىپ، مەھمۇد كاشغەرىي، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، نەۋائىي قاتارلىق كلاسسىكلارغىچە ۋە زامانىمىزنىڭ ئەللامە- ئۆلىمالىرىغىچە ھەممىسى ئۆتكۈنچى پۇل-مالغا ئەمەس، مەڭگۈلۈك بايلىق سانالمىش كىتاب، بىلىمگە قويغان ئەقىدە- ئىخلاسى ۋە شۇ يولدا كۆرسەتكەن ئەجىر-مېھنىتى بىلەن ھازىرغىچە بۈيۈك سىيمالار سۈپىتىدە ياشاپ كەلدى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ ھەر بىر تەرەققىياتىغا مۇناسىپ ئىلھام بېرىپ، تەسىر كۆرسىتىپ كەلدى. گوركىي: «كىتاب بىر تەرەپتىن ئەقلىم ۋە قەلبىمگە ئىلھام بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن پاتقاقتىن دەس تۇرۇشۇمغا ياردەم بېرىدۇ. ئەگەر كىتاب بولمىغان بولسا، سېسىق پاتقاققا غەرق بولۇپ، نادانلىق ھەم پەسكەشلىككە يەم بولغان بولاتتىم» دەيدۇ. شۇنداق. كىتابتىن ھاياتىغا رەڭ ۋە مەنە ئىزدىگەن، بىلىمنى دوست بىلگەن، ھاياتنى مۇشۇنداق ئەزگۈ بېزەكلەر بىلەن بېزەپ ئۆتۈشنى مۇقەددەس بىلگەن زاتلارنىڭ ئىز- مىراسى كېيىنكىلەرگە مەڭگۈلۈك ئىلھام ۋە ئىنئامدۇر.

ئۇلۇغ يازغۇچىمىز زوردۇن سابىر ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە كىتابسىز ئۆتكەن كۈننى ھارامغا تەڭ قىلىپ ياشاپ ئۆتتى. مۇتەپەككۇرىمىز ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن بىزگە كىتاب، ئىلىم، ئىزدىنىش ئەنئەنىسى ھەققىدە جانلىق ئۈلگە، يىقىلماس ئابىدە- مىراس تىكلەپ بەردى. بىزگە ئۇلاردىن ئالتۇن- كۈمۈش، دەپىنە- دۇنيا قالمىدى. ئۇلارنىڭ ئۆمرىمۇ غۇربەتچىلىكتىرەك ئۆتتى. ئەمما ئۇلار ھەربىر كۈننى مەنىلىك، بەختلىك سېزىپ شاد- خۇرام ياشىدى ۋە بىزلەرگە ئابىدە سۈپەت ئۆلمەس مەنىۋى مىراسلارنى قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇلار قالدۇرغان غۇرۇر، ئىلھام، روھىي رىغبەتنى ھەرقانداق بىر باي- زەردار قالدۇرغان مۈلكىي بايلىق بىلەن سېلىشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە.

خېلىن كېللىر 87 يىللىق ئۆمرىنى زەررە نۇر كۆرەلمەي، ھېچبىر تىۋىش ئاڭلىيالماي، بىرەر ئېغىز گەپ- سۆز قىلالماستىن زۇلمەت، غېرىبلىق ۋە ھەسرەت- نادامەتتە ئۆتكۈزگەن مېيىپ ئايال. ئەمما ئۇ قەلبىنىڭ ئىرادە كۆزىنى داغدام ئاچالىغان قەيسەر سىيما. ئۇ، مېيىپلىقىغا تەن بەرمەي ئەمالار يېزىقىنى ئۆگەنگەن، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دىگلىق ئىنستىتۇتىنى پۈتكۈزگەن؛ ئىنگلىز، گېرمان، گرېك، فرانسۇز، لاتىن تىللىرىنى، ئالگېبرا، گېئومېترىيە، فىزىكا، ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا ئۆگەنگەن؛ نۇرغۇن ئەسەر يازغان؛ خەير- ساخاۋەت ئورگىنى قۇرۇپ مېيىپلار ئۈچۈن خىزمەت قىلغان... «دەۋر» ھەپتىلىك ژۇرنىلى تەرىپىدىن «ئامېرىكا بويىچە 20-ئەسىردىكى ئون كاتتا مەبۇدە» بولۇپ باھالانغان. ئۇنىڭدىن قېپقالغىنىچۇ؟

مىراس ئۆلۈك نەرسە، ئەمما ئۇ مىراسخورلارنىڭ ۋارىسلىق ئېڭىدا ئاندىن ھەقىقىي مەنە، كۈچكە ئېرىشىدۇ. ئۇلاردىكى ۋارىسلىق ئېڭى قانچىكى ئىلغار، كۈچلۈك بولسا مىراسنىڭ كۈچىمۇ شۇنچە ئارتىپ بارىدۇ. ئەكسىچە بولسىچۇ؟ قەدىر بىلمەس ئادەم ئۈچۈن تۇتىيامۇ ئەخلەتتۇر.

دۇنيا مەئىشەتلىرى رەڭدار ۋە موللىشىۋاتقان، ماددىي غەنىيمەتلەر بىزنى خېلىلا ھاللاندۇرۇۋاتقان مۇشۇ دەملەردە مەن كىتابقا، بىلىمگە بولغان مىراس، ۋارىسلىق ئېڭىمىز ھەققىدە ئويلىنىپ قالىمەن. بىزدە تېخى كىتاب مىراس قالدۇرىدىغان، بىلىم، تېخنىكىنى مىراس، بايلىق سۈپىتىدە تونۇيدىغان ئاڭ- ئادەت ئىزچىللاشمىدى. مۇنداق ئەھۋالدا قانداق يۈكسىلىش مۇمكىن؟ مەنىۋىيىتى بېيىمىغان ئادەمنى قانداقمۇ باي- غەنىي، ھاللىق سانىغىلى بولسۇن؟

كىتاب— بىلىم بۇلىقى، بىلىم— يۈكسىلىشكە ئاساس. بۇلار ئۆز نۆۋىتىدە ئەجدادلاردىن ئەۋلادلارغا تەۋەررۈك مىراس. ئەمما ئەڭ مۇھىمى ئەجدادلاردا بۇلارنى مىراس سۈپىتىدە قالدۇرغىدەك ماغدۇر، ئەۋلادلاردا بۇ مىراسقا ئىگىدارچىلىق قىلغۇدەك ساپانىڭ بولۇش- بولماسلىقىدۇر. سىز، بىز قايسى ھالدىكىن؟

---

ئاپتور: كورلا يولۇچىلار باش بېكىتى ئۇچۇر ئىشخانىسىنىڭ خادىمەسى (M3)

## ژۇرنىلىمىزنىڭ 2008-يىل 6-ۋە 2009-يىل 1-سانىغا تۈزىتىش

1. رەتلەپ، نەشرگە تەييارلىغۇچىلارنىڭ سەۋەنلىكىدىن 2008-يىل 6-سان «ئۇچ ئەدىب بىلەن سۆھبەت» سەرلەۋھىلىك ماقالىنىڭ «ئۆزگىچىرەك يول تۇتاي دېدىم» قىسمىدا ئابلىز ھوشۇر ئەپەندىنىڭ «نوزۇگۇم» ناملىق داستانى «پوۋېست» دەپ ئېلىنىپ قالغان؛

2. سۆھبەت داۋامىدا «ئانارنى شېخىغا چىقىپ ئۈزۈش»تىن ئىبارەت پاراڭ ئارتۇقچە قىستۇرۇلۇپ قالغان. تەھرىراتىمىز ئاپتورنىڭ «نوزۇگۇم» داستانىنى تېپىپ تەپسىلىي كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن بۇ گەپنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى بىلدۇق. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن سۆھبەت بايان قىلغۇچى ۋە تەھرىراتىمىز شائىر، ژۇرنالىست ئابلىز ھوشۇر ئەپەندىدىن ئەپۇ سورايدۇ.

3. مۇقاۋىغا رەسىم ئالماشتۇرغاندا دىققەتسىزلىكتىن 2009-يىل 1-سان مۇقاۋىسىنىڭ 1-بېتىدىكى «شىرە ئۇسسۇلى» ناملىق ماي بوياق رەسىم «قىزچاق» بوپقالغان. «قىزچاق» ناملىق رەسىم ژۇرنىلىمىزنىڭ مەزكۇر سانىغا بېرىلدى.

كامالىي ئېھتىرام بىلەن:

— «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى



# تېلېۋىزىيە سەنئىتى ھەققىدە يېڭى ئېيتىلغان كونا گەپلەر

زەمىرە مىجىت

ھېسسىيات تېپىلىق مىللەت چاقماقنى «خۇدانىڭ قەھرى» دەپ سۈپەتلەش بىلەنلا بولدى قىلىدۇ. ئەمما ئەقلىي مىللەت ئۇنىڭ فىزىكىلىق سەۋەبلىرىنى تەكشۈرىدۇ.

تېلېۋىزور ئىنسانىيەت ئىدېئولوگىيە تەرەققىياتىغا ئاجايىپ يېڭى مەنالارنى ئاتا قىلىش بىلەن بىللە، ھېسسىي مىللەتلەرنىڭ ئەسلىدىلا بوۋاق ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان تەپەككۇر شەكىللىرىنى بۆشۈكىدىلا تۇنجۇقتۇرۇشقا باشلىدى. ئۇ ئەسلىدە پەقەت بىر تەتقىقات مېۋىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئالقىشقا سازاۋەر بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەمما تېلېۋىزورنى چۆرىدەپ بارلىققا كېلىۋاتقان تېلېۋىزىيە سەنئىتى، تېلېۋىزىيە مەدەنىيىتى، تېلېۋىزىيە تىلى، تېلېۋىزىيە نوپۇزى، تېلېۋىزىيە رېئاللىقلىرى ئۇقۇملىرى ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىمىزدىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنى بىزنى مېدىيىلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ جەلپكار شەكىل بولمىش تېلېۋىزىيە ھەققىدە سوغۇققانلىق بىلەن پىكىر يۈرگۈزۈشكە قىستاشقا باشلىدى.

ئىنسانىيەت سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى تارقىتىش بىلەن بىر گەۋدە بوپكەلگەن. يۇنانىنىڭ بۈيۈك ئەما شائىرى ھومېر سەرگەردانلىق ھاياتىدا «ئىلىيادا» ۋە «ئودىسسا» داستانلىرىنى سۆزلەپ يۈرۈپ تارقاتقان. نۇرغۇن كلاسسىك يازما يادىكارلىقىمىز خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاغزاكى تارقالمىلىرىدىن قۇۋۋەت ۋە ئوزۇق ئالغان. قوبۇل قىلىش ئېستېتىكىسى نۇقتىسىدىن ئالغاندىمۇ بىر سەنئەت ئەسىرىنىڭ ھەقىقىي تاماملىنىشى ئۈچ باسقۇچنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ:

يەنى ئىجادىيەت، تارقىتىش ۋە قوبۇل قىلىش. بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، تارقىتىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن ۋە تاماشىبىنلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمىغان ئەسەر ھەقىقىي مەنىدىكى مۇكەممەل سەنئەت ئەسىرى بولالمايدۇ. سەنئەت ھەقىقەتەن تارقىتىشقا موھتاج. يەنە كېلىپ مەلۇم تارقىتىش ئۇسۇلى ۋە تاماشىبىنلارنىڭ قوبۇل قىلىش شەكلى سەنئەتنىڭ خۇسۇسىيىتىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىر سەنئەت ئەسىرىنىڭ تارقىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشىشى ۋە تېخىمۇ كۆپ تاماشىبىننى جەلپ قىلىشى شۇ ئەسەرنىڭ تەقلىدىي نۇسخىسى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. سەنئەت ئەسىرىنىڭ تەقلىدىنى ياساش ئۇسۇللىرىمۇ كۆپ خىل. مەسىلەن، رەسىمنىڭ قايتا ئوخشىتىپ سىزىلىشى، قۇرۇلۇشنىڭ كىچىكلىتىلمىسى (مودېلى)، مۇزىكىنى نوتا شەكلىدە ساقلاش، سېنارىيە قاتارلىقلار كىينوكىلەرنى شۇ ئەسەرلەرنى قايتا نامايان قىلىش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ. لېكىن تەقلىدىي نۇسخىنىڭ ھەرگىزمۇ ھەقىقىي سەنئەت ئەسىرىنىڭ ئۆزى ئەمەسلىكى كۆپچىلىككە ئايان. شۇڭا تېلېۋىزىيىدىكى سەنئەت بىلەن ھەقىقىي سەنئەتنىڭ ئارىلىقى ۋە كۆرۈش سەزگۈمىزگە قىستۇرۇلۇۋالغان نەرسىلەر دىققىتىمىزگە ئېلىنىدۇ.

## سەنئەت ۋە تېلېۋىزىيە

تېلېۋىزىيىدىكى سەنئەت ئەمەلىيەتتە تەقلىد قىلىنغان بولسىمۇ، كىشىلەر تېلېۋىزور ئېكرانىدىن مەلۇم سەنئەت ئەسىرىنى كۆرگەندە ئۇنى «ھەقىقىي» دەپ قاراشقا ئادەتلەنگەن. چۈنكى تېلېۋىزىيە مەلۇم سەنئەت ئەسىرىنى تەقلىد قىلغاندا،ئۇنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلىنى تەقلىد قىلىپلا قالماي بەلكى شۇ ئەسەرنىڭ مەلۇم زامان ۋە ماكاندىكى مەۋجۇدلۇق جەريانىنىمۇ تەقلىد قىلالايدۇ. ئېكراندا سەنئەت ئەسىرىنىڭ مەۋجۇدلۇق جەريانى قايتا نامايان بولغاندا،تاماشىبىنلار ئۆتۈپ

كەتكەن شۇ بىر دەۋرنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. بۇ، تېلېۋىزىيىنىڭ بارلىق ئەنئەنىۋى تارقىتىش ۋاستىسىدىن ھالقىپ ئۆتكەن، زامان، ماكاننىڭ سەنئەت تارقىتىشقا بولغان چەكلىملىكىنى بۆسۈپ چىققان مۇھىم خاراكتېرى. دېمەك تېلېۋىزىيىنىڭ تەقلىد قىلىشى بىلەن سەنئەت ئاتالمىش «ئەسلىي ھالىتى» بىلەن كۆرۈرمەنلەرنىڭ ئالدىدا نامايان بولىدى. تېلېۋىزىيە سەنئەت ئەسىرىنىڭ تارقىتىلىش جەريانىدا ئۇچرايدىغان زىيان ـ زەخمىتىنى ئەنئەنىۋى تارقىتىش شەكىللىرىگە قارىغاندا ئەڭ زور دەرىجىدە كىچىكلەتتى. ماكان جەھەتتىن تېلېۋىزىيە سىگنالى يېتىپ بارالايدىغان رايونلارنىڭ ھەممىسىلا سەنئەت تارقىلىپ بارالايدىغان رايون ھېسابلانسا، زامان جەھەتتىن ئۈن ـ سىن لېنتىسىغا ئېلىنغانلىكى ھەممىسىلا ئۇزۇنغىچە ساقلاشقا ، داۋاملىق قايتا قويۇشقا بولىدىغان سەنئەت ھېسابلاندى. كىشىلەر تېلېۋىزىيە ئېكرانى ئالدىدا ئولتۇرۇپ دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايىدىكى نادىر سەنئەت ئەسەرلىرىدىن ھۇزۇرلىنالايدۇ؛ پاۋالوتىنىڭ سىدنىي تىياتىرخانىسىدا ئۆتكۈزگەن مۇزىكا كېچىلىكىدىن بەھرە ئالالايدۇ؛ ئافىنادىكى قەدىمقى ئىمارەتلەرنىڭ ئۈستىدىن پەرۋاز قىلىپ ئۆتەلەيدۇ. دېمەك، ھازىر سەنئەت تېلېۋىزىيە ئارقىلىق مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدىكى كەڭ تارقىلىش، ساقلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. ئەپسۇسكى، سەنئەتتىكى سىرلىقلىق تۇيغۇسى ۋە ئۇنىڭدىن كېلىدىغان جەزبدارلىق بارغانسېرى سۇسلاشتى.

يۇنان، رىم ئەپسانىلىرىدە تەڭرىنىڭ ئايال ئىلاھلارنى سەنئەتكە سىمۋول قىلغانلىقى قەيت قىلىنىدۇ. ئايال ئىلاھلارنىڭ ئىسىلزادىلىكى ۋە سالاپىتى كىشىلەرگە سەنئەتنىڭ تەڭرى ئاتا قىلغان مەنىۋى سوۋغا ئىكەنلىكىدىن، ئىلاھلار كەبىي سىرلىق ـ مۇقەددەسلىكىدىن بېشارەت بەرگەن. سەنئەتنىڭ تارقىلىشى زامان ۋە ماكان چەكلىمىسىگە ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئۇچراپ، خەلق ئىچىگە كەڭ تارقىلالمىغاچقا، ئاما بىلەن سەنئەت ئوتتۇرىسىدا مەلۇم ئارىلىق ساقلىنىپ كەلگەن. شۇنداقلا ھەممە ئادەمدە يوشۇرۇن سەنئەت ھۈجەيرىسى بولسىمۇ، لېكىن ھەممەيلەنگىلا ئۆزىدىكى يوشۇرۇن تالانتنى نامايان قىلىدىغان سەھنە ۋە پۇرسەت نېسىپ بولمىغان. بولۇپمۇ جاپاكەش ئاۋامغا نىسبەتەن سەنئەتكە قارىغاندا جان بېقىش ماھارىتىنى ئىگىلەش ھەممىدىن زۆرۈر بولۇپ، ئۇلارنىڭ سەنئەتتىن ھۇزۇرلىنىشىغا يېتەرلىك شارائىتمۇ بولمىغان. شۇڭا سەنئەتنىڭ سېھرىي كۈچى، سەنئەتكارنىڭ ئوبرازى ئاۋام تەرىپىدىن تېخىمۇ سىرلىقلاشتۇرۇلغان. سەنئەت ئىزچىل يۇقىرى قاتلامنىڭ ئەيش ـ ئىشرەت شەكلى بولۇپ، ئاۋامغا نىسبەتەن ئېرىشىش تەس بولغان پۇرسەتكە ئايلانغان. ئەمما تېلېۋىزور زامان ۋە ماكاننىڭ سەنئەتكە قويغان چەكلىمىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، سەنئەتنى كەڭ كۆلەملىك تارقىلىش پۇرسىتىگە ۋە ئاۋامنى سەنئەتتىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى. تېلېۋىزورنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن سەنئەت ھەشەمەتلىك قەسىرلەردىن چىقىپ، پۇقرالارنىڭ ئائىلىسىدىكى تۆت بۇلۇڭلۇق ئېكرانغا جايلاشتى. ھازىر خالىغان بىر تاماشىبىن «بۈگۈن ئاخشام پاۋالوتىنىڭ مۇزىكا كېچىلىكىدىن ھۇزۇرلىنىمەن» دېيەلەيدۇ. چۈنكى ئۆيۆيدە ئولتۇرۇپ تىزگىنەكنى باسسىلا رەڭدار دۇنيا كۆز ئالدىدا نامايان بولىدۇ. يەنە كېلىپ ھازىر نۇرغۇن تېلېۋىزىيە پروگراممىسى ئاددىي تاماشىبىنلارنى سەنئەت ئىجادىيىتىنى ئۆگىنىش ۋە تەقلىد قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى. مەسىلەن، سەنئەت ماھىرلىرىنى تەكلىپ قىلىپ تاماشىبىنلار بىلەن يۈزمۇ يۈز ئولتۇرۇپ ئىجادىيەت كەچۈرمىشلىرى ھەققىدە سۆھبەتلىشىدىغان، ھەرخىل ماھارەت ئۆگىتىدىغان نومۇرلار بۇ خىل ئېھتىياجنى قاندۇردى. ھەر بىر ئادەمنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ سەنئەت مىراسلىرىدىن ئەڭ كەڭ دەرىجىدە ھۇزۇرلىنىش ھوقۇقىمۇ رېئاللىققا ئايلاندى ۋە سەنئەت بىلەن شۇغۇللىنىش پۇرسىتىمۇ كۆپەيدى. شۇنىڭ بىلەن تېلېۋىزىيە سەنئىتى رېئاللىقتىكى سەنئەتكە قارىغاندا موللىشىشقا، تۈرلىشىشكە، يالغاچلىنىشقا، ئاممىباپلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى. تېلېۋىزىيە سەنئىتىدىن ھۇزۇرلىنىش جەريانىدا كۆرۈش سەزگۈمىزگە كىملەرنىڭدۇر قىستۇرۇلۇۋالغانلىقىنى ھېس قىلىدىغان بولدۇق.

تېلېۋىزىيە سەنئەت تارقاتقاندا كىشىلەرگە شۇ ئەسەر مەۋجۇد بولغان زامان ۋە ماكاننى ھېس قىلدۇرىدۇ ھەم ئەسلىي سەنئەتكە قارىتا «ساختا تۇيغۇ»نى شەكىللەندۈرىدۇ. لېكىن كۆرۈرمەن كۆز ئالدىدىكىنىڭ تەقلىدىي سەنئەت ئىكەنلىكىنى ئەستىن چىقىرىپ قويىدۇ. ئېكراندىكى سەنئەت دۇنياسىغا نىسبەتەن كۆرۈرمەن مەڭگۈ ياندىن كۆرگۈچى، تەقلىدىي سەنئەتنى تەقلىدىي كۆزدە كۆرگۈچى، تېلېۋىزىيە پروگرامما ئىجادىيەتچىلىرى بولسا دەل تاماشىبىنلارنىڭ ھۇزۇرلىنىش جەريانىغا قىستۇرۇلۇۋالغان تەقلىدچىلەردۇر. تېلېۋىزىيە پروگرامما ئىجادىيەتچىلىرى قايسى سەنئەت نومۇرىنىڭ تاماشىبىنلار بىلەن يۈز كۆرۈشۈشى كېرەكلىكىنى بەلگىلەپلا قالماي، بەلكى مەلۇم دەرىجىدە تاماشىبىنلارنىڭ ھۇزۇرلىنىش شەكلى ۋە سەنئەتنىڭ يۈزلىنىشىنىمۇ بەلگىلەيدۇ. تاماشىبىنلارنى مەلۇم كۆز قاراشقا يېتەكلەپ ماڭىدىغان چۈشەندۈرۈش سۆزلىرىدىن باشقا يەنە سۈرەتلەرنىڭ تاللىنىشى، كېرىشتۈرۈلۈشى، ئاۋاز ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، پروگراممىنىڭ تىزىلىش شەكلى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بىلىپ ـ بىلمەي تاماشىبىنلارنىڭ كۆز، قۇلىقى ھەتتا تەپەككۇرىنى قامال قىلىۋالىدۇ. شۇڭا بىز بەزىدە تەنھا ئولتۇرۇپ ئېكراندىكى

www.uyghurkitap.com

سەنئەتكە يۈزلەنگەن چېغىمىزدىمۇ بۇ خىل ھۆزۈرلىنىشنىڭ ساپ، خاسلىقىغا ئېگە ھۇزۇرلىنىش جەريانى بولماستىن بەلكى ئامىبابلاشقان ھۇزۇرلىنىش ئىكەنلىكىنى، بۇ جەريانىنىڭ ھۆزۈرلىنىش خاسلىقىمىزنى يوشۇرۇن قول قىلىۋاتقانلىقىنى غۇۋا ھېس قىلىمىز. چۈنكى تېلېۋىزىيە مەلۇم مەنىدە كىشىلەرنىڭ سەنئەت ئەسىرىگە قارىتا مۇستەقىل ئۆزگىچە چۈشىنىش شەكلىنى بۇزۇپ تاشلىدى. پروگراممىا ئىشلىگۈچىلەرنىڭ سەنئەتنى ئوراپ قاچىلاش شەكلى تاماشىبىنلار سەنئەتتىن ھۇزۇرلانغاندا يەتمەكچى بولغان مەنىۋى چوڭقۇرلۇقنى مەجبۇرىي تۆزلىۋەتتى. پروگرامما ئىشلىگۈچىلەرنىڭ نىشانى كۆڭۈل ئېچىش تېپىدىكى كۆپ سانلىق ھېسسىي تاماشىبىندا بولغاچقا، سەنئەتنىڭ پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيەت- سەنئەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتىكى ھەركەتلەندۈرگۈچ رولى ئىنتايىن چەكلىك بولدى. بىر قىسىملار ئاكتىپ پوزىتسىيىدە تېلېۋىزىيە سەنئەتنى ئامىبابلاشتۇردى، ئومۇمىي خەلقنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتىكى ئۈنۈملۈك قورال دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە تېلېۋىزىيىنىڭ سەنئەت تارقىتىش دەرىجىسى كۆرۈرمەنلەرنىڭ قوبۇل قىلىش دەرىجىسىدىن كۆپ ئېشىپ كەتتى. تېلېۋىزور گەرچە سەنئەت بىلەن تاماشىبىنلار ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان بىلەن، بۇ ھەرگىزمۇ كىشىلەرنىڭ ئاكتىپ، ئاڭلىق ھالدا شۇ كۆۋرۈكنى بويلاپ ھەقىقىي سەنئەتكە ئەڭ زور دەرىجىدە يېقىنلاشقانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ.

بەزىلەر تېلېۋىزىيىدە ئوقۇتۇش دەرسخانىدا ئوقۇتۇشتىن ئۈنۈملۈك دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە دەرسخانىدا ئوقۇتقۇچى ئاغزاكى ئۇچۇر تارقاتقاندا بىر خىل ئاكتىپ، تەشەببۇسكار قوبۇل قىلىش ھالىتىدە تۇرىمىز. گەرچە ئۆزىمىزنىڭ بىلىم جۇغلانمىمىز شۇ سائەتلىك دەرسكە يېتەرلىك بولمىسىمۇ، يېڭى ئۇچۇرلارنى ئىمكانقەدەر كۆپرەك قوبۇل قىلىشقا تىرىشىمىز. ئوقۇتقۇچى چىراي ئىپادىمىزگە ئاساسەن ئۇچۇر مىقدارى ۋە سۈرئىتىنى تەڭشەپ ماڭىدۇ. لېكىن ئۆيدە ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرگەندە ئىنتايىن ئىختىيارىي ۋە ھەر ۋاقىت تاللاش ھالىتىدە تىزگىنەكنى تىنىمسىز باسىمىز. تېلېۋىزىيىدىكى ئۇچۇر ئەسلىي بىلىم قۇرۇلمىمىز بىلەن ماسلاشمىغاندا، بۇ خىل ئۇچۇرنى رەت قىلىپ دەرھاللا باشقا پروگراممىنى تاللايمىز. ماگارىپمۇ تېلېۋىزىيىگە تايانسا، ئۇ ھالدا ئوقۇغۇچىلار رەڭدار، يۈزەكى، تەقلىدىي ئوقۇملار خالتىسىغا ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن.

كۆزىتىش نۇقتىسى ئۆزگىچە، تەپەككۇرگە باي كىشىلەر تېلېۋىزوردىكى سەنئەت نومۇرلىرىنىڭ سۈپىتىگە قاراپ تاللاپ كۆرىسىمۇ، كۆپ سانلىق كۆرۈرمەن كۆڭۈل ئېچىش، ئويۇن تۇرىدىكى، ۋەزنى يېنىك پروگراممىلارنى تاللايدۇ. پاكت شۇكى، تېلېۋىزىيىنىڭ ئەنئەنىۋى سەنئەت شەكىللىرىنى تارقىتىشىمۇ جەمئىيەتنىڭ سەنئەت ئۆلچىمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىن دېرەك بەرمەيدۇ. تەپەككۇرى ئويغاق كىشىلەر دائىم ئاددىي تاماشىبىنلارنىڭ تېلېۋىزىيە ئارقىلىق سەنئەتكە يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى، ئېكراندىكى ۋاقىتلىق چولپانلارنىڭ كۆنىسىرى كۆپىيىۋاتقانلىقىنىلا ئەمەس، بەلكى سەنئەتنىڭ ئۆز نوپۇزىنى ئىزچىل تۆۋەنلىتىپ، ھەدەپ تېلېۋىزىيىدە تارقىلىش پۇرستى ئىزدەۋاتقانلىقىنى ۋە ئاددىي تاماشىبىنلارغا ئەڭ زور دەرىجىدە، ئەڭ تېز سۈرئەتتە يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى ھەيرانلىق ئىلكىدە بايقايدۇ. تېلېۋىزوردا پەيدا بولۇش نۇرغۇن سەنئەت ئەھلىگە نىسبەتەنلا ئەمەس، تاماشىبىنلارغا نىسبەتەنمۇ شۇ سەنئەتكارنىڭ مەۋجۇدىيىتىنى ئىسپاتلايدىغان بىردىنبىر شەكىل بوپقالدى. دېمەك، تېلېۋىزىيىدىكى ئىككىلەمچى سەنئەت بىزگە شەكىلسىز ھالدا قانچە تەسىر كۆرسەتكەنسېرى ھەقىقىي سەنئەتتىن شۇنچە يىراقلاپ كېتىۋاتىمىز. بىزدە شۇنچە كۆپ ناخشىچى، ئۇسسۇلچى، ئاكتىيور ۋە باشقا سەنئەت ئىجادىيەتچىسى بار. سەنئەت مەكتەپلىرى يىلىغا تالاي ئوقۇغۇچىنى تەربىيىلەپ جەمئىيەتكە سۇنىدۇ، ئەمما تېلېۋىزوردا كىشىگە ھەقىقىي سەنئەت ھۇزۇرى بېرەلەيدىغان نومۇرلار بارغانسېرى ئازلاۋاتىدۇ. بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردا تېلېۋىزوردا پەيدا بولۇۋاتقان ئىسمىنى ھېسابقا ئالمىغاندا قايسى مىللەت، قايسى ئىرق، قايسى دىنىنىڭ مۇخلىسى ئىكەنلىكىنى ئىلغا قىلغىلى بولمايدىغان بىر تۈركۈم سەنئەت خۇمار «يېڭى ئىنسانىيەت» تۈپى ۋە ئۇلاردىن تارالغان «يېڭى سەنئەت»نىڭ جەمئىيەتتە قوزغاۋاتقان غۇلغۇلىسىدا پروگراممىا ئىشلىگۈچىلەرنىڭ ۋىجدانىي قەرزى بار، ئەلۋەتتە.

2008-يىل دېكابىر، شەھىرى ئۈرۈمچى

## پايدىلانمىلار:

[1] ئابدۇقادىر جالالىدىن: «ئۆزىنى ئىزدەش بوسۇغىسىدا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2005-يىل نەشرى 362-بەت.

[2] جاۋ فېڭشياڭ: «تېلېۋىزىيە سەنئىتى مەدەنىيەتشۇناسلىقى»، جۇڭگو رادىئو-تېلېۋىزىيە نەشرىياتى 2005-يىل نەشرى.

* ماۋزۇ مەسئۇل مۇھەررىر تەرىپىدىن قويۇلدى.

ئاپتور: شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى كىنو-تېلېۋىزىيە، تىياتىر فاكۇلتېتىنىڭ لېكتورى؛ ھازىر جۇڭگو مېدىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا رادىئو-تېلېۋىزىيە سەنئىتى بويىچە دوكتور ئاسپىرانت(M2)



# ئاخىرقى لۈكچەك

(ھېكايە)

ت. ئى. تايماس

تەرەققىياتنىڭ بەلگىسىگە ئايلانغان بىنالار يىلسېرى ئاۋۇپ، ھەر كوچا، ھەر بىر يولدا لىقتىلىك سودا سارايلىرى، مال تۈرلىرى تولۇق بولغان تاللا بازارلىرى ۋە قەۋەتلىك كاتتا رېستورانلار پەيدا بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئاۋام-پۇقرالارنىڭ ھەممىسى يەنىلا جامە ئالدىغا كېلىپ سودا قىلىشقا ئادەتلەنگەنىدى. گەرچە بۇيەردىكى ماللار بىر قەۋەتلىك ئاددىي دۇكانلاردا، ھەتتا يەرگىلا ئېچىلغان يايمىلاردا سېتىلسىمۇ، لېكىن كىشىلەر كاتتا سودا سارايلىرىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ ئاتايىن بۇيەرگە كېلىشەتتى. بولۇپمۇ ھەر جۈمە كۈنى جۈمە نامىزىنىڭ ئالدى-كەينىدە بۇ بازار شۇنداق قىزىپ كېتەتتىكى، ئادەتتە ئۈچ-تۆت ماشىنا قاتارلىشىپ بىمالال ماڭالايدىغان يول پىيادىلەر بىر-بىرىگە سۈركۈلۈپ-سوقۇلۇپ ئاران ئۆتەلەيدىغان قىستاڭچىلىققا ئايلىنىپ كېتەتتى.

— قاچە! قاچ دەيمەن!... ھېلى بۇرنۇڭنى ئۈچۈرۈۋېتىمەن جۇما!... ھەرقانداقلىق بولساڭ ئاناڭنى...!

كىشىلەر ھەيرانلىق، نارازىلىق ۋە نەپرەت ئىپادىلىرى ئارىلىشىپ كەتكەن كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا قاراشتى. بېشىغا كونا سەرپۇش تۇماقنى قىستۇرۇپ كىيىۋالغان، كۆزلىرىنى چاپاق بېسىپ، ماڭقىسى ستالىنچە بۇرۇتلىرىنىڭ ئۈستىگە ئېقىپ چۈشكەن، قاراقىش بولۇشقا قارىماي، پاختىلىق چاپىنىنىڭ مەيدىسىنى ئېچىۋېتىپ، ئىككى قولىغا ئىككى پۈچۈق داشقالنى ئېلىۋالغان ئەللىك ياشلاردىكى بىر ئادەم ھەدەپ ئاغزىنى بۇزغانچە دەلدەڭشىپ كېلىۋاتاتتى. ئاياللار ۋە باللار ئۇنىڭ ئەلپازىدىن ئەيمىنىپ يىراق كېتىشسە، ئۇنى تونۇمايدىغان ئەركەك تۈكى بار ئەرلەر «قېنى، ماڭا بىر چېقىلىپ باقە!» دېگەندەك قىياپەتتە، ئۇنىڭ كۆزىگە مىختەك قادىلىپ ئورنىدىن مىت قىلماي تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى تولا كۆرۈپ كۆنۈپ كەتكەن ھۆپىگەرلەر بولسا، «ھە، راۋۇتاخۇن، پەشتاختىنى ئۆرۈۋەتسەڭلا تۆلەيسىلە جۇما!» دەپ قويۇپ، پەرۋاسىزلىق بىلەن ئۆز سودىسىنى قىلىۋېرەتتى. ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى ئادەمنى ئاغزىغا كەلگەننى دەپ تىللاپ، سۈر-ھەيۋە بىلەن ئېتىلىپ كېلىۋاتقان راۋۇتاخۇن بولسا پەشتاختا، غالتەك، يايمىلارنىڭ ئالدىغا كەلگەندە بىرنى دەلدەڭشىپلا پەشتاختىدىن ئەگىپ ئۆتۈپ، يەنە دەلدەڭشىگىنىچە كېتىۋېرەتتى. ناۋادا ئەركەك تۈكى بار ئەرلەر بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالسا، تىللاشلىرىنى دەرھال ئۆزگەرتىپ، كىملەرنىدۇ تىللىغان بولۇۋالاتتى-دە، ئالدى-كەينىگە بىرنەچچىنى دەلدەڭشىپ قويۇپ، ئۇنىڭدىن ئەگىپ ئۆتۈپ كېتەتتى. ئەمما ئۇنىڭ ئەلپازىدىن ئەيمىنىپ ئۆزىنى قاچۇرغانلارنى ئۇچراتسا، ھېچبولمىغاندىمۇ بەش-ئون قەدەم يەرگىچە قوغلاپ، دەلدەڭشىشلىرىنى ئالچاڭشىشقا ئۆزگەرتىپ، تازا بىر گىدىيىپ مېڭىۋالاتتى.

— تۇۋا، —دېدى پەشتاختا ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا بېلىق يەپ ئولتۇرغان بىر مويسىپىت ئادەم يېنىدىكى ئوتتۇرا ياشلىق ئەرگە، — مال ئىگىسىنى دورىمىسا ھارام دەپ، لۈكچەكلەرمۇ جاھانغا بېقىپ بولىدىغان ئوخشايدۇ. تولا نەرسىنىڭ جىسمى يىگىلەپ، ئىسمى يوغىناۋاتقان بۈگۈنكى جاھاندا،

«يامانىڭ توقمىقى ياندا»

لۆكچەكلەرنىڭمۇ لۆكچەك دېگەن قورۇقى ئىسمىلا قاپتۇ. ئۇلارنىڭ جىسمىدا بۇرۇنقى ھەققىي لۆكچەكلەردە بار بولغان مەردلىك، نوچىلىقنىڭ يۈزدىن بىرىمۇ قالماپتۇ. بۇرۇن ئىككى لۆكچەك ئۇرۇشۇپ قالسا، خەقنىڭ ئارامىنى بۇزماسلىق ئۈچۈن، ئادەم شالاڭراق بىرىيەرگە بېرىپ مۇشتلىشاتتى. مۇشتلىشىشتىن بۇرۇن«ھە، مۇشتۇڭنى ئاتە!»دەپ نۆۋەتنى بىر-بىرىگە ئۆتۈنەتتى. بىرسى مۇشت ئېتىپ توختىغاندىن كېيىن، يەنە بىرسى«ئەمدى نۆۋەت ماڭا كەلدىمۇ؟ ئەمسە ماۋۇ مۇشتنىڭ تەممىنى بىر تېتىپ باق!»دەپ ئەسكەرتىپ قويۇپ ئاندىن مۇشت ئاتاتتى. بىر پەس مۇشتلىشىپ، يىقىش-يىقىلىش ئايرىلغاندىن كېيىن، كۆچى يەتمىگىنى«بولدى، ساڭا قول قويدۇم»دەيتتى. شۇنىڭ بىلەن مۇشتلىشىشتىن توختاپ، ھەر ئىككىسى سېلىپ تاشلىغان چاپانلىرىنى كىيىشىپ، بىللە بېرىپ گۆش يەيتتى. گۆشنىڭ پۇلىنى تېخى يىقىلغىنى تۆلەپ، مەردلىكنى كۆرسىتەتتى...

— سىلىنىڭ دېگەنلىرى سېيىت نوچىنىڭ زامانىدىكى ئىشلار بولسا كېرەك، —دېدى يارىشىملىق بۇرۇت قويۇۋالغان، رەتلىك كىيىنگەن ھېلىقى ئوتتۇرا ياشلىق ئەر كىشى، — تېخى 20-30يىلنىڭ ئالدىدا بۇ بازاردا داۋۇتتۇم دەپ بىر لۆكچەك بولىدىغان. مەن ئۇنىڭ بىلەن باشلانغۇچتا بىللە ئوقۇغاچقا ، تولا ئىشنى ئۇقىمەن. 80-يىللارنىڭ باشلىرىغۇ دەيمەن. ئۇ چاغلاردا ھۆكۈمەت تەشكىللىمىسىمۇ ، كىشىلەر ئۆزلىكىدىن بىردىن-ئىككىدىن مەيدانغا يىغىلىپ توپ ئوينايتتى. بولۇپمۇ گار توپ مۇسابىقىسى شۇنداق قىزىپ كېتەتتىكى، ئۇنى كۆرگۈچىلەرنىڭ سانىمۇ بەزىدە بىرەر مىڭغا يېتىپ قالاتتى. بىر قېتىم داۋۇتتۇم بىلەن مۇسابىقە كۆرۈپ ئولتۇرساق، ناتونۇش ئىككى ئادەم يېنىمىزغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە سۆزلەپلا كەتتى:

— ئادەمنىڭ ئەجەب قورسىقىنى ئەستى ئۇ گويلار. سەن قولۇمغا ئېسىلۇۋالمىغان بولساڭ،« دولاننىڭ خوتۇنىنى... دېگەن ئاغزىڭ شۇما!؟»دەپ، بىر-ئىككىسىنىڭ چىشىنى تۆكۈۋېتەتتىم ئۇ خومسىلارنىڭ.

— يا ئۇ گويلار بىر-ئىككى بولمىسا، ئىككىمىزنىڭ قانداق كۈچى يېتىدۇ؟ مەن ساناپ باقتىم دەڭلا، ھەر بىرى كۆتەكتەك چىقىدىغان ساق توققۇز گويكەن ئۇ.

بۇ گەپلەر داۋۇتتۇمنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ قاپتۇ. ئۇ ھېلىقى ئىككى ناتونۇش ئادەمدىن قايتا-قايتا سوراپ، ئاۋاتلىق توققۇز تراكتورچىنىڭ ئىستىبال شىركىتى مېھمانخانىسىدا ھاراق ئىچىشىپ مەست بولغاندىن كېيىن، ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى ئادەمگە«سەنمۇ دولانما؟ دولاننىڭ خوتۇنىنى...»دەپ زوتالىق قىلىۋاتقىنىنى ئۇقتى.

— قانداق خومسى گويلار ئۇ؟! — دېدى داۋۇتتۇم لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، — دولاننىڭ يۇرتىغا كېلىپ، دولاننىڭ تۈزىنى يەپ تۇرۇپ يەنە دولاننىڭ خوتۇنىنى...دېسە، دولانلار قاراپ تۇرامدىكەن؟! سىلەر مۇسابىقە كۆرگەچ تۇرۇڭلار، مەن ئۆزۈم بىر بېرىپ كېلەي...

مەنمۇ ئىختىيارسىز ئورنۇمدىن قوپۇۋېدىم، داۋۇتتۇم مۇرەمدىن بېسىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويدى:

— سىلە ھۆكۈمەتنىڭ قويندىكى ئادەم، جېدەلگە ئارىلىشىپ قالساڭلا چاتاق بولىدۇ. مەن ئۆزۈم بېرىپ كېلەي.

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە چاپىنىنى ئۈشنىسىگە تاشلاپ، خۇددى ئۆز ئۆيىگە ماڭغان ئادەمدەك خاتىرجەم ھالدا كېتىپ قالدى. مەن دەماللىققا بىر قارارغا كېلەلمەي بىردەم ئىككىلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن، ئاخىر ياشلىقتىكى قىزىقىش تۈيغۇسى ئۈستۈن كېلىپ، ئىستىبال شىركىتى مېھمانخانىسىغا قاراپ ماڭدىم. مەن بارغاندا مېھمانخانا ھويلىسىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا بىر توپ ئادەم خۇددى كىچىك باللار توڭگۇز تويىقى ئوينىغاندەك يومداقلىشىپ، بىرىنىڭ ئۈستىگە بىرى ئۆزىنى ئېتىپ، كىمنىدۇر ھەدەپ ئۇرۇۋاتاتتى.«ئاپلا، —دېدىممەن ئىچىمدە، — بۇ نامەردلەر توققۇز ئادەم بىر بولۇپ،داۋۇتتۇمنى بېسىۋېلىپ ئۇرغىلى تۇرۇپتۇ-دە!...»

نېمە قىلارىمنى بىلمەي بىر پەس تۇرۇپ قالدىم. نادانلىقىغا مەستلىكى قوشۇلۇپ بىر توپ تەلۋىگە ئايلىنىپ كەتكەن بۇ قاراپايىم ئادەملەر ئارىسىدىن داۋۇتتۇمنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقىشقا كۆزۈم يەتمەيتتى. لېكىن قاراپ تۇرۇپ كارىم بولمىسا تېخىمۇ بولمايتتى. ئاخىرى بېشىمغا كەلگەننى كۆرمەكچى بولۇپ، ئۇلارغا قاراپ ماڭدىم. تېخى بىرنەچچە قەدەم مېڭىپ تۇراتتىم، داۋۇتتۇم ھېلىقى بىر توپ تەلۋىنىڭ ئارىسىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، تۆت-بەش قەدەمچە نېرىغا بېرىپ توختىدى. ئۇنىڭ بېشىدىكى شەپكىسى چۈشۈپ قالغان بولۇپ، ئۈچىسىدىكى ئاق كۆڭلىكىنىڭمۇ تۈگمىلىرى ئۈزۈلۈپ، قانغا مىلەنگەن ئاسما مايكىسى كۆرۈنۈپ قالغانىدى. بىرى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن دەمبەسقەدەم قوغلاپ كېلىۋىدى، داۋۇتتۇم قاچقان قىياپەتتە كەينىگە بىرنەچچە قەدەم يېنىپ قويۇپلا، قوچقاردەك ئېتىلىپ بېرىپ بىر كاللا قويۇپ ئۇنى ئارقىسىغا ئۈچۈرۈۋەتتى. يەنە بىرى مۇشتلىرىنى پۇلاڭلىتىپ يۈگۈرۈپ كېلىۋىدى، داۋۇتتۇم بېشىنى ئېگىپ تىقىپ ئېڭىشىۋالدى. بۇنىڭ بىلەن ھېلىقى مەست

ئۆزىنى توختىتالماي، يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە داۋۇتۇمنىڭ مۈرىسىگە چىقىپ قالدى. داۋۇتۇم ئۇنى بېشىدىن ھالقىتىپ يەرگە ئۇردى. ئۇنىڭغىچە يەنە ئىككىسى تەڭلا ئېتىلىپ كېلىپ، بىرى داۋۇتۇمنىڭ ياقىسىدىن تۇتسا، بىرى پاچىقىدىن تۇتۇپ يەنە يەرگە باسماقچى بولۇشتى. مەن داۋۇتۇمنىڭ پاچىقىغا ئېسىلىپ ئېڭىشىپ تۇرغان بىرسىنىڭ قوڭىغا بىرنى تېپىۋىدىم، ئۇ، داۋۇتۇمنىڭ پۇتىنى قويۇۋېتىپ، ماڭا تاشلاندى. ئاڭغىچە داۋۇتۇم ياقىسىغا ئېسىلىۋالغان مەستنى يانپاشقا ئېلىپ يەرگە ئۇردى. ئاندىن ماڭا قاراپ پالاقشىپ كېلىۋاتقان مەستنىڭ كەينىدىن كېلىپ كارنىيىدىن ئالدى ـ دە، ئارقىسىغا قايرىپ تۇرۇپ بېلىگە نەچچىنى تىزلىۋەتتى. داۋۇتۇم ئۆزى دىقماق، بويى پاكار بولغاچقا، ئىككى بىلىكى كۈچلۈك، ئەمما قىسقىراق ئىدى. شۇڭا مۇشتلاشقاندا قولىنى ئىشلىتەمەن دېسە، زىيان تارتىپ قالاتتى. بۇنداق ئاچچىق ساۋاقلارنى بېشىدىن كۆپ ئۆتكۈزگەچكە، جېدەلگە ئارىلىشىپ قالسا مۇشت ئېتىشقا ئالدىراپ كەتمەيتتى. ئەكسىچە، بىر نەچچە مۇشتنى ئارتۇق يېگەن تەقدىردىمۇ، قارشى تەرەپنىڭ قولتۇقىغا كىرىۋېلىشنىڭ كويىدا بولاتتى. چۈنكى ئۇنىڭ چېلىششقا ئېپى بولغاچقا، ھەرقانداق ئادەمنىڭ قولتۇقىغا كىرىپ بېلىدىن تۇتۇۋالسىلا يانپاشقا ئېلىپ يەرگە ئۇرماي قالمايتتى. ھېلىقى مەستلەر بۇنى بىلمىگەچكە، ھەدەپ شاپاشلاپ ئېتىلىپ كېلىپ، داۋۇتۇمنىڭ يانپېشىغا چىقىپ يەر چىشلەۋەردى. ھەش ـ پەش دېگۈچە توققۇز تراكتورچىنىڭ ھەممىسى يەر چىشلەپ، داۋۇتۇمغا ئالدىنى قىلالايدىغاندىن بىرىمۇ قالمىدى.

ــ ھە، نوچىلار، ــ دېدى داۋۇتۇم يەنە ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ــ ئاشۇ ھالىڭلىغا دولاننىڭ خوتۇننى... دېگەنمىدىڭلار؟ دولانلارنىڭ پولۇ ـ لەڭمەنلىرىنى يەپ كۈچلىنىپ، قىلغىلى قىلىق تاپالماي قالدىڭلىما؟ سىلەرنىڭ خوتۇنۇڭلار يوقما؟ بىرسى مەھەللەڭلىگە بېرىپ، تۇز ـ تائامىڭلارنى يەپ بولۇپ، خوتۇنىڭنى... دېسە، مانا دەپ خوتۇنۇڭلىنى ئاچىقىپ بېرەمسىلەر؟...

قاچانلاردىدۇر تاماشا كۆرۈشكە يىغىلغان كىشىلەر پاراقىدە كۈلۈشتى. داۋۇتۇم كەينىگە قاراپ ئۇلارنى كۆرۈپ، ئاچچىقىدا ئاغزىنى بۇزدى:

ــ ھۇ، خوتۇن تالاق مازپاينەكلەر! خەق نە ـ نەلەردىن كېلىپ دولاننىڭ خوتۇننى...دېسە، بىرەرسىڭ چىش يېرىپ ئىككى ئېغىز لىللا گەپ قىلىشالمايسەن. ئەمدى ئىش تۈگىگەندە پوقتا قونغان چۈشىنىدەك ئۇلىشىپ سەت ھىجىيىشقاننىڭ نېمە پايدىسى؟! ماڭ ــ كۆزۈمدىن يوقىلىش! ھېلى بىكا...

داۋۇتۇم شۇنداق دېگىنىچە ئالدىغا ئىككى قەدەم مېڭىۋىدى، ئۇلىشىۋالغانلارنىڭ ھەممىسى تەرەپ ـ تەرەپكە تاراپ كېتىشتى. ئۇنىڭغىچە ھېلىقى مەستلەرمۇ مەستلىكىدىن يېشىلىپ خېلى ئويغىنىپ قالغانىدى. بەزىلىرى ياتقان يېرىدىن ئۆرە بولۇپ ئولتۇرۇپ ئاغزى ـ بۇرنىدىكى قانلارنى سۈرتسە، بەزىلىرى ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، كىيىملىرىدىكى توپىنى قېقىشتۇرۇۋاتاتتى.

ــ ئەكەل قولۇڭنى! ــ دېدى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ياشتا چوڭراق بىرى داۋۇتۇمنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ــ مەن مۇشۇ يېشىمغىچە جىق جېدەلنى كۆرگەن. لېكىن سەندەك بالادىن قورقمايدىغان ئادەمنى كۆرمەپتىكەنمەن. بويۇڭ پاكار بولغىنى بىلەن يۈرىكىڭ ئاتنىڭ كاللىسىدەك باركەن سېنىڭ. بولىدىكەنسەن. چېكىشمىگىچە بېكىشمەس دەپتىكەن. بىز چېكىشىپ بولدۇق. ئەمدى تونۇشۇپ بېكىشىپ قالايلى...

ــ تونۇشۇپ قالساق قالدۇق، ــ دېدى داۋۇتۇم قولىنى ئۇنىڭغا بېرىۋېتىپ، ــ بۇندىن كېيىن يۇرتىمىزغا كەلسەڭلار، قولىمىز كۆكسىمىزدە.

ــ بۇندىن كېيىنمۇ كېلەرمىز، لېكىن ئەڭ مۇھىمى ھازىرنىڭ ئۆزىدە ناماقۇللۇق چىيى قۇيايلى. قېنى، ياتاققا مەرھەمەت...

ــ چاي قۇيۇشقا توغرا كەلسە بىز قۇيساق بولىدۇ، ــ دېدى داۋۇتۇم ئۇنىڭغا سەممىيلىك بىلەن، ــ ئۆتكەن ئىش ئۆتتى. نېملا دېگەنبىلەن سىلەر بىزگە مېھمان...

ئىككىسى چاي قۇيۇشنى تالىشىپ بىردەم تەكەللۇپ قىلىشتى. ئاخىرى ھەر ئىككىلا تەرەپ چاينى تەڭ قۇيىدىغان بولۇپ كېلىشتى. ئىككى تراكتورچى ھاراق ۋە كاۋاپ ئەكېلىش ئۈچۈن ماگىزىنغا ماڭدى. داۋۇتۇممۇ ماگىزىن تەرەپكە مېڭىۋىدى، مەن بۇ چاي قۇيۇشنىڭ ئاقىۋىتىدىن تازا خاتىرجەم بولالماي، ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ قۇلىقىغا ئاستا پىچىرلىدىم:

ــ شۇنچە جېدەل قىلىشىپ، يەنە بىر سورۇندا ئولتۇرساڭلار قانداق بولار؟ كىم بىلىدۇ ئۇلارنىڭ نىيىتىنى، ناماقۇللۇق چىيى قۇيىمىز دەپ ئالداپ ياتاققا ئەكىرىۋېلىپ، ئۆچىنى ئالماقچى بولۇۋاتامدۇ تېخى ئۇلار...

ــ بۇنىمۇ يوق دېگىلى بولمايدۇ. ئەمما بىر قېتىم لەۋزى قىلىشىپ بولدۇق. ئەمدى گېپىمدىن يېنىۋالسام، ئوغۇلبالىچىلىق بولماي قالىدۇ. ئېشقىلىپ مەنمۇ ھوشيار تۇرىمەن. ئەگەر ئۇلار نىيىتىنى بۇزسا، بوتۇلكا بىلەن بېشىغا ئۇرۇپ يېرىۋېتىمەن...

داۋۇتۇم ھايال ئۆتمەيلا ئىككى بوتۇلكا ھاراقنى يانچۇقىغا سالغان ھالدا قايتىپ كەلدى.

— ھە راست، — دېدى ئۇ ئالدىمغا كېلىپ توختاپ، — ھەر ئېھتىمالغا قارشى پىچىقىڭلىنى ئېلىۋالاي جۇما.

ئىتتىك يېنىمغا قارىسام، غىلاپ قۇرۇق تۇرۇپتۇ. ئۆمۈر بويى يېنىمدىن ئايرىماي كەلگەن پىچاقنىڭ مانا ئەمدى جىددىي لازىم بولغاندا يوق بوپقېلىشىغا ئاچچىقىم كېلىپ، ئۆزۈمنى ئەيىبلىگەندىم.

— بولدى، ھېچقىسى يوق، — دېدى ئۇ ھېلىقىلارنىڭ ياتىقى تەرەپكە كېتىۋېتىپ خاتىرجەم ھالدا، — ئەمدى سىلىمۇ قايتىپ كېتىڭلا...

مېنىڭ بۇنداق چاغدا ئۇنى تاشلاپ كەتكۈم يوق ئىدى. لېكىن چۈشتىن كېيىن ئىشقا چىقىدىغان ۋاقىت توشۇپ، ئېشىپ كەتكەچكە، ئامالسىز قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدۇم.

كېيىن ئۇقسام، ئۇلار ھەقىقەتەن ياخشى دوستلاردىن بوپقاپتۇ. تېخى داۋۇتنۇم كېيىنكى كۈنلەردە ئۇلارنىڭ تەكلىپى بىلەن ئاۋاتقا بېرىپ مېھمانمۇ بوپكەپتۇ.

— داۋۇتنۇمنى مەنمۇ بىلىمەن، — دېدى مويسىپىت ئادەم ئاپئاق ساقىلىنى سىلاپ قويۇپ، — ئۇ نەدە ناھەقچىلىكنى كۆرسە چىداپ تۇرالمايدىغان ھەققىي نوچى لۈكچەك ئىدى. قوي ساتقىلى كىرگەن دېھقاننى بوزەك قىلغان بىر ئوسال - نەپسانىيەتچى باجگىرنى ئۇرۇپ قويۇپ، كېيىن جېدەل چوڭىيىپ كېتىپ ئۆلۈم پىششىقى چىققاندىن كېيىن ئېتىلىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن قورقۇپ كەتتىمۇ، بۇ بازارنىڭ كوچىلىرىدا لۈكچەك دېگەن نېمە قالمىدى.

— نېمە؟ نېمە دېدىڭ؟! — دەپ دېۋەيلىدى ئۇلارنىڭ ئالدىدا تۇيۇقسىز پەيدا بوپقالغان راۋۇت، — لۈكچەك قالمىدى دېدىڭما؟ مانا مەن لۈكچەك! مېنى... مەندەك نوچى لۈكچەكنى ماۋۇ كۆزۈڭ كۆرمىدىما دەيمەن!...

ئۇ ئالدى-كەينىگە دەلدەڭشىگىنىچە، قولىدىكى داشقالنى مويسىپىت كىشىنىڭ كۆزىگە تەڭلىدى. مويسىپىت بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇپ ئولتۇرغان ئوتتۇرا ياشلىق ئەر ئاچچىقىنى باسالماي ئورنىدىن تۇرۇۋېدى، بېلىق پىشۇرۇپ سېتىۋاتقان ئادەم ئۇنىڭ مۈرىسىدىن يېنىك بېسىپ قويۇپ راۋۇتقا دېدى:

— راست دەيسەن راۋۇتاخۇن، سەن دېگەن بۇ بازارنىڭ ئەڭ نوچى لۈكچىكى. ساڭا ھېچكىم ئالىيىپ قارىيالمايدۇ. ھەممە ئادەم سەندىن قورقىدۇ. ئاۋۇ ياققا قارىغىنا، ئاۋازىڭنى ئاڭلاپ قورققىنىدىن ئاۋۇ ئادەملەر قېچىپ كېتىۋاتىدۇ ئەينا...

راۋۇت بېلىق پىشۇرۇپ ساتقۇچى كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىدى. راست دېگەندەك راۋۇتتىن قورقۇپ قاچتىمۇ، ياكى بىر-بىرىنى قوغلىشىپ يۈگۈرۈشتىمۇ، ئىشقىلىپ بىر نەچچە قىز بالا چوڭ يول تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتاتتى.

— توختا! ھۇ ئالۋاستى شەقىقىلەر! ھېلى بىكا چېچىڭنى يۇلۇپ قولۇڭغا ئېلىپ بېرىمەن! توختا دەيمەن! ھۇ رەسۋالار!...

راۋۇت شۇنداق دەپ توۋلىغىنىچە، قىزلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كەتتى.

— ئۇ ئۆزى بۇرۇن كۆرگەن لۈكچەكلەرنىڭ سايىسىغا ئايلىنىپ قالدى، — دېدى بېلىق پىشۇرۇپ ساتقۇچى، — ھەپتىدە بىر كۈن مانا مۇشۇنداق ئىچىۋېلىپ بازارنى بېشىغا كىيىدۇ. ئەمما-زە، شەپەرەڭ پەرۋانە بولالماس، دورامچۇق مەردانە بولالماس دېگەندەك، ھەرقانچە دوراپ باقسىمۇ نوچىلىقنى ئوخشىتالمىدى.

— ئابايام دېگەنلىرى راستكەن، — دېدى ئوتتۇرا ياشلىق ئەر مويسىپىت كىشىگە قاراپ قويۇپ، — بۈگۈنكى كۈندە ھەقىقەتەن تولا نەرسىنىڭ جىسمى يىگىلەپ، قۇرۇق ئىسمىلا قاپتۇ. ھەتتا لۈكچەكلەرنىڭمۇ ئاشۇ لۈكچەك دېگەن قۇرۇق نامىدىن باشقا، ھەقىقىي لۈكچەككە خاس بولغان ھېچنېمىسى قالماپتۇ...

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ، ياندۇرقى جۈمە كۈنى كىشىلەر يەنە شۇ جامەنىڭ ئالدىدا راۋۇتنى كۆرۈشتى. ئەمما بۇ قېتىم كىشىلەرنىڭ كۆرگىنى تۈمىقىنى قىستۇرۇپ كىيىپ، قولىغا ئىككى داشقالنى ئېلىۋېلىپ، قاچقانلارنى قوغلاپ، قاچمىغانلاردىن ئەگىپ ئۆتۈپ، ئالدى-كەينىگە دەسسەپ دەلدەڭشىگىنىچە، ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى ئادەمگە ھەيۋە قىلىپ يۈرگەن راۋۇت بولماستىن، بەلكى زەمبىلگە سېلىپ ئاچىقىپ ياتقۇزۇپ قويۇلغان راۋۇت ئىدى. كىرلىشىپ قارىغۇسىز بوپكەتكەن بىر كونا يوتقان ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ قويۇلغان بولۇپ، بېشى قات-قات داكا بىلەن تېڭىۋېتىلگەنىدى. يېرىم ئوچۇق ھالەتتە خارقىراپ خورەك تارتىۋاتقان ئاغزى ۋە چىڭ يۇمۇلغان كۆزلىرىدىن، ئۇنىڭ شۇ تاپتا ئۇخلاۋاتقان ياكى ھوشسىز ھالەتتە ياتقانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى. ئۇنىڭ يېنىغا يەرگىلا يېيىلىپ، ئۈستىگە ياڭاقتەك تاشلار باستۇرۇپ قويۇلغان يېرىم تاختا قەغەزگە بولسا تۆۋەندىكىلەر چوڭ قىلىپ يېزىپ قويۇلغانىدى: «ئاتىمىز راۋۇت ئابلا، كېچىدە دىققەتسىزلىكتىن كۆۋرۈكتىن يىقىلىپ كېتىپ، مېڭىسىگە قان چۈشۈپ كەتكەن. دوختۇرلار يۇقىرىغا جىددىي يۆتكەشنى بۇيرىغان بولسىمۇ، ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق يولىمىزنى توسۇپ قويدى. رەھمدىل قېرىنداشلارنىڭ ياردەم قولىنى سۇنۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.»

---

ئاپتور: ئەدىب، مەكىت ناھىيىلىك كۆتۈپخانىنىڭ پېنسىيونېرى(M1)



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئېغىز بالاسى

(مىكرو ھېكايە)

**گۈيەمنىسا بەختى**

«بېشىڭ نەدىن كېتۇر، تىلىڭدىن.»

— ئۇيغۇر خەلق ماقالى (مەسئۇل مۇھەررىردىن قىستۇرما)

يەكشەنبە كۈنى.

دېھقان بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئاۋۋال بوز ئېشەككە سامان سېلىپ بەردى. ئاندىن چېيىنى ئىچىپ بولۇپ، ئېشىكىنى ھارۋىغا قېتىپ بازارغا يول ئالدى. «ئاللاغا ئامانەت» دېدى ئايالى ئۇنى ئۇزىتىۋېتىپ. شۇنداق دەپ بولۇپ تۇرۇپلا كۆڭلى سەل ئۆيگەندەك بولدى ئايالىنىڭ. دېھقان بۈگۈن ئىككى ئايدىن بېرى گۆش يەپ باقمىغان تۆت بالىسىنىڭ تەلپى بويىچە بازاردىن يېرىم جىڭ گۆش ئېلىپ ئايالىغا چۆچۈرە ئەتكۈزمەكچى ئىدى.

دېھقان بازاردىن گۆش سېتىۋېلىپلا ھايال بولماي ئۆيگە قاراپ يول ئالدى. قوشنا يېزىدىكى بىر دېھقانمۇ بازاردىن يانغان بولۇپ ، ئۇنىڭ كەينىدىن ئېشەك ھارۋىسىنى ھەيدەپ كېلىۋاتاتتى.

— بۈگۈن بازاردا شۇنچە جىق سودىلىق قىلسامۇ، يەنە ئىككى مىڭ كوي ئېشىپ قاپتۇ، — دېدى ئۇ كەينىدىكى دېھقانغا قاراپ.

— شۇنداقمۇ؟ بۈگۈن باللارنى بىر خۇش قىلىۋېتەي دەپسىلىدە؟ — دەپ سورىدى ئۇ دېھقان.

— شۇنداق، — دېدى ئۇ خۇشھال ھالدا.

ئۇلارنىڭ پاراڭنى يول چېتىدە تاماكا چېكىپ ئولتۇرغان بىر ئوغرى ئاڭلاپ قالدى-دە،دېھقاننىڭ پېيىگە چۈشتى. ئىككى دېھقان پاراڭلاشقاچ مېڭىپ بىر ئاچا يولغا كەلگەندە ئايرىلىشتى.

ئوغرى ھېلىقى «2000كوي پۇلى ئېشىپ قالغان»دېھقاننىڭ كەينىدىن ئىز بېسىپ ماڭدى. يولنىڭ ئىككى تەرىپى قويۇق جىگدىلىك بولۇپ، ئەتراپتا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن ئوغرى پىچىقىنى ئالدىدە، دېھقاننى ئۆلتۈرۈپ، يېنىنى ئاختۇردى. ئاختۇردىيۇ، داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى:

ئوغرىنىڭ قولىدا مايلىشىپ، پۇرلىشىپ كەتكەن ئىككى موچەن تۇراتتى...

---

* ماۋزۇ مەسئۇل مۇھەررىر تەرىپىدىن قويۇلدى.

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى خەنزۇ تىلى فاكۇلتېتى 2007-يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## مەردلىك ۋە نامەردلىك

بېلىق سۇنىڭ چوڭقۇرنى ئىزدەر ،
مەرد ئىشنىڭ ئېغىرىنى.

دوست كۈلپەتتە سىنىلار،
مەرد كۆرەشتە.

* * *

زېرەكنىڭ ئەقلى تاشنى يارار،
نامەردنىڭ مۇشتى باشنى.

* * *

بېشىڭنى ئالسا، مەرد ئالسۇن.

«ئاقىلغا ئىشارەت، نادانغا جوۋالدۇرۇز»

مەرد ئېيتماس،
ئېيتسا قايتماس.

* * *

مەرد بېرىپ شادلىنار،
نامەرد ئېلىپ.

* * *

مەرد بىر قېتىم ئۆلىدۇ،
قورقۇنچاق يۈز قېتىم.

* * *

مەرد ئىش ئۈستىدە بىلىنەر،
نامەرد ئاش ئۈستىدە.

مەرد كۈرەشتە، دوست تەشۋىشتە، دانا غەزەپتە سىنىلار.

* * *

مەرد تۈزەر، نامەرد بۇزار.

* * *

مەرد ئۆزىدىن كۆرەر،
نامەرد ئۆزگىدىن.

* * *

مەردلىك يىقىتماق ئەمەس، تۇرغۇزماق.

* * *

نامەردكە ھاجىتى چۈشمەي،
مەردنىڭ قەدرىنى بىلمەس.

# تەپەككۇر تەلقىنلىرى

دۇنيانىڭ قىيىنچىلىقلىرى تۆت تۈر: غۇرۇبەتتە كېسەللىك، قېرىغاندىكى يالغۇزلۇق، نامراتچىلىقتىكى قەرزدارلىق، سەپەردە ئۇزاق يول.

— ئىبىن مۇقەففا

* * *

كۈچكە تايانمىغان ئادالەت ئاجىز، ئادالەتكە تايانمىغان كۈچ بولسا زالىملىقتۇر.

— پاسكال

* * *

ئاسماندىن ئېغىرراقى — پاك كىشىگە بوھتان قىلماق.
ئالەمدىن كەڭرەكى — ھەقىقەت.
دېڭىزدىن بايراقى — قانائەتلىك كىشىنىڭ قەلبى.
تاشتىن قاتتىقراقى — مۇناپىقنىڭ قەلبى.
ئوتتىن يامانراقى — زالىم پادىشاھ.
مۇزدىن سوغۇقراقى — پەسكەشكە موھتاج بولماق.
زەھەردىن ئاچچىقراقى — سەۋردۇر.

— ئەبۇ تالىب

* * *

سۆزلىگەن ۋاقتىمدا ئاغزىمدىن يامان سۆزلەرمۇ چىقىپ كېتىشى مۇمكىن. دۈشمىنىم بولسا ئاغزىمدىن چىققان يامان سۆزلەرنىلا تۇتۇۋالىدۇ. چۈنكى، دۈشمەننىڭ نەزىرى ياماندىن بۆلەككە چۈشمەيدۇ.

— سەئدىي شىرازىي

* * *

بىلىملىككە ئەگىشىڭ، بىلىمسىزنى ئاگاھلاندۇرۇڭ، بىلىمسىزلىكنى تونۇغانغا ئۆگىتىڭ، بىلىمسىزلىكنى ئېتىراپ قىلمىغاندىن قېچىڭ.

— كونفۇتسىي

* * *

ھەقىقەتتىن قورقمايدىغان ئادەم يالغان سۆزلەشتىنمۇ قورقمايدۇ.

— جېففېرسون

* * *

بىرەر نەرسىنى قاتتىق ئارزۇ قىلىشتىن بۇرۇن، شۇ نەرسىگە ئېرىشىپ بولغان ئادەم بەختلىكمۇ-يوق؟ سۈرۈشتۈرۈپ كۆرۈش كېرەك.

—لاروشفوكو

* * *

كىمكى ئۆزىنىڭ ئەيىبىنى بىلسە، بىراۋنىڭ ئەيىبىنى ئاچماس.

— مەنسۇر ئىبىن ئەممار

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: گۇما ناھىيە يازغۇچىلار جەمئىيىتىدىن مۇھەممەت كامال خوشخوي

# پىيالىنىڭ ھەسرىتى

## ئابدۇقەييۇم ئوبۇلقاسىم

ساھىبخانا نىزا-ئاداۋەتلىشىپ قالغان ئىككى كىشىنى داستىخانغا تەكلىپ قىلىپ، يارىشىش چىيى قۇيۇپ، نەسىھەت بىلەن قايىل قىلىپ ياراشتۇرۇپ قويماقچى بولدى. داستىخاندىكى پىيالە ھەسرەت چېكىپ: «ھەي ي، ئادەملەرنى بەك ئەقىللىق دېيىشەتتى، ئۇلارمۇ چاغلىق ئىكەن. بۇ ئىككى (نادان)چەينەكنىڭ ئېگىز بولسىمۇ مەغرۇرلۇقنى تاشلاپ ماڭا سالام قىلىشى، ئىككىمىز ئىناقلىقى داۋام ئېتىشنىڭ سىرى ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسا، مۇشۇ يېتەرلىك دەرس ۋە نەسىھەت بولالايتتى ئەمەسمۇ؟!» دەپتۇ.

ئاپتور: خوتەن ناھىيە خانئېرىق يېزا باشلانغۇچ مەكتەپتە مۇئەللىم

www.uyghurkitap.com

# «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن ھېكمەتلەر

▲ ياش چېغىدا قوپاللىق قىلغان قېرىغاندا خار بولۇر.

▲ ئېپار ئالغان قاچىدا پۇرىقى قالۇر.

▲ بىلىمسىز كىشى بىلىملىككە قۇل بولۇر.

▲ تۆگە بەرگەن خۇدايىم، توقۇمنى قوشۇپ بەرمەس.

▲ يۇرتتا ئۇرۇش بولسا ھېچ ئۆيدە توي بولماس.

▲ قۇرت يۇمشاق بولغان بىلەن قاتتىق ياغاچنى تېشەر.

▲ بالا كېلۇر يوقسۇزغا، كېيىك ئۇچرار ئوقسىزغا .

▲ يەر قوزۇقى تاغدۇر، يۇرت قوزۇقى بەگدۇر.

▲ بەگ ئۇرۇشسا يۇرتقا، ئەر ئۇرۇشسا ئۆيگە ئايەت.

▲ باشقىلارنىڭ نادانلىقىدىن كۈلمە، بەلكى ئىبرەت ئېلىپ ئازغۇنلۇقتىن ساقلان.

▲ ئوغۇل بولساڭ ئاتاڭنىڭ سۆزىدىن چىقما.
قىز بولساڭ ئاناڭنىڭ سۆزىدىن.

▲ پىچاق گال بولسا قوي قىينىلار، ئادەم نادان بولسا جان.

▲ بۈگۈن ئاتاڭغا قىلغىنىڭنى ئەتە ئوغلۇڭدىن كۆرىسەن.

▲ ھەق يولدىن قايتما، بەگدىن قورقما.

---

« تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن ئۆزلەشتۈرۈپ تويلىغۇچى: لوپ ناھىيە مەدەنىيەت يۇرتىدىن مەتتۇرسۇن مۇھەممەت

# لۇشۈن ئەسەرلىرى1 ـ قىسىم ــ «قەبرە»دىن تاللانغان ھېكمەتلەر

▲ دانىشمەنلەرنى بېسىپ، نادانلارغا يول قويغاندىن كۆرە، كۆپچىلىكتىن ۋاز كېچىپ، ئۇمىدنى دانىشمەنلەرگە باغلىغان ياخشى ئەمەسمۇ؟

ــ «مەدەنىيەتتىكى بىر تەرەپلىمىلىك توغرىسىدا» ، 75 ـ بەت(1907 ـ يىل)

▲ تالانت ئىگىلىرىگە زىيانكەشلىك قىلىش كىشىلەرنىڭ كۆنۈپ قالغان ئادىتى بولسا كېرەك.

ــ «شاياتۇنلارنىڭ شېئىرىي قۇۋۋىتى توغرىسىدا» . 118 ـ بەت(1907 ـ يىل)

▲ غۇرۇرى ئەڭ كۈچلۈك ئادەملەر زەردىسى قايناپ ئۆزىنى باسالمايدىغان بولىدۇ، بىدئەتلەرگە نەپرەتلىنىدۇ، رەقىبلىرى بىلەن ئېلىشمەن، دەپ چۇقان كۆتۈرىدۇ. ئادەم بالىسى غۇرۇرلۇق بولغانىكەن، ھېچ كىشىگە يول قويغۇسى كەلمەيدۇ. مۇرەسسەلەشمەيدۇ، مەقسىتىگە يەتمىگىچە توختىمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاخىر پۈتكۈل جەمئىيەت بىلەن توقۇنۇش ھاسىل قىلىدۇ، بارا ـ بارا ئىنسانلاردىن نەپرەتلىنىدۇ.

ــ «شاياتۇنلارنىڭ شېئىرىي قۇۋۋىتى توغرىسىدا» ، 124 ـ بەت (1907 ـ يىل)

▲ ھايات چۈشىنىپ بولمايدىغان، جەمئىيەت ئىشىنىپ بولمايدىغان بىر نەرسە بولۇپ تۇرغاندا، ساختىلىقى يوق تەبىئەت چەكسىز يېقىملىق بولۇپ تۇيۇلىدۇ.

ــ «شاياتۇنلارنىڭ شېئىرىي قۇۋۋىتى توغرىسىدا» . 138 ـ بەت(1907 ـ يىل)

▲ پۇلدارلار، مۇشتۇمزورلار، سىلەر تالانت ئىگىلىرى بىلەن ئەركىنلىكنىڭ جالLATلىرى! سىلەر بۈگۈن قانۇنغا تايىنىپ ئۆزۈڭلارنى قوغداۋاتىسىلەر،سوتچىمۇ سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا ئامالسىز. ئەمما ئاسماندا تېخى خۇدا بار، سىلەر خۇدانى پۇلغا سېتىۋالالمايسىلەر... ئۆزۈڭلارنىڭ ئېپلاس قىنىڭلار بىلەن شائىرنىڭ قان داغلىرىنى يۇيۇۋېتەلمەيسىلەر.

ــ «شاياتۇنلارنىڭ شېئىرىي قۇۋۋىتى توغرىسىدا» ، 148 ـ بەت(1907 ـ يىل)

▲ ھەممە ئادەم ئەتىدىن كەچكىچە قورساقنىڭ غېمىدە يۈرۈپ، روھىي جەھەتتە باشقىلاردىن كېيىن قالدى؛ يېڭى ئىدىيە ئېقىمىنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغان ھامان بەرداشلىق بېرەلمەيدى؛ كۆپچىلىكنىڭ «يېڭىلاش ئېلىپ بارايلى»دېگىنى، روشەنكى، تارىختا ئۆتكۈزگەن جىنايەتلىرىگە قىلغان ئىقرارى؛ بۇنى ئۇلارنىڭ قىلغان تۆۋىسى دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

ــ «شاياتۇنلارنىڭ شېئىرىي قۇۋۋىتى توغرىسىدا» ، 169 ـ بەت(1907 ـ يىل)

▲ ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئەيىبلىرى ئەۋلادلىرىنىڭ ھالاكىتىگە سەۋەب بولىدىغان، ھاياتىغا خەۋپ كەلتۈرىدىغان يوشۇرۇن ئامىل بوپقالىدۇ.

ــ «بىز ھازىر قانداق ئاتا بولۇۋاتىمىز» ، 199 ـ بەت (1919 ـ يىل)

▲ دۇنيادا چوڭ ئىشلاردىنمۇ قىيىن كىچىك ئىشلار بولىدۇ.

ــ «نورا ئۆيىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن قانداق بولدى» ، 127 ـ بەت (1923 ـ يىل)

▲ راست گەپنى چاقچاققا ئايلاندۇرۇۋالغانلارغا، چاقچاقنى راست گەپكە ئايلاندۇرۇۋالغانلارغا ، چاقچاقنى چاقچاققا ئايلاندۇرۇۋالغانلارغا جاۋاب بېرىشنىڭ بىرلا ئۇسۇلى بار، يەنى، گەپ قىلماسلىق كېرەك.

ــ «بۇرۇنقى ھەققىدە» ، 237 ـ بەت(1924 ـ يىل)

▲ ئومۇمەن سۆز ـ ھەرىكىتىدە ، پىكىر ـ خىيالىدا بىرەر باھانە بىلەن (ھەممىنى) ئۆزۈمنىڭ قىلىۋالىمەن دەيدىغان نىيەتنىڭ ئالامىتى بار ئادەملەر ــ قاراقچىلاردۇر؛ بىرەر باھانە بىلەن كۆپ ئالدىدىكى ئازغىنە مەنپەئەتكە بېرىلىش نىيىتىنىڭ ئالامىتى بار ئادەملەر ــ قۇللاردۇر؛ مەيلى ئۇلارنىڭ ئالدىدا قانداق روشەن ۋە چىرايلىق بايراق تۇرۇشىدىن قەتئىينەزەر.

ــ «يەنە لېيفېڭ مۇنارىنىڭ يىقىلىشى توغرىسىدا» ، 259 ـ بەت (1925 ـ يىل)

▲ باشقىلارغا خورلىنىدىغانمۇ ئۆزىمىز، باشقىلارنى خورلايدىغانمۇ ئۆزىمىز؛ باشقىلارغا يەم بولىدىغانمۇ ئۆزىمىز، باشقىلارنى يەم قىلىدىغانمۇ ئۆزىمىز. دەرىجىمۇ دەرىجە نوقتىلىنىپ، قىمىر قىلالماس ۋە قىمىر قىلغۇمىز كەلمەس بوپكەتكەنمىز.

ــ «چىراغ تۈۋىدىكى ئەسلىمىلىرىم» ، 284 ـ بەت(1925 ـ يىل)

▲ ئۆز خەلقىگە زالىملىق قىلىش، چەت ئەللىكلەرگە قول

باغلاپ تۇرۇش — بۇ، ئەزەلدىن قالغان ئۆدۈم ئەمەسمۇ؟

— «چىراغ تۈۋىدىكى ئەسلىمىلىرىم»، 285-بەت(1925-يىل)

▲ قەدىمدىن تارتىپ ئۆدۈم بولۇپ كېلىۋاتقان، ھازىرمۇ مەۋجۇد بولۇپ تۇرغان پەرقلەر كىشىلەرنى بىر-بىرىدىن ئايرىپ، بىر-بىرىنىڭ دەردىگە يەتمەيدىغان قىلىپ قويماقتا: ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر بىر ئادەم باشقىلارنى قول قىلىپ ئىشلىتىش، باشقىلارنىڭ گۆشىنى يەۋېتىش ئارزۇسىدا بولغاچقا، ئۆزىنىڭمۇ كېيىنكى كۈنلەردە قول بولۇپ قالىدىغانلىقىنى، يېيىلىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغان.

— «چىراغ تۈۋىدىكى ئەسلىمىلىرىم»، 287-بەت(1925-يىل)

▲ ئۆزۈڭگە تەڭ كېلەلمەيدىغانلارنى دوست تۇتما.

— «پارچە ئەسلىمىلەر»، 295-بەت(1925-يىل)

▲ پەسكەش كىشىلەردە يالقۇنجاپ تۇرغان غەزەپ ئوتى بولغان تەقدىردىمۇ ئۇ ئوت يىگىلەپ قالغان گىياھلارنى كۆيدۈرەلىگەندىن باشقا نېمىنىمۇ كۆيدۈرەلىسۇن؟

— «پارچە ئەسلىمىلەر»، 296-بەت(1925-يىل)

▲ خەلقتە تېخى ئەقىل-ئىدراك، غەيرەت بولمىغاندا، پەقەت «ھېسسىيات» بىلەنلا ئىش كۆرۈش ھەقىقەتەن ئىنتايىن خەتەرلىك.

— «پارچە ئەسلىمىلەر»، 297-بەت(1925-يىل)

▲ بىرەر نۇقسانلىق ئەسەر ئاپتورنىڭ پەردازلىشى بىلەن كۆپ چاغدا باشقىچە تۈس ئالىدۇ-دە، ئوقۇرمەنلەرنى ئازدۇرۇپ زۇلمەتكە باشلايدۇ. جاھان ئەسلىدە ناھايىتى يورۇق، كىمكى يورۇق جاھاندا بەختسىزلىككە ئۇچرىسا ئۇ ئۆزىنىڭ شورى، دېگەن چۈشەنچىگە كەلتۈرۈپ قويىدۇ.

— «كۆزنى ئېچىپ قاراش قاراش توغرىسىدا»، 310بەت(1925-يىل)

---

توختى باقى ئارتىشى خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2006-يىل مارتتا نەشر قىلغان «لۇشۈن ئەسەرلىرى»1-قىسمىدىن تەۋسىيە قىلغۇچى: قاراقاش ناھىيە سۇ ئىدارىسى ئاقسارايى يېزا سۇ باشقۇرۇش پونكىتىدىن تۇرسۇن قۇربان

# خەلق شائىرى روزى سايىت ھېكمەتلىرىدىن...

مەرھۇم روزى سايىت (1942-2001) تالانتلىق شائىر بولۇپلا قالماي، ھازىر جاۋاب چاقچاقچى، يۇمۇرلۇق خۇسۇسىيەتكە ئىگە ناتىق، ئاغزىدىن ھەردائىم شېئىرىي ھېكمەت تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان جەلىپكار زات ئىدى. مەرھۇم بىلەن كۆيلىگەن ئىجتىمائىي پائالىيەت-سورۇنىدا بىللە بولۇش جەريانىدا ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئۇرغۇلىغان ھېكمەتلىك شېئىرىي چاقچاق ۋە ئەقىل دۇردانىسىنى ئاڭلىغانىدىم. تۆۋەندە ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھۇزۇرىغا سۇنغىنىم ئۇنىڭ ئاز بىر قىسمى.

ھارۋا ماڭغان يول تار بولماس،
ئوقۇغان ئادەم خار بولماس.

* * *

ئوقۇغان ئوقۇپ يەيدۇ،
ئوقۇمىغان چوقۇپ.

* * *

نامراتنىڭ ئەرزى تولا،
ھۇرۇننىڭ قەرزى.

* * *

ئالدىراشتىن گەپ سورىغىنىڭ — سودىگەردىن نەپ سورىغىنىڭ.

* * *

ئوغرىدىن قورققان ساقچى — چاشقاندىن قورققان مۈشۈككە ئوخشايدۇ.

* * *

مۈشۈكنى توق باقسا،
چاشقان بىلەن دوست بولۇر.
كۆزەتچىنى ئاچ قويسا،
ئوغرى بىلەن دوست بولۇر.

باشلىقتا چاقچاق ياراشماس،
ئالىمغا غەزەپ.

* * *

خوراز كۆپ چىللاپ دانسىز قالىدۇ.

* * *

ئېغىز قىسمەتكە يېقىن،
قەلەم كۆلپەتكە.

* * *

كۆڭلى تۈز سۆزلۈك كېلۇر،
كەم سۆزلۈك — سۇرلۈك.

* * *

مۆرىمەس بىلەن سەپەرداش بولما،
ھاراقكەش بىلەن دوست-ئاداش.

* * *

بىۋاقىت قىلىنغان ياخشى سۆز — بۇرۇن تۇغۇلۇپ قالغان بوۋاققا ئوخشايدۇ.

* * *

نادانلارنىڭ ئەسكىلىكىنى كەچۈرۈشكە بولسىمۇ،
دانالارنىڭ ئەسكىلىكىنى كەچۈرۈشكە بولمايدۇ.

* * *

نادانلار نەسلىدىن، دانالار نەتىجىسىدىن پەخىرلىنىدۇ،

* * *

ياخشى دوست ئامەتتۇر،
ئوسال دوست ئاپەت.

* * *

ئەستايىدىل قىلىنغان ھەرقانداق ئىشقا ھېكمەت يوشۇرۇنغان بولىدۇ.

جىلغ گىلەمنىڭ ئۆمرى خۇددى سەددىچىن سېپىلىگە ئوخشاش ئۇزۇن بولىدۇر. چۈنكى گىلەم ۋە سېپىل ئەستايىدىللىقنىڭ مەھسۇلى.

* * *

چېنىقىش دېمەك، ئادەم بولۇش دېمەكتۇر.

* * *

قىسمەت شارابىدىن تېتىپ كۆرمىگەنلەر ــ ھاياتلىقنىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى تونۇپ يېتەلمەيدۇ.

* * *

ئاچچىقلىنىشقا يۈرەك كېتىدۇ.

* * *

تىللاش ــ نادانلىقتىن، ماختاش ــ ھىيلىگەرلىكتىن، ئېتىراپ قىلىش ــ قابىللىقتىن بولىدۇ.

---

تويلىغۇچى: مەتتۇرسۇن مۇھەممەت

# چاشقان بىلەن پاقىنىڭ دوستلۇقى

*ياخشى بىلەن يۈرسەڭ يېتەرسەن مۇرادقا،*
*يامان بىلەن يۈرسەڭ قالىسەن ئۇياتقا.*

*ــ ئۇيغۇر خەلق ماقالى (مەسئۇل مۇھەررىردىن)*

بىر چاشقان بۇلاق بويىدىكى دەرەخ تۈۋىدە ماكان تۇتقانىكەن. ئۇ بۇلاقتا بىر پاقا كۈن كەچۈرىدىكەن ۋە بەزىدە ساپ ھاۋادىن نەپەس ئېلىش ئۈچۈن سۇ بويىغا چىقىدىكەن. بىر كۈنى پاقا سۇدىن سۇزۇلۇپ دەريا بويىغا چىقسا، ئۇۋىسىدىن چىقىپ تۇرغان چاشقان سالام بېرىپتۇ. پاقا چاشقاننىڭ سالامىنى ئىلىك ئاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككى ئوتتۇرىدا دوستلۇق ئورنىتىلىپتۇ. چاشقاننىڭ دوستى بىلەن سۆھبەتلىشىپ تۇرغۇسى كېلىدىكەن، بىراق، پاقا ئۇزۇن ئۆتمەي سۇغا شۇڭغۇپ كىرىپ كېتىدىكەن.

ــ سەن بىلەن كۆپرەك سۆھبەتلىشىشنى خالايمەن، ئەمما سەن بولساڭ ئىككى كەلىمە سۆزلەشمەستىنلا سۇغا كىرىپ كېتىسەن، ــ دەپتۇ چاشقان خۇرسىنغان ھالدا، ــ سەن بىلەن خالىغان چاغدا سۆھبەت قۇراي دەپ بۇلاق بېشىغا بارسام، سەن سۇنىڭ تېگىدە بولغاچقا ئاۋازىمنى ئاڭلىتالمايمەن.

ــ مەنمۇ شۇ، ــ دەپتۇ پاقا، ــ مەنمۇ سېنى سېغىنغاندا تۆشۈكۈڭنىڭ ئالدىغا بارسام ساڭا خەۋەر بېرەلمەيمەن. ساڭا بۇ سۆزنى ئېيتىشنى ئويلاپ يۈرەتتىم. سەنمۇ خۇددى كارامەت ئىزھار قىلغاندەكلا كۆڭلۈمدىكىنى تاپتىڭ. ھەرقانداق مۇشكۇل ئىشنىڭ چارىسى سېنىڭ زېھنىڭغا ناھايىتى روشەن. بۇنىڭ تەدبىرىنىمۇ ئۆزۈڭ ئېيتقىنا، بىر ـ بىرىمىزنى خالىغان ۋاقتىمىزدا قانداق تېپىشساق بولار؟

ــ كۆڭلۈمگە شۇنداق بىر چارە كېلىۋاتىدۇ. ئارىمىزدا بىر مۇھەببەت يىپى پەيدا قىلايلىكى، ئۇنىڭ شۇنداق تارتىلىشى بىلەن بىر ـ بىرىمىزنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرىدىغان بولايلى، ــ دەپتۇ چاشقان.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئەنە شۇ مەسلىھەتكە كېلىشىپتۇ.

چاشقان ئۇزۇن يىپ تېپىپ كېلىپ، بىر ئۇچىنى ئۆز پۇتىغا، يەنە بىر ئۇچىنى بولسا پاقىنىڭ پۇتىغا مەھكەم باغلاپتۇ. قاچانىكى چاشقاننىڭ پاقا بىلەن مۇلاقات بولغۇسى كەلسە، سۇ لېۋىگە بارىدىكەن ۋە يىپنى تارتىدىكەن. پاقا بۇ ھەرىكەتتىن ئاگاھ بولۇپ چاشقاننىڭ قېشىغا چىقىدىكەن. گاھى پاقىنىڭ چاشقاننى كۆرگۈسى كەلسە، تۆشۈك ئاغزىغا كېلىپ، يىپنى سىلكىيدىكەن. چاشقان دوستىنىڭ كەلگەنلىكىدىن ۋاقىپ بولۇپ، ئۇنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈيدىكەن. ئۇلار شۇ تەرىقىدە خېلى زامان ئۇلپەتلىشىپ يۈرۈپتۇ.

بىر كۈنى چاشقان پاقا بىلەن كۆرۈشمەكچى بولۇپ بۇلاق لېۋىگە كەپتۇ. ئۇ، يىپنى تارتىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەپتۇ، تۇيۇقسىز ھاۋادا بىر قاغا پەيدا بولۇپ ، چاشقانى ئېلىپلا كۆتۈرۈپ ئۇچۇپتۇ. يىپنىڭ بىر ئۇچى پاقىنىڭ پۇتىغا مەھكەم باغلانغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇمۇ سۇدىن تارتىلىپ چىقىپتۇ ۋە چاشقان بىلەن بىللە ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپتۇ. خالايىق ئاسمانغا قاراپ بىر قاغا بىر چاشقاننى ئېلىپ ئۇچقانلىقى ۋە بىر پاقىنىمۇ باغلاغلىق ھالدا چاشقاننىڭ ئاستىدا ساڭگىلاپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئەجەبلىنىپتۇ: «ۋاھ، ئەجەبا، بۇ قاغا پاقىنىمۇ شىكار قىپتىغۇ؟ قاغىنىڭ پاقا يېگەنلىكىنى ھەرگىز كۆرمىگەنىكەنمىز» دېيىشىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پاقا: «مەن قاغىنىڭ شىكارى ئەمەسمەن، لېكىن چاشقانغا دوست بولغانلىقىنىڭ شۇملۇقىدىن بۇ بالاغا مۇپتىلا بولدۇم. ھەر كىشى ماڭا ئوخشاش ئۆزىگە ناجىنس بىلەن ھەمسۆھبەت بولسا، ئۇنىڭغا ماڭا كەلگەندەك مىڭ ئۇقۇبەت ئازلىق قىلىدۇ» دەپ پەرياد چېكىپتۇ.

---

* ماۋزۇ مەسئۇل مۇھەررىر تەرىپىدىن قويۇلدى.

«كەلىلە ۋە دىمنە»دىن تەۋسىيە قىلغۇچى: مۇھەممەت كامال خۇشخوي(M1)

بۇ سان 2009 ـ يىل 10 ـ فېۋرالدا تىزىشقا يوللاندى، 30 ـ مارتتا نەشردىن چىقتى.

تەھرىرلىگۈچى: قۇربان مامۇت (M1)، رىسالەت مۇھەممەت (M2)، نۇر ـ مۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن(M3). بېكىتكۈچى: قۇربان مامۇت (ئالىي مۇھەررىر)

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىسى



بالىلارنىڭ سۆيۈملۈك شائىرى ئابلىكىم ھەسەن ئەپەندى

— تۇرسۇنمۇھەممەت ئوسمان فوتوسى

www.uyghurkitap.com



قىزچاق (ماي بوياق)  رەسسام: ئابدۇشۇكۇر كېرەم كۆك


«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2009-يىل 2-سان (ئومۇمىي 296- سان )

(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى

چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر سەنئەت تەتقىقات ئورنى

تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1008-6498

مەملىكەتلىك نومۇرى: CN65-1073/I

چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو كىتاب

ئىمپورت- ئېكسپورت (گۇرۇھى)

باش شىركىتى ئېكسپورت بۆلۈمى

چەت ئەللەرگە قارىتا ۋاكالەت نومۇرى: 6498BM

مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە تارقىتىلىدۇ

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 193-نومۇرلۇق قورۇ

پوچتا نومۇرى: 830001 تېلېفون نومۇرى: (0991)2856942

باسقۇچى: «شىنجاڭ گېزىتى» باسما مەركىزى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ

مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 22 — 58 باھاسى: 6 يۈەن

《新疆文化》（维吾尔文）

综合性文学双月刊

主管单位：新疆维吾尔自治区文化厅

主办单位：新疆维吾尔自治区艺术研究所

编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部

国际标准刊号：ISSN1008－6498

国内统一刊号：CN65－1073/I

海外发行：中国图书进出口（集团）总公司出口部

代理者地址：中国北京朝阳区工体东路 16 号

P.O.BOX 88, 16 Gongti East Road, Bejing 100020, China

海外发行代号：6498BM

发行范围：国内外发行

地　　址：乌鲁木齐市胜利路 193 号

邮　　编：830001 电话：（0991）2856942

印　　刷：《新疆日报》印务中心

发　　行：乌鲁木齐市邮局

订　　阅：全国各地邮局

邮发代号：58＿22 定价：6元